# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

19

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

( 19 )

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


شىنجاڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىكى كۈنلەر.........
شياۋ شيەنچىڭ ...................................... 1
ئە.ئەلى تەرجىمىسى
1930 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە يەتتەقۇدۇقتا بولغان ئۇرۇش
ئاپىتى ................................ شىن خۇڭدې 17
ئە.ئەلى تەرجىمىسى
1932 ـ يىلىدىكى تۇرپان ئۆزگىرىشى ......سەي جېڭسېڭ
يېزىپ قالدۇرغان، سەي خېڭسېڭ رەتلىگەن 30
ئە.ئەلى تەرجىمىسى
ئاچچىقسۇ ۋەقەسى ............................ ليۇ يىڭلىن 51
ئە. ئەلى تەرجىمىسى
1933 ـ، 1934 ـ يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنى قوغداش
ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى ................ جىن گوجېن 57
ئە.ئەلى تەرجىمىسى
شىنجاڭ موڭغۇل، قازاق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا دائىر
قىسقىچە ئەسلىمە ................ سەي خېڭسېڭ 75
ئىمىن غازى تەرجىمىسى
شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقى-
رىش ئەھۋالى توغرىسىدا ........ سەي خېڭسېڭ 90
تۇرسۇن نىياز تەرجىمىسى

قۇتتۇ ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى پائالىيەتلەردىن پارچىلار ...... ليۇ خۇڭيىڭ 101
تۇرسۇن نىياز تەرجىمىسى
«دۆلەت ئاتىسى ناملىق سودا ـ سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى»
نىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى
ئەھۋالى ............ لۇ گۈيسېڭ 106
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى
1944 ـ يىلى دۇنخۇاڭدىن چارقىلىققىچە بولغان يېپەك
يولى سەپىرىم ............ لۇ گۈيسېڭ 156
ئىمىن غازى تەرجىمىسى
بەيتىڭ ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ جەريانى ........ خەن يۇۋېن 170
مەمتىمىن سادىق تەرجىمىسى
«كۆرەش گېزىتى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ
كېيىنكى ئەھۋالى ............ لى ۋېنخۇا 179
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى
**كۇچا ۋەقەسىنىڭ** باش ئاخىرى ............ لى رۇخەن 201
مەمتىمىن سادىق تەرجىمىسى
**ئەنسەندىكى** باندىتلارنى يوقىتىش خاتىرىسى ............
............ يۈەن شيۇكەي 208
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى
**دۇجۇڭيۈەننىڭ** شىنجاڭغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيانكەش-
لىككە ئۇچراش جەريانى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم
............ لى مىڭجاڭ 239
تۇرسۇن نىياز تەرجىمىسى
يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن ھايات
ــ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ھەققەتكە قايتقان گېنېرال




جاڭ فېڭيى توغرىسىدا ............ چېن شىمىڭ 245
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى
چېن يەنچيۇ شىنجاڭدا ............ جاڭ ۋېنجۇڭ 254
ئىمىن غازى تەرجىمىسى
ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىينى سېغىنىش ...... لۇ گۈيسېڭ 259
ئىمىن غازى تەرجىمىسى
فۇكاڭ ئاق ھارىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى ............
............ خې زاۋشىن 270
ئە. ئەلى تەرجىمىسى
ئۈرۈمچىدە تىياتىر ۋە ئەلنەغمىنىڭ تەرەققىياتى ......
............ جاڭ ۋېنجۇڭ 287
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

# شىنجاڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىدىكى كۈنلەر

**شياۋ شيەنچىڭ**

غەربىي يول ئارمىيىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 30 - جۈندە ئاران 1500 چە ئادەم قالدى. 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر جىلغىدا، بىز ئۆزىمىزنى سول يول تارماق ئەترەت قىلىپ ئۆزگەرتتۇق. كېيىنرەك يەنە باش ئەترەت قىلىپ ئۆزگەرتتۇق. ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 تارماق ئەترەت بولۇپ، 1 -، 2 - تارماق ئەترەتلەر جەڭگىۋار ئەترەت ئىدى، 3 - تارماق ئەترەت بولسا ئورگان ۋە دېپەنتەيدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، پارتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنى — خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. خىزمەت كومىتېتىغا لى جورەن (ئەسلىدىكى غەربىي يول ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) سېكرېتار بولدى، لى تېيې (ئەسلىدىكى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ سەنمۇجاڭى)، لى شيەننيەن (ئەسلىدىكى 30 - جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى)، چېڭ شىسەي (ئەسلىدىكى 30 - جۈننىڭ جۈنجاڭى)، لى تيەنخۇەن (ئەسلىدىكى قىزىل 30 - جۈن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، گو تيەنمىن (ئەسلىدىكى 30 - جۈننىڭ سەنمۇجاڭى)، خۇاڭ چاۋ (ئەسلىدىكى 5 - جۈننىڭ سىياسىي كومىس-

سارى) قاتارلىقلار ئەزا بولدى. خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسى
بويىچە چىلىيەنشەن تېغىدىن غەربكە قاراپ پارتىزانلىق ئۇرۇش
ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى.
شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆپچۆرىسىدە، بىز ئەنشىدىكى
بەيدۇنزى دېگەن جايدا دۈشمەن بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشتۇق.
بىز ئىلگىرى كېيىن بولۇپ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقىپ شىن-
جاڭنىڭ شىڭشىڭشىيا دېگەن يېرىگە كەلدۇق. ئېسىمدە قېلى-
شىچە، بىرىنچى كۈنى كەچتە شىڭشىڭشىياغا ئاران 13 يولداش
يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى 30 نەچچە
ئادىمىمىز يېتىپ كەلدى. بىز شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كېلىپ
2 - كۈنى ئاخشىمى، شېڭ شىسەينىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقار-
مىسى (يەنى شىنجاڭ بىلەن گەنسۇ چېگرىسى ئارىلىقىدىكى
قاراۋۇلخانا) نىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋدىيەن بىز بىلەن كۆرۈشتى
ۋە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىنى بوشۇتۇپ، بىزنىڭ تارماق ئەترىتى-
مىزنىڭ شتابى قىلىپ بەردى ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ بىزگە
بەرگەن بىرىنچى تېلېفونىنى بىزگە يەتكۈزدى. تېلېفونىنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى، 1 - يولۋاس ئاسىيلىق قىلىپ يۈز ئۆرىدى،
سىلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن، ئالاھىدە دىققەت
قىلىڭلار؛ 2 - سىلەرنىڭ قانچە ئادىمىڭلار يېتىپ كەلدى؟
قوراللىڭلار يېتەمدۇ - يوق؟ بىزنىڭ چېگرا ئىشلار باشقارمىسى-
دىكى ئىككى بەننىڭ قوراللىرى (شۇ چاغدا بۇ قاراۋۇلخانىدا
ئىككى بەن بار ئىدى) سىلەرگە بېرەيلى، بۇنىڭغا ۋاڭ مۇدىر
مەسئۇل بولىدۇ؛ سىلەرنىڭ يەنە قانداق ئەمەلىي قىيىنچى-
لىقىڭلار بار، بىز ئايروپىلان ئەۋەتىپ ياردەم قىلايلى، دېگەن-
لەردىن ئىبارەت.
3 - كۈنى مەن پوستا تۇرۇۋاتقاندا، يىراق بىر جايدا



كىچىك دۆڭگە ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ بىز تەرەپكە ئاستا -
ئاستا سىرغىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئەھۋالنى
دەرھال ئەترەت باشلىقىغا دوكلات قىلدىم. تارماق
ئەترەت باشلىقى ياڭ شيۈكۈن ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ
سەپ سالغاندىن كېيىن: «ماشىنا ئىكەن، تېز جەڭگە تەييارلى-
نىڭلار!» دېدى. دەرۋەقە، يولۋاس بىزنىڭ قوراللىرىمىزنى
تارتىۋېلىشقا كەلگەن ئىكەن. بىز 30 نەچچە ئادەمنىڭ
كۆپىنچىسى قوغدىغۇچى ئەسكەر بولۇپ، پۈتۈنلەي ماۋزېر بىلەن
قوراللانغان ئىدۇق. بىز تېزدىن يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەن يېقىن
كېلىشى بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ياغدۇردۇق.
دۈشمەن ماشىنىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈشى بىلەنلا بىز ئېتىلىپ
بېرىپ، ماشىنىدا ئولتۇرغان بىر فۇگۇەننى تارتىپ چۈشۈپ
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۆيىگە (يەنى بىزنىڭ تارماق
ئەترەت چۈشكەن ئۆي) ئەپكىردۇق. بىز ئۇنى يولۋاس بىلەن
تېلېفوندا سۆزلىشىشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قومۇلدىكى
يولۋاسنىڭ تېلېفونىنى چاقىرتىپ، بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە:
«قىزىل ئارمىيىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىكەن،
ھەممىسىدىلا ئۈزۈن قورال، تاپانچا ۋە قىلىچ بار ئىكەن،
ئارقىسىدا يەنە قىسىملىرى كېلىۋېتىپتۇ، چېقىلىش مۇمكىن
ئەمەس» دېدى. تېلېفوننى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىز بۇ
فۇگۇەننى ئېتىپ تاشلىدۇق.
بىز غەنىمەت ئالغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ھەربىي باي-
راقنى قاداپ، كاناي چېلىپ ئۆز يولداشلىرىمىزنى ئىزلەشكە
كىرىشتۇق، قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتۇق. بۇنىڭ
بىلەن يولۋاس بىز تەرەپكە كېلەلمەي، چىڭخەي تەرەپكە
قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز يېتىپ

كىلىپ بىز بىلەن جەم بولدى. خىزمەت كومىتېتىدىكى بىر نەچچە رەھبىرىي يولداشلارمۇ كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر مۇنچە يولداشلارنى باشلاپ كەلدى. بىز شىڭشىڭشىيادا ئون نەچچە كۈن تۇردۇق، مەقسەت قورشاۋدىن بۆسۈپ چىققان يولداشلىرىمىزنى ئىزلەپ تېپىش ئىدى. بىز بۇ كۈنلەردە قوملۇق جاڭگالدا 500 گە يېقىن ئادىمىمىزنى تېپىۋالدۇق. رەھبەرلىك يېڭى ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى. ئەسلىدىكى 1 -، 2 - تارماق ئەترەتنى قوشۇۋېتىپ بىر تارماق ئەترەت قىلدى. ياڭ شيوكۈن ئەترەت باشلىقى، ليۇ چىڭخەن سىياسىي كومىسسار بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا چوڭ تۆت ئەترەت قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 3 - تارماق ئەترەت كادىرلار چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئاپپارات تەشكىل قىلىندى؛ باش ئەترەت شتابى (خىزمەت كومىتېتى) قارمىقىدا كادىرلار چوڭ ئەترىتى، 1 - تارماق ئەترەت قويۇلدى. باش ئەترەت شتابىدا بىر مۇھاپىزەتچىلەر پەيى بار ئىدى. 1 - تارماق ئەترەتنىڭ قارمىقىدا 1 -، 2 -، 3 -، 4 - چوڭ ئەترەتلەر بار ئىدى. بۇلار جەڭ قىلغۇچى قىسىملار بولۇپ، 1 - چوڭ ئەترەتكە جيەن زۇگو ئەترەت باشلىقى، جۇ چۈنلىن سىياسىي كومىسسار (ھازىر نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۇەنى) بولدى. 2 - چوڭ ئەترەتكە جاۋ جېڭخۇڭ ئەترەت باشلىقى، چېڭ دېرىن سىياسىي كومىسسار بولدى. 3 - چوڭ ئەترەتكە جىن جىجاڭ ئەترەت باشلىقى، ۋاڭ شىدىڭ سىياسىي كومىسسار بولدى. 4 - چوڭ ئەترەتكە سۇڭ جېڭجۇ ئەترەت باشلىقى، خۇ بىڭجاڭ سىياسىي كومىسسار بولدى. مۇھاپىزەتچىلەر پەيىدە 3 بەن بولۇپ، 1 - بەن باشلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلاتتى.



5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىز شىڭشىڭشىيادىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تۆت كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن دىخۇاغا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان خۇڭيەنچى كۆلى بويىدا توختىدۇق. ئۈچ سائەتتىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىز شەھەر رايونىغا كىردۇق ۋە چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قېشىدىكى بىر زاۋۇتقا كېلىپ توختاپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئەسلىدە بۇ شېڭ شىسەي يېڭىدىن سالغان فابرىكا زاۋۇتىنىڭ ئايال ئىشچىلار ياتىقى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈسكۈنە ۋە باشقا جەھەتلىرى شۇ چاغدا يامان ئەمەس سانىلاتتى. قورۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن تېخى ئىشلىتىشكە بېرىلمىگەن بولۇپ، بىزگە گازارما قىلىپ بەردى. ئۇلار يەنە بىزگە مونچا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇن يولداشلار ئۆمرىدە ۋاننا كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، نۇرغۇن قىزىق ئىشلار چىقتى. كېيىنچە بىلىشىمىزچە شېڭ شىسەي ئەينى ۋاقىتتا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تىنچلىق، شىنجاڭنى تەمىرە قىلىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق بولۇپ گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشمىدىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان، شۇڭلاشقا ئۇ بىزنىڭ يۈرۈش تۇرۇشىمىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بىز بەنچۇاڭدا قاتارلىشىپ ياتاتتۇق. ھەر بىرىمىزگە بىر يۇرۇشتىن يوتقان - كۆرپە، كىرلىك، تەكيە تارقىتىپ بەردى. 2 - كۈنى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا ھەممەيلەننىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، بىز ئۆمرىمىزدە تا ھازىرغىچە بۇنداق راھەتنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەينى چاغدا، بىز گازارمىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق:

(1) مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقماي تۇرۇشلۇق جايدىلا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش؛ (2) كونا ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇپ تازىلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇزېيىغا تاپشۇرۇش؛ (3) ھەر بىر چوڭ ئەترەتتە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇش، ھەر قايسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش؛ بۇنىڭدا خىزمەت ئورنى ئىسپات كۆرسەتسە ياكى ئۈچ نەپەردىن يۇقىرى پارتىيە ئەزاسى ئىسپات بەرسە ئاندىن تەشكىلىي تۇرمۇشقا قاتنىشىشقا بولاتتى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا يەنە: (1) كادىر، مۇھاپىزەتچى ۋە خەۋەرچى ئەسكەرلەر غەربىي يول ئارمىيىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساقلاشقا بېرىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋاھاكازالارنى پۈتۈنلەي يۇقىرىغا رەھبەرلىككە تاپشۇرۇشى كېرەك، بەزىلەردە سانى تولۇق بولمىسا، تەشكىلگە ئەھۋالنى ئېيتسۇن، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى قانداقلا بولمىسۇن ئىقتىسادىي جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك (بۇ ئۇقتۇرۇش چۈشتىن بۇرۇن كەلدى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن ھەممەيلەن قېشىمىزدىكى بۇيۇملارنى پۈتۈنلەي تارماق ئەترەت شتابىغا تاپشۇردۇق، چۈشتىن كېيىن باش ئەترەت شتابىغا تاپشۇرۇلدى)؛ (2) بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان بۇيرۇقنى كۈتۈش، بىرەرسى سىلەر قەيەرنىڭ ئادىمى، نەگە بارىسىلەر، دەپ سورىسا، شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ئەسكىرى، قەيەرگە تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى تېخى بىلمىدۇق، دەڭلار؛ (3) ھەر بىر يولداش سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ، كېسەل بولسا دەرھال داۋالىتىشى كېرەك، بولمىسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغىلى بولمايدۇ؛ (4) تاماقنى ياخشىلاش (شۇ چاغدىكى تاماق ھەقىقەتەن ئوبدان



بولۇپ، كۈندە گۈرۈچ، ئۇن، گۆش تاماقلىرى بېرىلەتتى)؛ (5) ئوزۇقلۇق ۋە ماشىنا تەرەددۇتى قىلىنىۋاتىدۇ، كۆپچىلىكمۇ تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىسۇن؛ (6) شەھەر تۇرمۇشى ۋە تازىلىق توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىڭلار، دېگەن مەزمۇندا يېڭى يوليورۇق كەلدى.

بىز بۇ يەردە ئىككى ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن «7 - ئىيۇل» ۋەقەسى پارتلاپ، ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، يۇقىرى رەھبەرلىك بىزدىن 500 دىن ئارتۇق كىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا بىزگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى، بىزمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت تەربىيىنى بەردى. تارماق ئەترەت باشلىقى ياڭ شيۇكۈن، سىياسىي كومىسسار ليۇچىڭنەن باش ئەترەت شتابىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن بىزگە: 1 - سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 2 - بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ۋاقىت قانچىلىك، ئېنىق ئەمەس، دېگەن مەزمۇندىكى يوليورۇقنى يەتكۈزدى.

7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىز فابرىكا ياتىقىدىن شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى گازارمىغا (بۈيەر ھازىرقى بەش يۇلتۇز يولى) كۆچۈپ بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى بىلەن بىللە تۇردۇق. بىزنى بۇ چاغدا سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتىدى. گازارما رايونىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە شېڭ شىسەينىڭ تەلىم - تەربىيە پولكى، شىمالىدا تانكا ئەترىتى بار ئىدى. خىزمەت كومىتېتى بىلەن باش ئەترەت شتابى،

يولىنىڭ جەنۇبىي قېتىمدا تۇراتتى (يەنى تانكا ئەترىتىنىڭ ئۇدۇلى). شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ بىر كانۋىيىنى بىزنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىمىزگە فۇگۇەن قىلىپ ئەۋەتتى، تاشقىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئىشلارغا مۇشۇ فۇگۇەن مەسئۇل ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمىنى يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، ئۇ شەرقىي شىمالىلىق بولۇپ، شۇ چاغدا 25، 26 ياشلاردا بار ئىدى. ئۇ خىزمەتتە ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، بىز نېمىنى تەلەپ قىلساق ئۇ ئىلاجى بار ھەل قىلىپ بېرەتتى. بىزنىڭ قۇدۇقنىڭ سۈيى ساپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بىزگە ھارۋىدا سۇ ئەكىلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى سوغ كىرىشى بىلەن بىزگە جۇۋا، خۇرۇم ئاياق، خۇرۇم قولقاپ، پەيما قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بەردى. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يولداش چېن يۈن شىڭ شىسەي بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر بىر جەڭچىگە ھەر ئايدا شىنجاڭ پۇلىدىن 1500 سوم (ھازىرقى بىر يۈەن 50 پۇڭ بىلەن باراۋەر)، پەيجاڭلارغا 5000 سوم (بەش يۈەن)، چوڭ ئەترەت كادىرلىرىغا 10 مىڭ سوم (10يۈەن)، تارماق ئەترەت كادىرلىرىغا 15 مىڭ سوم (15 يۈەن) تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. باش ئەترەت باشلىقلىرىغا ۋە خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىغا كۆپرەك بەردى.

8 - ئايدا رەسمىي دەرس باشلىنىپ مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە كىرىشتۇق. ئالدى بىلەن ئاساس دەرسلىرىدىن تىل، ھېساب ئۆگەندۇق. كۆپ يولداشلار ئولتۇرۇپ ئۆگىنىشكە چىداشلىق بېرەلىدى، ئەمما ئاز ساندىكى يولداشلار ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىشقا كۆنەلمىدى. تارماق ئەترەت باشلىقى ياڭ شيۇكۇن ئۇرۇش قىلىشتا ھەقىقەتەن باتۇر بولسىمۇ، لېكىن



مەدەنىيەت ئۆگىنىشتە شۇ دەرىجىدىكى كادىرلارنىڭ ئارقىدا قالدى. بەزى كادىرلار ئۇنىڭغا: «ئۇرۇش قىلغاندا بىز سېنىڭكىنى ئاڭلايمىز، بىراق مەدەنىيەت ئۆگىنىشتە سەن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىساڭ بولغىدەك» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقتىن ۋە مۇشۇنداق چاقچاقلار تۈپەيلىدىن، ئۇ بەزىلەرگە نارازى بولۇپ ئاچچىقىدا ئۆزىنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋالدى. قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. يولداش لى تيېنىڭ كانۋىيىمۇ ئۆگىنىشتە ياخشى بولمىغانلىقتىن ماۋزېر بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى، ئۇ ئۆزىگە يەتتە پاي ئوق ئاتقان بولۇپ قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمىدى. بۇ شۇ چاغدىكى ئىدىيىۋى خىزمىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنچە ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتكەنلىكتىن قايتا مەسىلە سادىر بولمىدى.

9 - ئاينىڭ بىر كۈنى مەن پوستتا تۇراتتىم. يولداش چېن يۈن (شۇ چاغدا باش ئەترەتتىكى باشلىقلار بىلەن بىرگە تۇراتتى) ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە مۇلايىم ھالدا: «سىلەرنىڭ ئۆگىنىشىڭلاردا نېمە قىيىنچىلىق بار. سىلەر ئۇرۇش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان، ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا ئادەتلىنەلەمدىكەنسىلەر؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئولتۇرالايمىز، شۇنىسى ئۇرۇش قىلغاندەك خۇما چىقمايدىكەن» دېدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «ئۇرۇشمۇ قىلالايدىغان، ئولتۇرۇپ مەدەنىيەتمۇ ئۆگىنەلەيدىغان بولۇش كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېلەچەكتە تېخىمۇ ياخشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ» دېدى. بۇ ماڭا زور ئىلھام بولدى.

1938-يىلى 1-ئايدا، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئاياقلىشىپ، ھەربىي

تېخنىكا ئۆگىنىش ۋە ھەربىي مەشىق باشلاندى. 1 - تارماق ئەترەتكە قاراشلىق 1 -، 2 - چوڭ ئەترەتلەر ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەندى. 3 -، 4 - چوڭ ئەترەتلەر زەمبىرەك ئېتىشنى ئۆگەندى (كېيىن ئالاھىدە خىزمەت چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن). مۇھاپىزەتچىلەر پەيى تانكا ھەيدەشنى ئۆگەندى. كادىرلار چوڭ ئەترىتىدە ئۆزگىرىش چوڭراق بولۇپ، بەزىلەر يەنئەنگە قايتتى، بەزىلەر شىڭ شىسەي قىسىملىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دوختۇرلۇق (ھەربىي مېدىتسىنا، مال دوختۇرلۇق) كەسپىنى ۋە سىمسىز تېلېگراممىنى ئۆگەندى. 25 نەپەر يولداشنى ئايروپىلان ھەيدەشنى ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ قىسىمدا يەنە ئازراق ئىدىيىۋى داۋالغۇش پەيدا بولدى. بولۇپمۇ، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋە 27 - كۈنى يولداش چېن يۈن ۋە خىزمەت كومىتېتىنىڭ بىرنەچچە مەسئۇللىرى يەنئەنگە قايتقاندىن كېيىن، خىزمەت كومىتېتى ۋە باش ئەترەت شتابىنىڭ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تارماق ئەترەت شتابى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئەترەت شتابىدىكى ئايرىم كادىرلار شىڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىلەردە يەنە دەرھال ئالدىنقى سەپكە بېرىش ئىدىيىسى پەيدا بولۇپ قالدى. كېيىنچە مۇرەككەپ يېڭى قۇراللارنى ئۆگىنىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكتىن ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ بېرىلگەنلىكتىن، كۆپچىلىك خاتىرجەم تېخنىكا ئۆگىنىش بىلەن بەنت بولدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ پەي شىڭ شىسەينىڭ تانكا ئەترىتىدە ئۆگىنىش قىلدى. كۈندە ئۆزىمىزنىڭ گازارمىسىغا قايتىپ تاماق يەيتتۇق، ھەر ھەپتىنىڭ ئالتىسى تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتۇق. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن بىز



ئۆز ئارا ئىسمىمىزنى ئاتىماي، شەرتلىك بەلگە بىلەن چاقىراتتۇق. ھەربىي ئوقۇتقۇچى بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزدىن قاتتىق بىزار بولدى، چۈنكى شەرتلىك بەلگە بەكمۇ كۆپ بولغانلىقتىن ئادەم چاقىرىش مۇمكىن بولماي قالاتتى. بۇ ھالدا بىز شەرتلىك بەلگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يالغان ئىسىم قويۇۋالدۇق.

1938 - يىلى كىرىشى بىلەن يەنئەندىن بىزنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا نەچچە ئونلىغان ياش ئوقۇغۇچىلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالتە ئايال يولداش بىلەن تيەن باۋ قاتارلىق ئۈچ ئەر يولداش بىزگە مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولدى. قالغان 19 كىشى ئايروپىلان ئۆگىنىشكە كەتتى. ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى يولداشلارمۇ بىزگە ئوخشاش يالغان ئىسىم قوللاندى.

يولداش چېن يۈن كەتكەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ فانى شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

1938 - يىلى 8 - ئايدا ماۋجۇشى يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بىزنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىمىزنى، ئۆگىنىشنى تېز تاماملاپ بالدۇر ئالدىنقى سەپكە قايتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بۇ بىزگە زور ئىلھام بولدى.

مەن شۇ چاغدا مۇھاپىزەتچىلەر پەيىدە بولۇپ تانكا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتاتتىم. يولداش دېڭ فا بىزنى تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى ۋە جاڭ گوتاۋنى پىپەن قىلىشنى باشلىدى. كېيىنچە ئالدىنقى سەپكە مىلتىق كېرەك دەپ، مۇھاپىزەتچىلەر پەيىنىڭ تاپانچىلىرىنى يىغىۋالدى (بۇ ئىش بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي بىر نەچچە تاپانچىنى بۇزۇپ تاشلىدى). ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇھاپىزەتچىلەر پەيى 1 - تارماق ئەترەتنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئەترىتىگە قوشۇۋېتىلدى،

كېيىن يەنە 1-چوك ئەترىتىنىڭ 4-پەيى قىلىندى.

يولداش چېن تەنچيۇ شىنجاڭدىكى پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىزنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسىنىڭ تارماق ئەترەت شتابىدا يېتىپ قوپۇپ يۈردى. ئۇ دائىم بىز بىلەن سىردىشاتتى.

1939-يىلى 9-ئايدا بىز تانكا ھەيدەشنى ئۆگەنگەنلەر شېڭ شىسەيىنىڭ بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرىغا قاتناشتۇق. مانېۋىر ئۈچ كۈن ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بىزنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن سىنايتتى. بۇ مانېۋىردىن كېيىن بىزدە خېلى زور ئىلگىرىلەش بولدى، نەزەر دائىرىمىزمۇ كېڭەيدى. ئايروپىلان، ئېغىر زەمبىرەك، تانكا، ئاتلىق قىسىملار ۋە سىمسىز تېلېگراف بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۇق.

1939-يىلى 9-ئايدا، مۇئاۋىن رەئىس جۇئېنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشىدا دىخۇادا توختىدى ۋە يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىغا كېلىپ بىزنى يوقلىدى. ئۇ: «سىلەر بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ۋە ئەڭ ئالدىدا ماڭغان ھەربىي تېخنىكا مەكتىپى بولۇسىلەر» دېدى. ئۇ بىزنىڭ ياتىقىمىزنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ: «سىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتىڭلار ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئۆگىنىڭلار، كۆپرەك ئۆگىنىڭلار، بىزنىڭ ئارمىيىمىزدە بۇنداق ياخشى شەرت-شارائىت بولۇپ باققان ئەمەس، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى چۈشۈشى بىلەنلا ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىسىلەر» دېدى.

1939-يىلى يىل ئاخىرىسىدا ئىمتىھان ئېلىندى. بىز ھەيدەش، رېمونت قىلىش، تاكتىكا، قارىغا ئېتىش قاتارلىق



دەرسلىكلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدىن مىننەتدار بولدى. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە بىز ئۆگەنگەن تېخنىكىلار ناھايىتى ئەسقاتتى.

يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى شېڭ شىسەيىنىڭ قىسىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بەك دىققەت قىلدى، ئۇرۇش-تالاش قىلىپ باقمىدى، كۆزگە چېلىقىدىغان ۋەقەلەر كۆرۈلمىدى. بىز چوڭ-كىچىك ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىگە سالام بېرەتتۇق، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى ياخشى ئىدى. پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئىككى يىل سەككىز ئاي ۋاقىت ئىچىدە، بىرەرمۇ قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئاممىۋى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلمىدى.

شېڭ شىسەي بىزنىڭ يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىمىزغا بىر نەچچە قېتىم كەلگەنىدى. شېڭ شىسەي ئۆتكۈزگەن چوڭ پائالىيەتلەرگە بىزمۇ بېرىپ قاتنىشاتتۇق. ھەر بىر بارغىنىمىزدا ئۇ بىزنى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئولتۇرغۇزاتتى.

بۇ مەزگىلدە شېڭ شىسەي بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى ۋېي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىكەن، دىگەن سۆز پەيدا بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ۋەكىلىمىز بۇ ئىشنى مەركەزگە دوكلات قىلدى. ماۋ جۇشى بىزگە يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى تەن سالامەتلىكىنى ئاسراپ، ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتسا بولدى، باشقا جەھەتلەردە بىھۇدە ئاۋارە بولماڭلار، دىگەن يوليورۇقنى ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا

بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىمىز ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەينىڭ تۇتقان سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. 1939 - يىلى قىش پەسلىدە، بىز-نىڭ شېڭ شىسەي ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىشتەك ۋەقە سادىر بولدى. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي بىزنىڭ يىڭ، تۈەن دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا ئوقۇتقۇچى ۋە مەسئۇل كادىر بو-لۇشىغا ماقۇل بولغان ۋە شۇ چاغدا ئېلان قىلغان بۇيرۇقىدا بىزنى «خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى»نىڭ پالانچى قارارىنى پۈتتۈرگەن دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. كېيىنچە شېڭ شىسەي قىسىملىرىدىكى بەزى ئادەملەر بىزگە بەكمۇ بويسۇنۇپ كەت-مىدى، بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب بىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە-مىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاڭلىشىمىزچە، جىياڭ جيېشى شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىغا نۇرغۇن ئىشپىيون ئەۋەتكەن ئىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا تۇتقۇن قىلىنغانلار ئىچىدە جۇ چۈنلىن، زېڭ يۈلياڭ، جاۋ خەيفېڭ (ۋاپات بولۇپ كەتتى) قاتارلىقلار بار ئىدى.

1939 - يىلى 12 - ئاي مەزگىلى، ھاۋا ئىنتايىن سوغاق بولۇپ، بىزنىڭ تىنچ كېتىۋاتقان تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. بۇرۇن ھەر ئايدا 2 - 4 مەيدانغىچە كىنو قويۇپ بەرگەن بولسا، 12 - ئاي كىرىشى بىلەن كۈن ئارىلاپ بىر قې-تىم كىنو قويۇدىغان بولدى. بىزنىڭ بۇ ئەھۋالغا قارىتا گۇمانىمىز پەيدا بولۇپ قالدى. باشلىقتىن سورىساق جاۋاب بەرمىدى، خۇددى بىرەر مەخپىيەتلىكى باردەك كۆرۈنەتتى. 12 ئاينىڭ 10 - كۈنى، بىزگە قايتىدىن يېڭى پاختىلىق چاپان،



يوتقان - كۆرپە، خۇرۇم ئاياق، پىيما تارقىتىپ بەردى. تاماقلى-رىمىزمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى. 20 - كۈنى كۆپچىلىك-نىڭ گۇمانى يېشىلدى. شۇ كۈنى يەنئەنگە قايتىش توغرىسى-دا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىپ، يولداش چېن تەنچيۇ سۆز قىلدى. ئۇ بىزگە: «خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىز ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشى تۈپەيلىدىن، پارتىيە مەركى-زىي كومىتېتى سىلەرنىڭ يەنئەنگە قايتىشىڭلارنى قارار قىل-دى. ئالدىنقى سەپنىڭ جەڭگىۋار تايانچىلارغا بولغان ئېھتى-ياجى بويىچە، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى كۆپ قىسىم يولداش-لار ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. سىلەر، دىخۇاغا كەلگەنگە ئىككى يىل سەككىز ئاي بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، يولداش چېن يۈن، دېڭ فانىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدىڭلار، نەتىجەڭ-لار ئەلا، بۇنى مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلدىم. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىمۇ سىلەرنىڭ ئۆگىنىشىڭلاردىن بەك مىننەتدار بولدى. مەن سەل كېيىنرەك كېلىپ قالدىم، يولداشلارغا قىلغان ياردىمىممۇ يېتەرلىك بولمى-دى، كۆپرەك تەنقىد بېرەرسىلەر» دېدى ۋە بىزنىڭ يول ئۈس-تىدىكى بىخەتەرلىكىمىز توغرىسىدا، ئۇ يەنە: «بۇ ھەقتە مەر-كەز نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت توغرىلىق يەنئەن، موسكۋا، دىخۇا، چۇڭچىڭلار ئوتتۇرىسىدا كې-لىشىم تۈزۈلگەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ماددىي ئەشيا توشۇۋاتقان ما-شىنىلىرى بىلەن بىللە ماڭىسىلەر» دېدى. ئۇ يەنە بىر قىسىم دىخۇادا قېپقالغان يولداشلارنىڭ تەشكىلنىڭ قارارىغا بويسۇ-

نۇشىنى، ئومۇمى ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى.

1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (ياكى 2 - كۈنى) بىز يەنئەنگە قاراپ يول ئالدۇق. چېن تەنچيۇ بىلەن شىڭ شىسەيىنىڭ ئۈكىسى بىزنى 30 كىلومېتىر يىراقلىقچە ئۇزۇتۇپ قويدى. يەنئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. ماۋ جۇشى بىزگە بىر قېتىم ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى.



# 30 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە يەتتەقۇدۇقتا بولغان ئۇرۇش ئاپىتى

شەن خۇڭدې

قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان يەتتەقۇدۇق ئادەم شالاڭ ۋە شامال ئېغىزى ئۇستىدىكى جاي بولسىمۇ، بىراق مۇھىم ھەربىي تۈگۈن بولۇپ، ئەسكەر باشلىغۇچىلار چوقۇم تالاش - تارتىش قىلىدىغان ئورۇندۇر. 30 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە، يەنى جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھەربىي - سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇش - خۇمارلىقى ۋە سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەتنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىشى سەۋەبلىك، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئوت تۇتىشىپ ئۇرۇش ئاپىتى پەيدا بولغانىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، يەتتەقۇدۇق شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇھىم ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندى.

1928 - يىلى 7 - ئايدا ھەربىي ۋازارەتنىڭ ۋازىرى فەن ياۋنەن شىنجاڭنى 17 يىلدىن بېرى سوراپ كېلىۋاتقان ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى. جىن شۇرېن بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ ئۆلكە رەئىسلىك تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ياڭ زېڭشىننىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرىنى تارقىتىۋېتىپ، گەنسۇلۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئاساسىي

گەۋدە قىلىنغان بېقىندى قوشۇن تەشكىل قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قوشۇننى كېڭەيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز يېنىغا ئىشەنچىلىك ئادەملىرىنى تارتىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. 1930 - يىلى 6 - ئايدا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەر، سۇ ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى. جىن شۇرېن كەڭ دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە پىسەنت قىلماي، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشقىدىن بوز يەر ئېچىشقا مەجبۇرلاپ، باج - سېلىقنى كۆپەيتتى. جايلاردىكى ھەربىي قىسىملار ئاھالىلەرگە خالىغانچە چېقىلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار بىلەن فېئودال مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. 1931 - يىلى 2 - ئاي ئىچىدە، قۇمۇلنىڭ شۆپۆل دېگەن يېرىدىكى چازىدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئوفىتسېرى جاڭ × بىر ئۇيغۇر قىزىغا مەجبۇرىي ئۆيلەنمەكچى بولغان. بۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭنىڭ قوماندانى ۋە تەشكىلاتچىسى بولدى. قوزغىلاڭچى قىسىملار ھەر قايسى ئۆتكەللەردىكى ھەربىي قىسىملارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى تارتىۋېلىپ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتتى. جىن شۇرېن ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ شىجاڭى ليۇ شىزېڭ (گەنسۇلۇق) كەينى - كەينىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەكسىچە خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. جاڭ ليۇشيۇ ئۆز تەۋەنى بىلەن ساۋۇلاقتا قامىلىپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئىچكىرى ئۆلكىدىن فرانسىيىنىڭ بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى يىگىرمە نەچچە يېڭى ئىپتىكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ساۋۇلاققا كېلىدۇ. خوجىنىياز



ھاجى قوشۇنى ئۇلارنى ئىچكىرىدىن ياردەمگە چىققان قوشۇنلار ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ ئالدىراش چېكىنىپ كېتىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، قوزغىلاڭچى ئامما دەل شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇ چاغدا جۇلىجۇڭ ئىسىملىك بىر قەيسەر ئوفىتسېر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يەتتەقۇدۇققا كېلىدۇ. جۇلىجۇڭ بىر پارچە قارا تۈلكە تېرىسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بۇ ئانىغا ھەدىيە قىلغانىدى. بۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى جۇڭگو بىلەن فرانسىيە بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، جۇڭگو تەرەپتىن دۇمىنيى، ياۋ شىجيۇ قاتارلىقلار بار. ئۆمەكتە جەمئىي 30 نەچچە ئادەم بار ئىدى، ئۇلار يەنە ئۇزۇن - قىسقا قوراللارنىمۇ زاپاس ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار يەتتەقۇدۇق ئارقىلىق تۇرپان، پىچاننى بويلاپ دىخۇاغا قاراپ يول ئالدى.

ليۇ شىزېڭ قوشۇنى كەينى - كەينىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا تەۋسىيە قىلدى. بۇنى خوجىنىياز ھاجى رەت قىلىپ تاشلىدى. جىن شۇرېن ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ليۇ شىزېڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قۇدىسى، ئاقسۇغا ۋالى بولغان جۇرۇيشىنى شىجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. سۇۋەنجۇن (گەنسۇ لىڭشيادىن)، شيۈك فايۇ (لىڭشيادىن) لارنىڭ ئىككى تۇەنىنى ۋە دۇڭ چىڭلىڭ (نىڭشيالىق، كېلىپ چىقىشى سودىگەر) نىڭ بىر يىڭىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇرۇيشى بىلەن شيۈك فايۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇمۇل كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنى ساقلاشقا قويدى.

شەرقىي تاغ قاتارلىق جايلارنى تازىلاشقا قوشۇن ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلار ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. خوجىنىيازھاجى جىن شۇرېننىڭ ھۇجۇمىغا كېلىۋاتقان قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئاساسىي قىسمىنى تاغلىق رايونغا چېكىندۈرۈپ يۈزمۇ-يۈز تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلاندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي كاردورغا ئادەم ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا كېلىپ مەدەت بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. 1932-يىلى 5-ئايدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىردى ۋە جېڭشى (ھازىرقى بارىكۆل)، شى ياۋچۇەن ئۇرۇشىدا جىن شۇرېننىڭ بىر تۈەنىنى يوقاتتى. جىن شۇرېن خې جېڭشېڭ (لىڭشيالىق) تۈەنىنى ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قارشى تەرەپ بىلەن تۇتۇشا-تۇتۇشمايلا قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى نۇرغۇن قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئولجا ئېلىپ قۇمۇلغا قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. بۇ پىلانى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن شەرقىي يول بىلەن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قۇمۇلدىن چۆرىدەپ ئۆتۈپ يەتتەقۇدۇققا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلكە مەركىزىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى. شۇ چاغدا مەن يەتتە قۇدۇقتىكى تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلەيتتىم، جىن شۇرېنغا ئەۋەتىلگەن ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى ھەققىدىكى تېلېگراممىلار كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلمەي ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. رادىستلارمۇ 8-9 ئادەمگە كۆپەيتىلدى. بەزىدە تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى جاڭ گەن شەخسەن ئۆزى تېلېگراف بۆلۈمىگە چۈشۈپ يېتەكچىلىك قىلاتتى. جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلاردىن مەلۇماتى يوق ۋە قوماندانلىق ئىقتىدارى يوق ئادەم بولۇپ، پەقەت قول ئاستىدىكىلەرنى ئەيىپلەشنىلا بىلەتتى.



خې جېڭشېڭ جىن شۇرېننىڭ تىللاپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تەسلىم بولغانىدى. جىن شۇرېن بىر قېتىم قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ تۈەنجاڭى دۈەنجۇنگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سەن ئادەتتە خۇددى چوڭ سەركەردىلەردەك پو ئېتىشنىلا بىلىسەن، ئۇرۇش مەيدانىغا كەلگەندە قورۇلۇپ قالىسەن، سۆزۈڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ، دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى. جىن شۇرېن ھەربىي ئىشلارغا مانا مۇشۇنداق قوماندانلىق قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كەينى-كەينىدىن يېڭىلدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزى ئەڭ يارامىلىق دەپ قارىغان دۇگوجۇ لۈيجاڭنى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتتى. دۇگوجۇ نىڭشيالىق بولۇپ، دادىسى دۇفارۇڭ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە لۈيجاڭ بولغان، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىمۇ بىللە ئېتىپ تاشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا دۇگوجۇ يىڭجاڭ بولۇپ، جاڭ پېيىيۈەن، فېڭ لياڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە جىن شۇرېننى ئۆلكە رەئىسى قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لۈيجاڭ قىلىپ كۆتۈرۈلگەنىدى. دۇگوجۇ جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بويىچە بېيەن يۈچېڭنىڭ بىر يىڭىنى، باتۇناسىن (موڭغۇل) نىڭ بىر ئاتلىق تۈەنىنى، ئەردەن (موڭغۇل) نىڭ بىر ئاتلىق لىيەنىنى ھەمدە ۋاڭ داتۇڭنىڭ بىر لىيەنى بولۇپ جەمئىي تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ شەرقىي يولغا يۈرۈش قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇشياۋزۇ (لىڭشيالىق، كېلىپ چىقىشى جۇيىرېن) نى شەرقىي يول باندىت تازىلاش باش قوماندانى قىلىپ، بىر پىيادە لىيەن ۋە ئىككى زەمبىرەك بىلەن يەتتەقۇدۇقتا تۇرغۇزدى. دۇگوجۇ بايۋەتچىلەردىن بولۇپ ئەپيۇنىنى قاتتىق چېكەتتى، ماجاڭ ئويناشقا بەك بېرىلەتتى،

ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ قىسىملىرىنى باشلاپ يەتتەقۇدۇققا كەلگەندىن كېيىن ھەربىي كۈچىنى تەرتىپكە سېلىش نامى بىلەن يۈرۈشتىن توختاپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئەسكىرى كۈچى نامدا بىر لوي بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر تۈەنلا ئەسكەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن يېڭى ئەسكەرلەردىن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەپيۇنكەش ۋە قىمارۋازلارمۇ باردى، جەڭگىۋارلىق كۈچ دېگەندىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۇگوجۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە جايلىشىپ، كۈنبويى ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەپيۇن چېكىشىپ، قىمار ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنى كوچىدا قىمار ئويناشقا، ئەپيۇن سېتىشقا ۋە ئاھالىلەرنى ئاناي تېپىشقا يول قويدى. دۇگوجۇ قىسىملىرى يەتتەقۇدۇقتا يېرىم ئايچە تۇرغاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ قايتا - قايتا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن ئاران دېگەندە لياۋدۇنگە كەلدى. قىسىملار تېخى چېدىرلىرىنى تىكىپ ئورۇنلىشىپ بولماي تۇرۇپلا ماجۇڭيىڭ تۇيۇقسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلدى. دۇگوجۇ قوشۇنى تامامەن بىت - چىت بولدى. موڭغۇل تۈەنجاڭ باتۇناسىن نەق مەيداندىلا قازا بولدى. دۇگوجۇ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يېقىن مۇھاپىزەتچىلىرىنى باشلاپ يىۋەنچۈەنگە قېچىپ كېلىۋالدى، ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ تاغ ئېتىكىدىكى دالدا جايدا راسا ئەپيۇن تارتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلۇشۇپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېزىپ قېلىپ شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئەپكېتىدۇ. يەتتەقۇدۇقتا تۇرغان شەرقىي يول باندىت تازىلاش باش قوماندانى ليۇشياۋزۇ دۇگوجۇ



لوينىڭ بىت - چىت بولغانلىقىنى، دۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، يەتتەقۇدۇقتا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق، يەم - خەشەك ۋە ھەربىي بۇيۇملارنى تامامەن كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ئالمان - تالمان كەينىگە چېكىندى. ئىككى زەمبىرەكنىمۇ ئالمىدى. ليۇنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تىكىۋەتتى. يەتتەقۇدۇقتىكى ئاشلىق پونكىتى، تېلېگراف بۆلۈمى، پوچتا بېكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى نەرسە جابدۇقلىرىنى تاشلاپ قوشۇنغا ئەگىشىپ چوگتاشقا قاراپ چېكىندى. بۇ چاغدا ليۇشاۋزۇنىڭ ئەس - ھوشى تېخى جايىغا كەلمىگەن بولۇپ، داۋاملىق گۇچۇڭغا قاراپ چېكىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، جىن شۇرېن تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇنى توختىتىپ قويدى. لياۋدۇندىن يېڭىلىپ چېكىنگەن ۋاڭ داتۇڭ ليەنجاڭ بىلەن بىيەن يۈڭچىڭ يىڭجاڭ (ئىككىلىسى گەنسۇلۇق) جىن شۇرېن تەرىپىدىن جەڭ مەيدانىدىن قاچتى دېگەن جىنايەتكە بۇيرۇلۇپ چوگتاشتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېتىپ تاشلاندى. ماجۇڭيىڭ لياۋدۇندە يارىلانغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆلكە قىسىملىرىنىڭ ئېنىق ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپالماي داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشتىن توختىدى.

جىن شۇرېن شەرقىي يول ۋەزىيىتىنىڭ كۈنسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق چىقىمغا ئۇچراپ، قوماندانلىرىمۇ قازا تاپتى. ليۇشىزىڭ، جۇرۇيشى، دۇگوجۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ كارغا كەلمىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىنى ئىشقا سالدى، يەنى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى جاڭ پېييۈەننى ئالدىنقى سەپ باندىت تازىلاش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ يۆتكىدى (جاڭ پېييۈەن

ىڭشىيالىق بولۇپ، كېيىنچە شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى)، شىڭ شىسەينى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. جاڭ پېييۈەن بىرنەچچە لىيەن ئاق ئورۇس قىسىملىرىنى ئاۋانگارت قىلىپ تازىلاش ئىشىغا ئاتلاندى. قالغان كۆپ قىسمى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە يېڭى ئەسكەرلەردىن بولۇپ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى تېخى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈچۈڭدىن يولغا چىققاندىن كېيىن ئۇلاردا چېچىلاڭغۇلۇق ۋە سەۋەبسىزلا ئوق چىقىرىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. جاڭ پېييۈەن چوگتاشقا كەلگەندىن كېيىن تېلېگراف بۆلۈمىنىڭ ۋەيرانە بولۇپ تېلېگراممىا ئۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، مېنى دەرھال گۈچۈڭغا بېرىپ تېلېگراف ماتېرىياللىرىنى ئەپكېلىشكە ئەۋەتتى. مەن چوگتاشتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جاڭ پېييۈەن، شىڭ شىسەي ئىككىسى قوشۇننى باشلاپ يەتتەقۇدۇققا، ئاندىن داۋاملىق قۇمۇلغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ماجۇڭيىڭ قۇمۇل ۋە بارىكۆلدىكى سوقۇشلاردا نۇرغۇن ھەربىي ئەشيا ۋە قورال-ياراق، ئوق-دورا ئولجا قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق سوقۇشۇشقا قىزىقمىدى. ئۇ جاڭ پېييۈەن قوشۇنى بىلەن بىرئاز تۇتۇشۇپ قويۇپلا ئۆزلۈكىدىن شەرق تەرەپكە چېكىنىپ كېتىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن جاڭ پېييۈەن توسالغۇسىز ھالدا قۇمۇل شەھىرىگە كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ پېييۈەن بۇيرۇققا بىنائەن ئىلىدىكى ۋەزىپىسىگە قايتىپ كەتتى. چۆچەكنىڭ ۋالىسى لى خەيرۇ قوشۇمچە شەرقىي يول گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىپ، قۇمۇلدا تازىلاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇ چاغدا تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ۋەزىيەت بىر مەزگىل مۇقىملىشىپ قاتناش تەدرىجى ئەسلىگە كەلدى. قۇمۇلنىڭ ھەر



قايسى جايلىرىدا قامىلىپ قالغان سودا كارۋانلىرى تەرەپ-تەرەپلەپ يولغا چىقىشقا باشلىدى. چوڭ-كىچىك سودىگەرلەر دىخۋا تەرەپتىن نۇرغۇن تۈۋار مال يۆتكەپ كەلدى، ئۇلارنىڭ مال باھاسى يۇقىرى ئىدى. يەتتەقۇدۇقتا بازار ياشناپ كەتتى. بۇ چاغدا فاڭ جىڭگۇ، جاۋفاجۇن ۋە مەن داۋاملىق تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلىدۇق.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى غەربىي كارىدورغا چېكىنىپ كېتىپ، قۇمۇل مۇھاسىرىدىن بوشىغان بولسىمۇ، بىراق خوجىنىياز ھاجى بىلەن يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي كۈچى يەنىلا شەرقىي تاغ ئەترابىدا بولۇپ، ھەرىكەت دائىرىسى تۇرپان، پىچان قاتارلىق جەنۇبىي يولغا قاراپ كېڭەيگەن ئىدى، ئەھۋال يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر ئىدى. يەتتەقۇدۇق مۇھىم ھەربىي تۈگۈن بولغاچقا، جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى ياڭ جېڭجۇڭغا تۈەنجاڭ ئۇنۋانى بېرىپ بىر يىڭ ئەسكەر بىلەن يەتتەقۇدۇققا ئەۋەتىپ، لى زۇشياڭنىڭ قىسمى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەللەرنى ساقلاشقا ۋە يولۇچىلارنى تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ياڭ جېڭجۇڭ لىڭشىيالىق بولۇپ فېڭ يۈشياڭنىڭ قوشۇنىدا ئەسكەر بولغان، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ساۋاتسىز بولسىمۇ، بىراق ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئادەتلەنگەن ئىدى. ئۇ لى زۇشياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جىن شۇرېنغا يېقىن مۇھاپىزەتچى بولغان ئىدى، لى زۇشياڭ ئىككىسى دائىم شىنجاڭ-گەنسۇ ئارىلىقىدا قاتناپ جىن شۇرېن ئۈچۈن ئىش بېجىرەتتى. قۇمۇلدا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككىسى يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. ياڭ جېڭجۇڭ يەتتەقۇدۇققا يۆتكەلگەندىن كېيىن لى زۇشياڭ ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ قالدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە يەرگە كۈندىلەڭ ئاكوپلارنى قازدۇردى، چوشقا

مېيى قاچىلىغان تۇڭلارنى دۈۋىلەپ بىر كۆزىتىش پەشتىقى ياسىدى. ياڭ جېڭجۇڭ بەك قەبىھ ئادەم ئىدى، قاچقان ئەسكەرلەرنى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىزىل سۆگەت چىۋىقىنى ھۆللەپ تاكى گۆشى كۆرۈنۈپ قالغىچە ئۇراتتى، ئارقىدىن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. بۇ خىل جازاغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئۆلمىگەندىمۇ چوقۇم ناكا بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قۇمۇل مۇھاسىرىدىن بوشىغاندىن كېيىن قۇمۇلدا قامىلىپ قالغان ھەر مىللەت سودا كارۋانلىرى ئىشەك ھارۋىلىرى ۋە تۆگىلىرىنى ھەيدىشىپ يەتتەقۇدۇق ئارقىلىق جەنۇبىي يولغا مېڭىشقا باشلىغانىدى، بىراق يەتتەقۇدۇقتىكى ساراي، دۇكانلارنى ياڭنىڭ قىسىملىرى ئىگەللىۋالغانىدى. ياڭ كۆرۈنۈشتە كېلىپ-كېتىپ يۈرگەن سودىگەرلەرگە غەمخورلۇق قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار دەپ قاراپ دائىم خۇپىيانە ھالدا ئۆلتۈرۈپ جەسەتلىرىنى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىغا قالايمىقان تاشلىۋېتەتتى. 1932 - يىلى باھاردا يەتتە قۇدۇقتا پەيدا بولغان ۋابانى ئەنە شۇ جەسەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر قېتىم ياڭنىڭ ئەسكەرلىرى قۇملۇقتىن 20 نەچچە ئادەمنىڭ جەسىتىنى كولاپ چىقارغاندا پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتكەن ئىدى. ياڭ جېڭجۇڭ قىسىملىرى يەتتە قۇدۇقتا تۇرغان مەزگىلدە ھارۋا، ئات، ئىشەك ۋە ھەر خىل نەرسە-كېرەكلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئويلىسام بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگىلىرىنى ئۆلتەرگەندىن كېيىن بۇلاپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىكەن. بىر قېتىم قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شىنجاڭى جۇرۇيشى يەتتە قۇدۇقتىن ئۆتكەندە، ياڭ جېڭجۇڭ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئادەم كاللىسىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مېھمانخانىنىڭ قېشىغا



ۋە تېلېگراف بۆلۈمىنىڭ باش سىمتاناپ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ قويغان ئىدى. جۇرۇيشى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن نەق مەيدانىدىلا ياڭ جېڭجۇڭغا تەنبىھ بېرىپ: «قۇمۇل مەسىلىسى تېخى بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپلا بۇنداق ئىشنى قىلساڭ، بۇ ئاخماقلىق ئەمەسمۇ!» دېگەن ئىدى ھەمدە ئادەم كاللىسىنى ئېلىپ چۈشۈپ كۆمگۈزۈۋەتكەن ئىدى. ياڭ جېڭجۇڭ كېيىنچە بالداقمۇ-بالداق كۆتۈرۈلدى. ئۇ جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ جاللات ئىدى.

1932 - يىلى قىشتا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن يولۋاسنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى شەرقىي تاغدىكى باغداش ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ تۇساتتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قۇمۇلغا تەھدىت سېلىپ قوياتتى. بۇ چاغدا قۇمۇل گارنىزون قوماندانى لى خەيرۇ ئامالسىز قالغان بولۇپ، ۋەزىيەت يەنە جىددىيلىشىشكە باشلىدى. جىن شۇرېن شېڭ شىسەيىنى باشقىدىن ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى قىلىپ ئەۋەتتى. خۇجىن (مەنزۇ)، جاڭ لېيۇشيۇ، ياڭ جېڭجۇڭنى ئۈچ يولغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. 4 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ شەرقىي تاغدىكى باغداشقا ھۇجۇم قوزغاپ خوجىنىياز ھاجىنى تاراتى تېغىدا مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، ۋەزىيەت كەسكىن ئىدى. خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن سۈلھە قىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇساتتىن تۆگە، ئاتلىرىنى تاشلاپ، قىسىملىرىنى ئېلىپ لام-جىم دېمەي چېكىنىپ قېچىپ كەتتى. شېڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئارقىدىن قوغلىمىدى.

ياڭ جېڭجۇڭ 3 - يول قوماندانى بولۇپ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن قىسىملىرىنى باشلاپ يەتتەقۇدۇقتىن يۆتكىلىپ كەتتى. لى زۇشياڭ يەنىلا ئۆز جايىدا قالدى. جىن شۇرېن شيۇڭ فايۇ

باشچىلىقىدا بىر لىيەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى يەتتەقۇدۇقتا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. شېڭ فايۇمۇ لىڭشيالىق بولۇپ مىجەزى چۇس ئىدى، ئۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ چاغدا لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. شېڭ فايۇنىڭ يېنىدا قاۋۇل مۇھاپىزەتچىلەردىن يىگىرمە نەچچەيلەن بولۇپ، ئۇلار دۈيجاڭ شىي شۇاڭشۇ (بېيجىڭلىق، جىڭجۈي تىياتىرىدا قىزىقچى قىلىچۋاز رولىنى ئوينىغان) نىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر كۈنى قىلىچ ماھارىتىنى مەشق قىلاتتى، ئادەتتە ئۇلار قىلىچۋازلار ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى. شېڭ سىرتقا چىققاندا قىلىچۋازلار ئەترىتى ئۇنى قورشاپ ماڭاتتى، ئۇنى مارشال دەپ چاقىرسا ئۇ بەكمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتەتتى.

1932 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئىچىدە قۇمۇلدىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئۆزلۈكسىز تۇرپان، پىچان تەرەپكە يۆتكىلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ماجۇڭيىڭ قۇمۇلدا قالدۇرۇپ كەتكەن ماشىمىڭ، ماجەنساڭ قاتارلىق نەچچە ئون كىشى تۇرپان، پىچانلارغا بېرىپ دېھقانلارنى قوزغىلىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. پىچان ناھىيىسىدىكى چوڭ خۇيزۇ باي ماجۇڭخې قاتارلىقلار خۇيزۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىرىپ يول بويىدىكى ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئىشغال قىلدى. شۇ چاغدا ناھىيە بازىرىدا ئۆلكە ئارمىيىسىدىن چىن جىڭيۇنىڭ بىر يىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. جىن شۇرېن ھەر بىر ئەسكەرگە ئاران 5 تالدىنلا ئوق تارقىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىن شۇرېن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن شېڭ فايۇغا جىددى تېلېگرامما يوللاپ ئۇنى ياردەمگە ئەۋەتتى. شېڭ



پىچانغا يېتىپ كەلگەندە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ئاللىبۇرۇنلا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ بولغانىدى. شېڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھە دەپ قىرغىنچىلىق قىلدى. ئەھۋال ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى. ئارقىدىن شېڭ فايۇ يىگىرمە نەچچە مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ تۇرپانغا ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولغان ھاكىم دېڭ فىنىۋۇ ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ باشلىقى مافۇمىڭلار شېڭ فايۇنى تۇرپان شەھىرىگە ئالداپ ئەكىرىدۇ، قوزغىلاڭچىلار شېڭنى چېپىپ ساق يېرىنى قويمايدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل ئۆزىنى چاغلىماي يۈرگەن بۇ مەلئۇن ئاخىرى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئاقىۋىتىنى كۆردى.

# 1932 - يىلدىكى تۇرپان ئۆزگىرىشى

**(سەي جېڭسىڭ) ئەسىرى**
**سەي خېڭسىڭ رەتلىگەن**

ئاكام سەي جېڭسىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغان ۋە سۆھبەتلەر جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تۇرپان ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆتمۈشىنى رەتلەپ خاتىرە يازماقچى بولغان ئىدى، 1971 - يىلى ئۇ بەختكە قارشى كېسەل بىلەن قازا بولۇپ ئۇنىڭ خاتىرە يېزىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىنچە مەن ئاكامنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ «تۇرپان ئۆزگىرىشى» توغرىلىق يازغان قولىيازمىلىرىنى تېپىپ رەتلەپ، بىر ئاز تولۇقلاش ئاساسىدا مۇشۇ ماقالىنى ئىشلەپ چىقتىم.

بۇ ماقالىدا سۆزلەردە ۋە بايان قىلىشتا مۇۋاپىق بولمىغان جايلار بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، ماشىمىڭغا قوشۇلغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاممىسى «ئۆزگىرىش قىلغان خەلق» دېيىلگەن. ماشىمىڭ قوشۇنى «ئۆزگىرىش قىلغان قوشۇن» ياكى «ما قوشۇنى» دېيىلگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى «ئىش تېرىش» ياكى «ۋەقە پەيدا قىلىش» دەپ ئاتالغان، ۋەھاكازالار. بۇنداق بولۇشى، ئاپتورنىڭ نەزەرىچە، ئۇلار قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە بىر تەرەپتىن ئېنىق بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي قىرغىنچىلىقنى توسمىغان.



تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتى بويىچە تارىخ يېزىش ۋە قانلىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ئەندىشە بىلەن گەپنى يۇپۇرتۇشنى لايىق كۆرمىدىم. بۇ خىل پاجىئەنىڭ پەيدا بولۇشىدا رېئاكسىئون ھۆكۈمران سىنىپلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، خەلق ئاممىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

## 1. ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى ھەربىي، سىياسىي ۋەزىيەت

1931 - يىلى باھاردا، خېشى كارىدورىدا تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىكى ئۆزگىرىش قىلغان قوشۇنلارنىڭ باشلىقى خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كىردى، ئۇلار بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىش قىلغان قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇل ناھىيە شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شىجاڭى جۇرۇيشىنىڭ ئىلكىدە تەخمىنەن 2 - 3 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. ئۇ ما جۇڭيىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەكسىچە شەھەرگە مەھكەم قامىلىۋېلىپ ياردەم كۈتۈپ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. ئۆلكە مەركىزىدىن ئەۋەتىلگەن شەرقىي يول باندىت تازىلاش باش قوماندانى لۇ شياۋزۇ، ئالدىنقى سەپ قوماندانى دۇ گوجژ باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قىسىملارنىڭ ھەرىكىتى بىردەك بولمىدى، ئىلگىرىلىشىمۇ ناھايىتى ئاستا بولۇپ ئارىلىقنى ئۇزاق تاشلاپ كەتتى. دۇ گوجژ باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى قىسىملار لياۋدۇنغا كېلىپ چېدىر تىكىپ يېتىشىغا غەرب تەرەپتىكى تۆپىلىكتە يوشۇرۇنغان ما قوشۇنى يېرىم كېچىدە ئۇش-

تۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، دۇ گوجۇمۇ قازا بولدى. بۇ چاغدا يەتتەقۇدۇقتا تۇرغان لۇ شياۋزۇ باشچىلىقىدىكى چوڭ قوشۇن خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ، ئۇرۇشماي تۇرۇپلا ئۆزلۈكىدىن تىرە-پىرەڭ بولۇپ كەتتى. ئاشلىق، ھەربىي لازىمەتلىكلەر كەڭ دالىغا تاشلىنىپ كەتتى. بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن قاتتىق چۆچىگەن ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى جاڭ پېييۈەننى جىددىي يۆتكەپ كېلىپ باندىت تازىلاش باش قوماندانلىقىغا، شىڭ شىسەينى سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلەپ ئون مىڭ ئەسكەر (ئەمەلىيەتتە 3-4 مىڭلا ئادەم بار) بىلەن قومۇلنى مۇھاسىرىدىن بوشىتىشقا ئەۋەتتى. ما جۇڭيىڭ ئۆلكە قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنىڭ ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئولجا ئالغان ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ گەنسۇغا قايتىپ كەتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاتالمىش چىلان تورۇق ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇئاۋىن پولك باشلىقى ماشىمىڭغا ئوتتۇز نەچچە نەپەر چەبدەس ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قوشۇپ بېرىپ، بارىكۆل ۋە نوم تاغلىرىغا چىقىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرگە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ماشىمىڭنىڭ مۇسۇلمانلار نامىدىن ئالاقە-مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭغا 2-قېتىم كىرىش ئۈچۈن پۇرسەت ھازىرلاشقا تەييارلىق كۆرۈشنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مۇھاسىرىسى بوشىدى، جاڭ پېييۈەن يەنە ئىلىغا كەتتى. جىن شۇرېن شىڭ شىسەينى باندىت تازىلاش باش قوماندانى قىلىپ قۇمۇلدا تازىلاش ئېلىپ باردى، خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى بىلەن ئارىلاپ كىچىك تۇتۇشۇشلار



بولۇپ تۇردى. 1932-يىلى ئەمدىلا قىش كىرىشى بىلەن ھەربىي ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، شۇندىن ئېتىبارەن ئوت يالقۇنى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى يەكسان قىلىپلا قالماي، ئەڭ ئېغىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان كەلتۈردى.

1930-يىلى قۇمۇل ئۆزگىرىشى بولغاندىن تارتىپ، ئۆلكە دائىرىلىرى ھەددىسىلا ئەسكەر قوبۇل قىلىپ ئاشلىق يىغدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيىلەر، مەسىلەن: سانجى، قۇتۇبى، ماناس، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمىسار، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى ياش يىگىتلەر قېچىپ كەتتى، ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، خەلق تەرەپ-تەرەپتىن قاخشىغىلى تۇردى. تۇرپان، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەر ئەسكەر ۋە ئاشلىق يۆتكەشتە چوقۇم مەجبۇرلىنىدىغان ئورۇن بولغاچقا دېھقانلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسەتنىڭ چىرىكلىكى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبلىك، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ تۈگىگەن ئىدى. خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ يېڭى ئۆزگىرىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان بۇ پەيتتە، ماشىمىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «مۇسۇلمان خەلقنى قۇتقۇزۇش» شوئارى ئاستىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسداشلىقىنى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈردى. مانا بۇ ماشىمىڭنىڭ 30 نەچچە ئادەم بىلەن تۇرپان، پىچان ناھىيىسىنى ئىگەللىشىدىكى مۇھىم ئامىل.

جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل، بارىكۆلدىكى تازىلاش ھەرىكىتى

بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى، قوشۇن بىھۇدە ھەرىكەت قىلىپ چارچىدى، خىراجەت ئىسراپ بولدى. دېھقانلارنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. 1932 - يىلى 11 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى ئۆلكىدىن نۇرغۇن ھەربىي ئاشلىقنىڭ قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ماشىمىڭ پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ 30 نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ 20 نەچچە مەرگەن يىگىتلىرىنى ئېلىپ ئون ئۈچ ئۆي دېگەن جايدا ئۆلكە تەرەپنىڭ بارلىق ھەربىي ئاشلىقىنى غەنىمەت ئالىدۇ. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇەنجاڭ شيۇك فايۇنى يېنىك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ماشىمىڭ 20 نەچچە ئاتلىقنى ئاشلىقنى قوغداپ ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى 30 نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ شيۇك تۇەنى بىلەن ئېتىشىدۇ، بىر تەرەپتىن سوقۇشۇپ ھەم چېكىنىپ تا چىقتىمغا كەلگەندە پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇدۇل پىچانغا قاراپ يول ئالىدۇ. قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆپچۆرىسىدە پىچاننىڭ يېقىن ئەتراپى بولغان دۆڭبازارغا كېلىدۇ. دۆڭبازار خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇرغان رايون بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ قويغان ئىدى. ماشىمىڭلار دۆڭبازارغا يېتىپ كەلگەندە شۇ جايدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. ماشىمىڭ يېزا ئاقساقىلى ماجۇڭخېنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ ۋە يېزا مۆتىۋەرلىرىدىن ماۋەنشياڭ، سۇ × × قاتارلىقلارنى ماجۇڭخېنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەسلىھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. سۇ × × نىڭ بەش ئوغلى بار ئىدى. ماجۇڭخې ئۇنى چاقىرىشقا كەلگەندە ئۇ قەتئىي رەت قىلىدۇ ھەمدە بەش ئوغلىنى ئالدىغا ئۆزى



چاقىرىپ، بىز گوۋاڭشۈي خانىنىڭ يىللىرى گەنسۇدا خۇيزۇلار ئىسيان كۆتەرگەندە شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ مۇشۇ جايدا سەرەمجانلاشقان، قايتا قوزغىلىشقا بولمايدۇ دەپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە قولىغا چەيدونى ئېلىپ ئىشىكنى توساپ بەش ئوغلىنى سىرتقا چىقاتمايدۇ. سۇ × × نىڭ شۇ جايدا خېلى ئابرويى بولۇپ، بۇ چاغدا نۇرغۇن خۇيزۇ مۆتىۋەرلىرى قاردىشىپ تۇرغان ئىدى، لېكىن ئۇلار سۇ × × غا ئاۋاز قوشمايدۇ. ئىككىنچى كۈنى ماشىمىڭ ئۆزىنىڭ 30 نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى ۋە تۆت ناھىيىدىن ئاۋاز قوشقان 3 — 4 مىڭ ئىسيانچى خەلقنى باشلاپ پىچان ناھىيە شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر ئىچىدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى قوراللىق ھالدا سېپىلدىن چۈشۈپ ماشىمىڭغا قوشۇلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئاز سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتكەچكە كېچىسى ئىسيانچى خەلق شەھەرگە كىرىدۇ، شەھەر ئىچىدە بىر مەزگىل «ئۇر، سوق» دېگەن چۇقان كۆتىرىلىپ، مىلتىق توختىماي ئېتىلىدۇ، يىڭجاڭ چېن چىڭيۇ بىلەن ھاكىم مۇ × × گازارما ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، بىراق كۈچ پەرقى زور بولغاچقا بۇ ئىككى جاي قولدىن كېتىدۇ. پۈتۈن شەھەردىكى خەنزۇ ئاھالىسى ئىچىدىن 3 — 2 كىشى قېچىپ چىققاندىن باشقا قالغانلىرى ئىسيانچى خەلق تەرىپىدىن تامامەن قىرىپ تاشلىنىدۇ. ماشىمىڭ خەلقنى يىغىپ ئىسيان قوزغاپ شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئىسيانچى خەلق كەينى - كەينىلەپ يېتىپ كېلىپ توسىۋېلىشقا ئىمكان بولمايدۇ، شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. پىچان قولدىن كەتكەندىن كېيىن، يىراقتىكى خاندو، لۈكچۈن يېزىلىرىغىمۇ

خەۋەر يېتىپ كېلىپ ئىسيان كۆتىرىلىدۇ. ئىسيانچىلار خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش شوئارى ئاستىدا قوزغىلىدۇ. شۇ چاغدا خاندۇنىڭ ئۆزىدىلا خەنزۇ خەلقىدىن 130 نەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، پەقەت بىرەيلەنلا قېچىپ چىققان، ئۈچ ئەۋلات پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغانلارمۇ بار. قەمەرىيە 12-ئاينىڭ 3-كۈنى تۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق سەنباۋ دېگەن جايدىكى چوڭ يەر ئىگىسى، چوڭ سودىگەر مامۇت ئاممىنى توپلاپ ئىسيان كۆتەردى. كېيىن ئۇ ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ قىسىم ئەۋەتىپ ماشىمىڭنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلدى.

شيۇڭ فايۇ ماشىمىڭنى قوغلاپ ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن چىقتىمغا جايلىشىپ ئارقىدا كېلىۋاتقان قوشۇننى ساقلايدۇ، پىچان ناھىيە شەھىرىنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆز قوشۇنىنى ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن 200 دىن كۆپ ئادەمنى باشلاپ ماشىمىڭنى شەھەر ئىچىگە قامال قىلىۋالىدۇ. ماشىمىڭ يەرلىك ئىسيانچى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش تەجرىبىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن، ياردار بولغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز قىسمىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ ئۇدۇل لۈكچۈنگە بېرىپ كېچىلەيدۇ. بۇ جايدا مامۇت ئۇنى سەنباۋغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىپ تۇرپانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىماقچى بولىدۇ. بۇ چاغ قەمەرىيە 12-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىدى.

## 2. تۇرپان ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانى

تۇرپان سەنباۋدىكى چوڭ يەر ئىگىسى، چوڭ سودىگەر



مۇسۇلنىڭ ئىنىسى مامۇت نەپسى يامان ئادەم بولۇپ، بىر يېزىنىڭ زومىگەرى بولۇپلا قالماي پۈتۈن ناھىيىدىمۇ مەشھۇر ئىدى. قۇمۇل ئۆزگىرىشىدىن بۇيان تۇرپاندا تەمىنات ۋە ئاشلىق، يەم-خەشەك جەھەتتىكى ئېغىرچىلىق يىلدىن يىلغا زىيادە بولدى، چوڭ باي مامۇتنىڭ جەمەتىمۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. ئۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى ئەڭ چوڭ باي بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان ئاشلىق، يەم-خەشەك، هارۋا، ئات قاتارلىق سېلىقلار باشقا بايلاردىن ئېغىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ سېلىق تۆلەشكە قارشىلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1932-يىلى 8-ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە چاقىرىلغان ئاشلىق يىغىش يىغىنىدا ئۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ئاشلىق تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاشكارا رەت قىلدى. يىغىندىن كېيىن مۇشۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرىغا: «قارىغاندا بىز بىر قوزغالمىساق بولمىغىدەك» دېگەن. شۇندىن كېيىن ئۇ نومغا ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجى ۋە ماشىمىڭلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ماشىمىڭنى ۋاختى كەلگەندە تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

مامۇت ماشىمىڭنى سەنباۋغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈن تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئومۇمیۈزلۈك قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە تۇرپانغا ئالاقە قىلىشقا كىشى ئەۋەتىپ، ئىچكى قىسىمدا ماسلىشىش ھەققىدە پۈتۈشىدۇ. 12-ئاينىڭ 8-كۈنى كېچىسى ماشىمىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىشەھەرگە (تۇرپاندا يېڭى، كونا ئىككى شەھەر بولۇپ ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر بار) كەلگەندە شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماسلاشقۇچىلار دەرۋازىنى ئېچىپ ئۇلارنى كىرگۈ-

زىدۇ. يېڭىشەھەرنى ساقلاپ ياتقان يې لېيەنجاڭنىڭ
بىر لىيەن ئۆلكە ئەسكىرى بۇ چاغدا تېخى شىرىن ئۇيقىدا
بولۇپ قىلچە سەزمىگەن ئىدى. سەھەردە ماشىمىڭنىڭ ئەس-
كەرلىرى لىيەن شتابىنى قورشىۋالدى، يې ئەسكەرلىرى قىلچە
قارشىلىق كۆرسەتمەي قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.
ماشىمىڭ ئۆزىنى باندىت تازىلاش باش قوماندانى دەپ ئېلان
قىلىپ، خەلقنى تېنچلاندۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شەھەرنىڭ
ئىچى - سىرتىدىكى ئىسيانچى خەلقمۇ شۇ كۈنى چوڭ مەسچىتكە
توپلۇشۇپ، ئاق بايراق چىقىرىپ، ماشىمىڭنىڭ قوماندانلىقىغا
ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىشىدۇ.

تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرى
ئۆلكە مەركىزىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن بىر
تەرەپتىن لى شىچاڭنى قوماندان قىلىپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى-
لەر تۇەنىدىن ئۈچ لىيەن ئەسكەرنى تۇرپانغا ماڭدۇردى. يەنە
بىر تەرەپتىن گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق يىڭجاڭ تاڭ جيەنگوغا تېلې-
گراممىا ئەۋەتىپ ئۇنى بەش يۈز ئەسكىرىنى ئېلىپ تەگرى
تېغىدىكى ئاچا يول ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشۈپ لى شىچاڭ بىلەن
بىرگە پىچاننى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىراق تۇرپان يېڭى-
شەھەر قولدىن كېتىپ ئىككىنچى كۈنى لى شىچاڭنىڭ قوشۇنى
يار ئېغىز (يېڭىشەھەردىن 20 كىلومېتر ئارىلىقتا) غا يېتىپ
كەلگەندە بۇ يەردە يوشۇرۇنغان ماشىمىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زەر-
بىسىگە ئۇچراپ ئېغىر چىقىم تارتىدۇ، قالغان قىسمى يول
ئايلىنىپ كونىشەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى، گۇ-
چۇڭدىن كەلگەن تاڭ جيەنگو يېڭى شىمالىي گوبىغا كەلگەندە
يەنە ماشىمىڭ قىسىملىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. بىراق
ئۇلارنىڭ قورالى ياخشى بولغاچقا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ



كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا كېلىۋالدى. شۇ چاغدا
كونىشەھەردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى پۈتۈنلەي مۇشۇ يەردە تۇرا-
شاتتى. ھاكىم دىڭ فېنۇ، يىڭجاڭ شىڭ زۇۋۇ ۋە شەھەر مۇدا-
پىئە قوماندانى مافۇمىڭلارمۇ مۇشۇ جايدا ئىدى. تاڭ جيەنگو
قىسىملىرى غەربىي دەرۋازىغا ئۇسسۇپ كەلگەندە شەھەر مۇداپىئە
قوماندانى مافۇمىڭ ئۇنى قارشى ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، دەرۋا-
زىنى تاقاپ ئېچىپ بەرمەيدۇ ھەممىدە غەربىي دەرۋازا يېڭىشەھەرگە
يېقىن، يېرىم كېچىدە دەرۋازا ئېچىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۇلارنى
غەربىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى دېھقانچىلىق سىناق مەيدانىدا
تۈنەشنى بۇيرۇيدۇ. 2 - كۈنى سەھەردە تاڭ جيەنگو قىسىملىرى
يول ئەگىپ شەرقىي دەرۋازىدىن شەھەرگە كىرىدۇ. بۇ چاغدا
شەھەر ئىچىدە مافۇمىڭنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمى، تاڭ-
جيەنگونىڭ 500 دەك ئادىمى، لى شىچاڭنىڭ قالدۇق ئەسكەر-
لىرىدىن 200 دەك ئادەم بولۇپ جەمى 1200 دىن ئارتۇق ئادەم
بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللارمۇ تولۇق بولۇپ ھەربىي كۈچى
خېلى كۈچلۈك ئىدى. لېكىن ئۇلار شەھەرگە قامىلىۋېلىپ شەھەر
سىرتىدىكى ھەر قايسى مۇھىم جايلاردا مۇداپىئە كۆرمىدى
ھەممىدە ئىسيانچىلار قوشۇنىنىڭ تەييارلىقى تېخى پۈتمىگەن ۋاقتى-
تىن پايدىلىنىپ يېڭىشەھەرنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا ئويى-
لىشىپمۇ قويمىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، يەنى قەمەرىيە 12 -
ئاينىڭ 13 - كۈنى ماشىمىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى - كونا ئەسكەرلى-
رى ۋە ئىسيانچى خەلقتىن ئون نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ
كونىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىۋالدى. چۇقان ساداسى يەر - جاھاننى
زىلزىلىگە كەلتۈردى. شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي - خەلق قورقۇ-
نىدىن جان - مانى چىقىپ كەتتى. خوتۇن - قىزلار، بالىلار بىر-
بىرىسىگە قارىشىپ يىغلىشاتتى. بىر ئازدىن كېيىن دۈشمەن

قوشۇنى شەھەر يېنىغا كەلدى، يوغان تۇڭدا كىرسىن ئەكىلىپ شەھەر دەرۋازىسىنى كۆيدۈردى، بىراق مافۇمىڭ ئۆز قىسمىغا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىڭلار، ئادەمگە تەگمىسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشەردى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى ئېلىپ سېپىلدىن سېرىلىپ چۈشۈشتى. قالغان قىسمى شەھەردىكى يىڭبۇغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئاشلىق ئىسكىلاتىنى ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئوققا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچى دەرھال قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدارلار يېڭىلگەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، پۈتۈن شەھەردىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشتا ئاق بايراق چىقىرىپ ئۇرۇشنى توختاتتى، ئاندىن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. ماشىمىڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن قانۇن ئىجرا قىلىش ئەترىتىنى ھەر قايسى شەھەر دەرۋازىلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتىپ، ھەربىي قىسىم ۋە ئىسيانچى خەلقنىڭ شەھەر ئىچىگە كىرىشىنى مەنئىي قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كونىشەھەردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى تالان - تاراج بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ماشىمىڭ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تەسلىم بولغان ھەربىي ئەمەلدارلار مافۇمىڭنى مۇئاۋىن باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. سابىق پىچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دۇڭ شىلىنىنى (پىچاندىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن تۇرپاندا ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالغان ئىدى) باش كاتىپلىققا، سۇ جىنشۇ (يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دۆڭبازاردىكى سۇ فامىلىلىك جاڭنىڭ ئوغلى، ئەسلى ئۈرۈمچىدە بولۇپ سىياسىي قانۇن ئىنىستىتۇتىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن، پىچانغا توغقان يوق-



لاشقا كەلگەندە ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىپ قالغان ئىدى) نى فۇگۇەنجاڭلىققا تەيىنلىدى. ماۋتىنى سەنمۇجاڭ، قوشۇمچە ئىسيانچى خەلقتىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قىسىمغا شىجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. تەسلىم بولغان باشقا ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار بۇرۇنقى خىزمىتىدە قېلىۋەردى، پەقەتلا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە ئېلانلار چاپلىنىپ جىن شۇرېننىڭ جىنايىتى ئۈستىدە شىكايەت قىلىندى، ئېلان تا ئۈرۈمچىگىچە قاراشلىق داۋانچىڭ ئەتراپىغىچە چاپلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ توخسۇننى ئىشغال قىلىپ، ئۆلكە مەركىزىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدىغان چوڭ يولنى توسىۋالدى. بۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن دىخۇاغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنىۋاتقان نۇرغۇن قەشقەر پۇلى (قەشقەر تەرەپلەردە ئىشلىتىدۇ، ھەر بىر بىر سەرلىك پۇل ئۈچ سەرلىك ئۆلكە پۇلى بىلەن تەڭ) نى غەنىمەت ئېلىپ ھەربىي مۇئاش تارقىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بازار ئاۋاتلىشىپ، تاۋارماللار توشۇپ زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ماشىمىڭ بۇ چاغدا ھاكاۋۇرلىشىپ ئۆزىنى دۇنيادا بىرلا سانايدۇ. خەلق ئىچىدىن قىزلارنى ئۆزىگە ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا تاللىۋېلىپ ئەيشى - ئىشرەت ئىچىدە راھەت كۆرىدۇ.

شيۇڭ فايۇ پىچاننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن لۇيجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈپ پىچان تەرەپتە سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. بىراق ئۇ ماشىمىڭغا قوشۇلغان ئىسيانچى خەلقنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىرىدۇ. ئەينى چاغدا شيۇڭ فايۇ تۇرپاننىڭ قولىدىن كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغاچقا ئاساسلىق ئەسكىرىي قىسمىنى لۈكچۈنگە جاي-

لاشتۇرۇپ، ئۆزى نەچچە كىشى بىلەن ماشىنىلىق تۇرپانغا قاراپ يول ئالىدۇ. قاغاتۇرغا كەلگەندە شۇ جايدىكى ئىسيانچى خەلق يول بويىدىكى سىمتاناپلارنى ئۆرۈپ يولنى توسۇپ قويغاچقا ماشىنا ماڭالماي توختاپ قالىدۇ. خەلق بۇ ئىشنى ماشىمىڭغا مەلۇم قىلىدۇ، ماشىمىڭ دەرھال چەبدەس ئاتلىقلاردىن ئون نەچچەيلەننى يول بويىغا يوشۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەسلىم بولغان ھاكىم دىڭ فىنۋۇ ۋە چوڭ ئاخۇن، داموللا قاتارلىق ئۇيغۇر مۆتىۋەرلەرنى شىيۇڭغا پايدا - زىياننى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەشكە ئەۋەتىدۇ، شىيۇڭ ئۆزىنىڭ يالغۇز ھېچنېمىنى باشقا ئېچىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەسلىم بولىدۇ (بۇ توغرىلىق باشقا ئوخشىمىغان ئېيتىمشلار بار، مۇشۇ بويىچە ئېلىندۇردۇق — تەھرىر). ئۇنىڭ لوكچۇندە قالغان 200 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى شۇ جايدىكى ئىسيانچى خەلق كېچىدە قورشىۋېلىپ يوقىتىدۇ. شىيۇڭ تەسلىم بولغاندىن كېيىن كۆڭلىدە يەنىلا نارازى بولىدۇ ھەمدە ماشىمىڭ ئەسكەرلىرىنى مەنسىتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پىچاندا سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىرىشتە بەزى ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى قىلغاچقا خەلقنىڭ غەزىۋى قاتتىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ماشىمىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا يەنە شىيۇڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن 17 - 18 ئادەم قەتلى قىلىنغان ئىدى.

### 3. تۇرپان ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان يالقۇن

شىيۇڭ فايۇ تەسلىم بولغاندىن كېيىن پىچاننى ئىسيانچى



خەلق قايتا ئىگەللىدى. ماشىمىڭ ئۆلكە مەركىزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇششاق بۆلەكلەرگە ئايرىلىپ پارچە ئۇرۇش قىلىش، جەنۇب - شىمالغا ئوخشاش كىرىشتەك تاكتىكىنى قوللاندى. شىمالىي شىنجاڭدا ئۇلار تۆت - بەشيەلەن بىر بۆلەك بولۇپ فۇكاڭ، جىمىسار، سانجى، مىچۈەن، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى يېزا - كەنتلەرگە يوشۇرۇنچە بېرىپ مۇناسىۋەت باغلاپ پاراكەندىچىلىك قىلدى. ماخۇيېچىڭ (ئاتالمىش خېخۇڭ تۈەنجاڭ) باش - چىلىقىدا 400 نەچچە نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى داۋانچىڭنىڭ شەرقىي جىلغىسىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى خۇيزۇلاردىن 300 نەچچە ئادەمنى توپلاپ، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۇبىي تاققا چىقىپ ماچۈەنلۇ بىلەن بىرگە يەنە نەچچە يۈز خۇيزۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىككىنچى يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېز يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 20 كىلومېتر كېلىدىغان جىجىمساۋزىغا كېلىپ تاقالدى. بۇ چاغدا جىجىمساۋزىدا بىر تۈەن ئۆلكە ئەسكىرى (ئەمەلىيەتتە 400 دىن ئارتۇقلا ئادەم) بار ئىدى. شۇ ئاخشىمى دەل قەمەرىيە يېڭى يىل بايرام ۋاقتى بولۇپ، بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ھاراق - شاراپ ئىچىشىپ «پاستەي - گاستەي» ئوينىشىۋاتقان ياكى قىمار ئوينىشىۋاتقان، نەشە چېكىشىۋاتقانىدى، ماخۇيېچىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ گازارمىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى. ئۆلكە ئەسكەرلىرى ھېچقانداق مۇداپىئە تەييارلىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي نەرەپ - تەرەپكە جان ئېلىپ قاچتى، قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۇخلاپ ياتقان ئەسكەرلەر ما ئەسكەرلىرىنىڭ قېلىچى ۋە ئوقىنىڭ ئاستىدا جان بەردى. تۈەنجاڭ زۇ ۋېيشىن (لەقىمى

توكۇر) ئارانلا ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى ئېلىپ ئۆلكە مەركىزىگە قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىدە پىتنە-ئىغۋا يېيىلىپ جامائەت ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سانجى، قۇتۇبى، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار تەرەپلەردىكى يېزا-كەنتلەردىمۇ خەلق ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋەقە تۇغدۇردى، قاتناشنى ئۈزۈۋەتتى، ئۆلكە مەركىزى ھايات-مامات خەۋپى ئىچىدە قالغان ئىدى. جىن شۇرېن خاتىرجەم بولالماي قومۇل، باركۆلدىكى باندىت تازىلاش خىزمىتىنى توختىتىپ، شېڭ شىسەينى تۇرپان، پىچاننى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆلكە مەركىزىنى قوغداشقا ياندۇرۇپ ئەپكەلدى، جىجىساۋزى سوقۇشى جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ماشىمىڭ ئىچكى -- لەپ كىرىشكە تېخى ۋاقىت بولمىدى دەپ بىلىپ، ئازلا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي تاغ ۋە داۋانچىڭنىڭ شەرقىي، غەربىي جىلغىلىرىدا پارتىزانلىق - پاراكەندىچىلىك قىلىشقا قالدۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا، ماشىمىڭ تۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ماچۇڭيىڭلۇ (لەقىمى گالاۋخەن) نى ئاز سانلىق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قاراشەھەرگە يوشۇرۇن كىرگۈزدى. ئۇلار ئۇشتالا، چىڭشۈي خېزى، ليۇشىخۇ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەندە، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئاۋاز قوشۇپ ئىسيان كۆتىرىپ، ئالدى بىلەن خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى. قاراشەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇلار ماچۇڭيىڭنىڭ ليۇشىخۇداھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال تۇغ ئېچىپ ئاۋاز قوشۇدۇ ۋە چوڭ ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا ماچۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ دەريانىڭ جەنۇبىغا باشلاپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئىسيانچى خەلق دەريانىڭ



جەنۇبىغا توپلىنىشىپ، ماچۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىدۇ. ما نەچچە مىڭ ئىسيانچى خەلقنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ قاراشەھەر ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالىدۇ. شۇ چاغدىكى مەمۇرىي باشلىق نىيۇشى بولۇپ، ھاكىم مالياڭزۇ ئىدى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق تۇەننىڭ تۇەنجاڭى شەن يۇسەي، ياڭ، جىن دەۋرىدىن قالغان كونا خۇيزۇ ئوفىتسېر بولۇپ، ئىسيانچى ئاممىنىڭ قۇدرىتىنى، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. لۇيجاڭ جەن شىگۈينىڭ ئەسكىرىي كۈچى كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق كورلىدا تۇراتتى، يىراقتىكى سۇ ئوت ئۆچۈرۈشكە ئەسقاتمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن تەسلىم بولۇشقا ئىرادە باغلايدۇ. ماچۇڭيىڭلۇ ئۇرۇشماي تۇرۇپلا قاراشەھەرنى ئالىدۇ ۋە كورلىغا قاراپ جىددىي يۈرۈش قىلىدۇ. جەن شىگۈينىڭ قول ئاستىدا گەرچە ئاران 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بولسىمۇ، بىراق قوراللىرى تولۇق، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۈچ كۈنلۈك جىددىي جەڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم چىقىم بولىدۇ. جەن شىگۈي ئادەم تولۇقلاشقا ئىمكانىيەتسىز ئىدى. ما قىسىملىرىغا قاتناشقان ئىسيانچى ئامما بولسا بارغان-سېرى كۆپىيىشكە باشلىدى، روھىي كەيپىياتىمۇ يۇقىرى ئىدى. جەن ئۆزىنىڭ ياردەمسىز قالغانلىقىنى، مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقەررەرلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ پۈتۈن ئائىلىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، نەچچە كۈن ئىچىدە ئاقسۇغا بېرىپ توي قىلماقچى بولغان ئوغلىنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ. جەن پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەندە، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەر تەر-

پىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.
نيۇشى، مالياگزۇ، شەن يۇسەي تەسلىم بولغاندىن كېيىن، يەنىلا بۇرۇنقى ۋەزىپىسىدە قالغان بولسىمۇ ئەمما ئەمەلىي خىزمەتكە ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت بولماي ماشىمىڭ قاراشەھەرگە چېكىنىپ كېلىدۇ. نيۇشى قاتارلىق ئۇچەيلەن تۇرپاننىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى، ماشىمىڭنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ زور ئەمەسلىكىنى، باشقىلارنىڭ تەرتىپسىز مالمان ۋە نىشانسىز خەلقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، قاراشەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ھەمدە ما قىسىملىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يازما دوكلات قىلىپ يېزىپ، شۇ جايدىكى موڭغۇل چارۋىچى ئارقىلىق تاغ يولى بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە ئەۋەتىدۇ. بىراق بۇ چاغدا ماشىمىڭ ئۇرۇمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلارنىڭ تاغ ئېغىزلىرىدا يولۇچىلارنى تەكشۈرۈشكە پوست قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دوكلات ناھايىتى ئاسانلا ئاشكارا بولۇپ قېلىپ ماشىمىڭنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ماشىمىڭ ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە مۇھاپىزەتچىسىگە ب ئۇچەيلەننى چاقىرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. نيۇشى ئۆيىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ چوڭ-كىچىك خوتۇنلىرىغا: «مېنىڭ بۇ مېڭىشىمدا يامانلىق ئالامىتى كۆپرەك قىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىشىكنى تاقاپ ئۆزەڭلەرگە ئوت يېقىڭلار، ما ئەسكەرلىرىنىڭ ھاقارىتىگە قالماڭلار» دەيدۇ. ئاقىۋەتتە، نيۇشىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىدۇ. مالياگزۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ما شىمىڭ يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ.
قاراشەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇرۇش ئوتى ناها



يىتى تېزلا جەنۇپقا قاراپ يېيىلىدۇ. بۇگۈردە ئىسيانچى خەلق قوزغىلىپ ھاكىم جاۋ شاگجىن ۋە شۇ جايدىكى خەنزۇ ئاھالىلىرىنى قىرىپ تاشلايدۇ. كۇچادا ھاۋۇنكەشلەرنىڭ نوچىسى تۆمۈرنىڭ باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلىپ پوقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ئولجا ئېلىپ بېيىشىدۇ. ھاكىم جاڭ رۇينىڭ قىزى كۇچانىڭ يەرلىك پادىشاھى قادىرغا خوتۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئارقىدىنلا بايدىمۇ ۋەقە توغۇلۇپ، خەنزۇ پوقرالىرى ۋە ھاكىم يۇ بوخۇەن قىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ۋالىسى شۈچيەن ئاقسۇنى قوغداشقا ئەسكەر يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلقنىڭ قوزغالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتراپىدا ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ جاۋجى، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يۈەن فاتۇڭ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى يۇ لياگلار ئۆز ئائىلىلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇلار قەشقەردە جىن شۇجېننىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكىرى بولغاچقا جاننى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن، دەپ ئويلاشقان ئىدى. بىراق ئۇلار خەلقنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە چېكىنىشكە سەپەرۋەر قىلمىغاچقا، قېپقالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇ پوقرالىرىنى ئىسيانچى خەلق ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

## 4. تۇرپاننى قايتۇرۇپ ئېلىش ۋە ۋاز كېچىش

باش قوماندان شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قومۇلدىن ۋاز كېچىپ، تۇرپاننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆلكە مەركىزىنى قوغداشقا قايتىپ كېلىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزىگە قاراشلىق تۆت تۇەننى باشلاپ بارىكۆلدىن تاغ يولى

ئارقىلىق قەمەرىيە 1 - ئاينىڭ ئاخىرى پىچاننىڭ قاغىتۇر دىگەن يېرىگە كېلىدۇ. ما قوشۇنى ئازراق قارشىلىق كۆر- سىتىپ بېقىپ تۇرپانغا چېكىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىچان قاي- تۇرۇۋېلىنىدۇ. شېڭ بىر تۈەن ئەسكەرنى پىچاننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى باشقا قىسىملىرى بىلەن تۇرپانغا قاراپ يول ئالىدۇ. ما قوشۇنى سىڭگىم ئېغىزىدىن توساپ زەربە بېرىشتە يېڭىلگەندىن كېيىن بۇيلۇققا چېكىنىپ بىر ئاز قارشىلىق كۆر- سىتىدۇ. ما شىمىڭ ۋە مامۇت قىسىملىرىنى باشلاپ قارا شەھەرگە چېكىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇرپان قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. شېڭ تۇرپاندا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ بىر ئاز ئورۇنلاشتۇرۇش قىل- غاندىن كېيىن تۈەنجاڭ ياڭ جېڭجۇڭنى تۇرپانغا قويۇپ، ئۆزى قالغان قىسىملىرىنى ئېلىپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى چاڭشەنزى، گۇمۇدى، ياڭ ماۋگۇڭ، تېچاڭگۇ قاتارلىق جايلاردا ما قوشۇنلىرى ۋە ئىسيانچى ئاما ھەرىكەت قىلىۋاتقانىدى. جەنۇبىي تاغ، ئۇلانباي ئەتراپىدىمۇ ما قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتى بار ئىدى. ئۇلار ئۆلكە ئارمىيىسى زەربە بېرىشكە ئاتلانسا چېكىنىپ، ئۆلكە ئارمىيىسى كەينىگە قايتسا يەنە كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە ئارمىيىسى قاتتىق چارچاپ، ھەربىي كۈچى چېچىلىپ، دۈشمەننى تازىلاش مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىخو، ساۋەن، ماناس، قۇتۇبى قاتارلىق يىراق ناھىيىلەردىمۇ ئۇرۇش سىگنالى كېلىپ تۇردى. جىن شۇرېن ئۆلكە مەركىزىنى قوغداپ قېلىش ۋە ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۇرپان، پىچاندا تۇرۇش- لۇق قوشۇنلارغا بۇ ئىككى ناھىيىنى تاشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن پىچاندا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ قوماندانى دۇڭ ×× قىسىمىنى ۋە ئىككى مىڭدىن



ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ گۇچۇڭغا چېكىنىپ كەلدى. شۇ چاغدا تۇرپاندا قوماندان جاڭ لىيۇشيۇ بىلەن تۈەنجاڭ ياڭ جېڭجۇڭ تۇراتتى. ياڭ چېكىنىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ھاكىم دىڭ فېنۋۇ (تۇرپان قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن يەنىلا ھاكىم بولغان ئىدى) غا خەنزۇ پۇقرالىرىنى قوشۇن بىلەن بىللە چېكىنىشكە ئۇقتۇرۇش قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى بىر قىسىم ئاتلىق ئەس- كەرلىرى بىلەن ئالدىدا يورۇپ كەتتى. بىراق دىڭ فېنۋۇ خەنزۇ پۇقرالىرىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش قىلماي، قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا ئاندىن ئاشكارا ئېلان قىلدى، بۇ چاغ كۈن قايرىلغان ۋاقىت بولۇپ، پۇقرالار قاتناش قورالى (ھارۋا، ئېشەك ۋە ئات) ۋە ئوزۇقلۇق، جۇگا تېپىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن قېرى - ئاجىزلار يول ئۈستىدە توڭلاپ ئۆلدى ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ماڭىدىغان باللار، بوۋاقلار تاشلىنىپ كەتتى. شۇ جايدىكى ئىسيانچى خەلق ھەربىي قوشۇننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭمۇ بىللە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بەزىلەر شەھەرگە كىرىپ ئولجا بۆلۈشۈپ، ئۆيلەرنى بۇزۇپ لىملارنى ئېلىپ كېتىشتى. يەنە بىر قىسمى سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى قوغلاپ نۇرغۇن ئادەمنى قىرغىن قىلدى. مۆلچەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا شەھەردىن قېچىپ چىققان خەنزۇ ئاھالىلىرى 800 دىن ئارتۇق ئائىلە بولۇپ، 5 كۈنلۈك جاپالىق يۈرۈش قىلىپ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلگەندە ئاران 200 دىن ئارتۇق ئائىلىلىكلا قالغان. بۇ 1933 - يىلى قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىدى.

ياڭ جېڭجۇڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 3 كۈن ئىلگىرى داۋانچىڭغا يېتىپ كېلىپ قالغان قىسمى ۋە مۇساپىرلارنى كۈتىدۇ. چېكىنىشتە بولغان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دىڭ فېنۋۇنى

چاقىرىپ: «سېنى پۇقرالارنى چېكىنىشكە 3 كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرۇش قىل دېگەن ئىدىم، نېمە ئۈچۈن مېڭىش ئالدىدا ئاندىن ئۇقتۇرۇش قىلىسەن. ئۆزەڭ بەش چوڭ هارۋىغا مال - بايلىق قاچىلاپ، پۇقرالار بىلەن كارىڭ يوق يۈرۈپسەن، سەندەك هاكىمنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دەپ ئۆز قولى بىلەن ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

تۇرپان ئۆزگىرىشى پۈتۈن شىنجاڭدا زور قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ گەرچە تارىختىكى كونا داغ بولسىمۇ، بىراق بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىمىزدە، كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا بۇ قېتىمقى قانلىق ساۋاقنى ئەينەك قىلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ياخشىلاشنىڭ، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىشنىڭ لازىملىقىنى هېس قىلىمىز، بۇ شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ئۆز ئۈستىگە چوقۇم ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىدۇر.



# ئاچچىقسۇ ۋەقەسى

ليۇ يىڭلىن

1931 - يىلى قۇمۇل ئۆزگىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىپ، قالغان ئىشلارنى شەرقىي يول گارنىزون قوماندانى ۋە شەرقىي يول قېپقالغان ئىشلارنى بېجىرىش كومىتېتى داۋاملىق ئىشلەپ قالدى. بۇ چاغدا تاغدا ئۇيغۇرلارنى قوراللاندۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان خوجىنىياز هاجى قاتارلىق كىشىلەرگە «قورال - ياراقنى تاپشۇرۇڭلار، خەلق تارقىلىپ قايتىپ كېتىپ دېھقانچىلىق ئىشىنى قىلسۇن، قائىدە قانا، شۈكۈر سانا قىلىڭلار، قايتا ئىش تېرىماڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى چۈشۈردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى چوڭ مۆتىۋەر روزى هاجىنى هال سورىغۇچى ئەلچى سۈپىتىدە تاغقا كىرىپ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتتى. بۇ مەزگىلدە جاھان تىنچلىنىپ، يىراق - يېقىندىكى خەلق خۇشاللىققا چۆمدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىن گەنسۇغا سودا قىلىشقا بارغان نۇرغۇن سودىگەرلەر ئۇزۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن سىرتتا گاڭگىراپ قايتىپ كېلەلمەي يۈرگەن ئىدى. قالايمىقانچىلىقنىڭ تىنجىپ ھەربىي ھەرىكەتنىڭ توختىغىنىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ شۇ زاماتلا قايتىپ كەتكىسى كېلىشتى، بىرەر پىشكەللىكنىڭ

سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلار گەنسۇدىن قۇمۇلدىكى چوڭ سودىگەر ھەسەننىڭ دۇكىنىغا ۋە باشقا يار بۇرادەرلىرىگە خەت يېزىپ قايتىش ـ قايتىماسلىق توغرىسىدا ئەھۋال ئۇقۇشتى. ھەسەننىڭ دۇكىنىدا خوجايىنلىق قىلىۋاتقان غوپۇر ھاجى راستچىل، يۇۋاش ئادەم بولۇپ خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى بار ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىشكە بولىدۇ، دەپ خەت ئەۋەتكەندىن كېيىن سودىگەرلەر تۈركۈملەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. قۇمۇل، تۇرپان، توخسۇن، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 12 نەپەر ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپ گەنسۇ، شىنجاڭ چېگرىسى ئارىلىقىغا كېلىپ قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى، شىڭشىڭشيانىڭ غەربىدىكى ئاچچىقسۇ دېگەن جايدا دەم ئېلىشىدۇ. ئاچچىقسۇ چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بېكەت بولۇپ، كەلدى ـ كەتتى يولۇچىلار مۇشۇ جايدىكى بىر نەچچە دەڭدە قونۇشاتتى، ئۇلاردىن باشقا ئىنسى جىن يوق ياكى ئېتىز ئېرىق كۆزگە چېلىقمايتتى. قۇمۇل ئۆزگىرىشىدىن بۇيان سارايۋەنلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيلەر بۇزۇلۇپ، ساق جايى قالمىغان ئىدى. كەلدى ـ كەتتى قوناقلار بۇ يەرگە كەلگەندە ئەنە شۇ بۇزۇلۇپ ياتقان خارابىلىقتا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى يۈرۈشۈپ كېتىشەتتى. بۇ، ئاچچىقسۇ دېگەن جاينىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالى. شۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شەرقىي يول گارنىزون قوماندانى لى خەيرۇ چېگرىنىڭ تېخى تېنچسىز ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ شىڭشىڭشيا (گەنسۇ ـ شىنجاڭ چېگرىسى ئارىلىقىدا ئەزەلدىن تارتىپ شىنجاڭ تەرەپ ئەسكەر تۇرغۇزاتتى)دا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىشنى بەلگىلىدى. ئۇ 1 ـ يول قوماندانى ليۇ رۇڭشېڭنى ئۆز قوشۇنىدىن بىر



تۈركۈم ئادەمنى تاللاپ شۇ جايدا تۇرۇشقا ئەۋەتىشنى بۇيرۇق قىلدى. ليۇ رۇڭشېڭنىڭ پەۋقۇلئاددە بۇيرۇقىغا بىنائەن، جاڭ يىڭجاڭ بىر پەي جەمئىي 29 ئەسكەرنى پەيجاڭ چى فۇجياڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ سۇڭ زۇگيۇننىڭ باشچىلىقىدا شىڭشىڭشياغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئاچچىقسۇغا كەلگەندە شىنجاڭغا قايتىپ كېلىۋاتقان 12 نەپەر ئۇيغۇر سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆرۈپ يامان غەرەز پەيدا بولۇپ، كېچىدە بۇلىماقچى بولۇشىدۇ ۋە سودىگەرلەر ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەق مەيداندىلا ئونبىرەيلەننى ئېتىپ تاشلايدۇ. قېچىشقا ئۈلگۈرگەن يەنە بىرەيلەننى ئەسكەرلەر قوغلاپ ئېتىپ تاشلايدۇ. سودىگەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئولجا قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە، «بىز ئاچچىقسۇدا 12 نەپەر ئۇيغۇر باندىت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، سوراق قىلغىنىمىزدا، ئۇلار يۈك تاقىسى ئىچىدىن نەيزە ـ قىلىچلىرىنى چىقىرىپ بىزگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. بۇ جىددىي پەيتتە بىزنىڭ 12 نەپەر ئۇيغۇر باندىتنى ئېتىپ تاشلىماقتىن باشقا ئامالىمىز بولمىدى» دېگەن پەتىۋانى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ ۋە ئولجا ئالغان ئىشەكلەرنى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ چاغدا مەن قوماندانلىق شتابىدا ھەربىي قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەيتتىم. قوماندان لى خەيرۇ دوكلاتنى كۆرۈپ، ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ دەرھال بىر چارە قىلىشىنى تاپشۇردى، مەن دوكلاتنى تەپسىلىي كۆرگەندىن كېيىن لى خەيرۇ بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە چارە قوللىنىشنى سورىدىم ھەمدە «12 ئۇيغۇر سودىگەردە قورال يوق تۇرۇغلۇق قانداقمۇ قوراللىق قىسىمنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىشقا

جۇرئەت قىلىسۇن؟ ئولجا قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەر ئىچىدىمۇچى، سۆڭ ئىككەيلەن مەخپىي باش قوشۇپ، بارلىق ئەسكەرلەرگە ھېچقانداق قاتىللىق قورالى يوق، بۇ چوقۇم ئولجا ئۈچۈن! 1 نەپەر ئۇيغۇر سودىگەرنى ئۆلتۈرۈپ بايلىقنى تەڭ تەقسىم قىلىشقا قىلىنغان مۇھىم قاتىللىق دېلوسى » دەپ ئېيتتىم. قۇمۇلدا ـ ئۇيرۇق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جىنايى قىلمىش يۈز بەرگەن. قىپقالغان ھەربىي ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان، روزى ھاجى ـ ھەۋال ئىنقىلاب ـ خاندىن كېيىن چى، سۆڭ ئىككىسىنى قەتلى چۈشەندۈرۈش، ھال سوراش خىزمىتىگە ماڭغان بۇ پەيتتە بۇنداق ئىلماقچى بولدۇق. ئۇ ئىككىسى بىر پەيىنىڭ كاتىپىشى ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشى چوڭ ۋەزىيەتكە چوقۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ ـ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن ئېغىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا ئامالى يوقتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقە يۈز بەرگەندىن قىلماسلىق كېرەك دېدىم. مېنىڭ بۇ پىكرىمنى لى لايىق كۆرۈپ ئۇلار يالغان پەتىۋا ئويدۇرۇپ چىقىپ جىنايىتىدىن كۆردى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللىدى. بىراقچاقچى بولغان، بۇ، قانۇنغا تېخىمۇ خىلاپ ئىش. قانۇن ئازدىن كېيىن جىن شۇرېندىن شىڭشىڭشىياغا ئەۋەتىلگەن بىرۋىيىچە چى فۇجىياڭ، سۆڭ زۇكيۇن ئىككەيلەنگە ئۆلۈم پەيدىن 12 ئادەم ئېتىلىپ قان بەدىلى تۆلەنسۇن، دېگەن جاۋابەزاسى بېرىلىپ ئېتىپ تاشلاندى. قالغان 29 ئەسكەر چى، سۆڭ كەلدى. بۇ توغرىلىق لى خەيرۇ بىر قارارغا كېلەلمەي مەندىن ئىككىسى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەندە دەس تۇرۇپ مەسلىھەت سورىدى. مەن ئاۋۋال بۇ پەينى پۈتۈنلەي يۆتكەپ ئۇشقا جۈرئەت قىلمىغان ھەممە ئولجا ماللارنى تەقسىم كېلىپ، ئاندىن سوراققا تارتىپ، باش جىنايەتچىنى تېپىملىشقا شېرىك بولغان، ئۇلاردىمۇ جىنايەت ئېغىر. بىراق بۇ قانۇنغا بىنائەن جازالاش كېرەك، دېدىم. مۇھىمى بۇ پەيەرىكەتكە چى، سۆڭ ئىككىسى باشلامچىلىق قىلغان، ئەگەردە يىراقتىكى گەنسۇ ـ شىنجاڭ چېگرىسىدا بولۇپ ياخشى بىر تەرەپۈلاردا بۇ خىل يامان غەرەز تۇغۇلمىغان بولسا ئەسكەرلەر قىلىنمىسا ئۇلارنىڭ گەنسۇغا كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى باھاتىللىق قىلىشقا جۈرئەت قىلمىغان بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى، بۇ ھالدا ئىش تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتەتتى. شۇنىڭۈلارغا ئوخشاش ئېغىر جازا كۆرۈش لايىق ئەمەس ئىدى. ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى تېنچ ـ ئامان ياندۇرۇپ ئەپكېلىپ 29 ئەسكەرنىڭ ئۆز خاتالىقىنى يۈيۈش ۋە ئۇلارغا تەربىيە قولغا ئېلىش، بىرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىق لازىم ئىدىرىش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەرقايسى قىسىملارغا قوشۇۋېتىش؛ بۇ ھالدا ئىش ئاسان ھەل بولاتتى، ئەكسىچە بولسا ئاقىۋەتۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ مال ـ مۈلكىنى يامان بولاتتى. لى خەيرۇ مەلۇم يىگىنى باشقا جايغا مۇداپىئەگيتورۇش ۋە ئۇلارغا نەپەقە پۇلى بېرىپ خىزمەت ئىشلەش يۆتكىمەكچى بولدۇق دەپ بۇ پەينى تامامەن يۆتكەپ كەلدىيوغرىسىدا يوقىرىغا دوكلات يېزىپ، تەستىق چۈشكەندىن

ھەربىي قانۇن باشقارمىسى ئايرىم ـ ئايرىم سوراق قىلىشىپىن شۇ بويىچە ئىجرا قىلدۇق.

بىر ـ بىرسىگە دەلىللەش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاچچىقسۇ ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئېنىقلىدى: ئۇلار ئولجا ئېلىش ئۈچۈن قاتىللىق قىلغانئىلە تەۋەسى نۇرغۇن ئۇيغۇر جامائەتى بىلەن دىخۋاغا كېلىپ

ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمەتكە ئەرز بېرىپ، ھەربىيلەرنىڭ سو
كارۋانلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىق مەسئۇلىيىتىنى ھۆكۈمە
پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، بولمىسا بىگۇناھ خەلقنى
ھايات كۆچۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ، قاتىللار قاتتى
جازاغا تارتىلسۇن دەپ دەۋا قىلىشتى. بۇ چاغدا ئۆلكىلى
ھۆكۈمەت قۇمۇل ھەربىي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى لى خەيرۇنى
بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلغانلىق ھەققىدىكى تەپسىلىي ئەھۋال
ئېلان قىلىپ جامائەتنى تىنچلاندۇردى. بولمىسا بۇ خىل يې
ئۇچى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قايتا مالىماتاڭچىلى
قاينىمىغا پېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ بىر زور ۋە
بولغانلىقىنى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەسلەپ ئۆتتۈم، بىراق نەچ
ئون يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ناتوغرا جايلى
بولۇشى مۇمكىن، تۈزىتىپ كېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.



# 1933 - 1934 - يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى

جىن گوجېن

## 1. ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەننىڭ شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قۇرغان «ھەربىي ئىتتىپاقى»

1933 ـ يىلى ياز پەسلىدە، ئەنشىدە ھەربىي كۈچىنى
ۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش
ەرىزىدە بولۇۋاتقان گومىنجۇن ئارمىيىسى 36 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى
ا جۇڭيىڭ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ قۇمۇل ناھى-
يىسىگە كىردى. ئۇلار تېز سۈرئەتتە ئۇرۇش قىلىش تاكتىكى-
سىنى قوللىنىپ، مورى دەرياسى، گۇچۇڭ ۋە جىمىسار ناھىيى-
لىرىنى ئىشغال قىلىپ فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى زىن-
چۈەنزى بازىرىغا قىستاپ كەلگەندە شىڭ شىسەي باشلىغان
ۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككى تەرەپ
ىددىي جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تارمار
ولۇپ پىچان، تۇرپان، توخسۇن قاتارلىق ناھىيىلەرگە چېكىنىپ
ېرىپ، خەتەرلىك جايلارنى دالدا قىلىپ مۇداپىئە كۆردى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسكەر تۇتۇپ، قوشۇننى تەرتىپكە ـ كونتىرول قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردا ھەربىي كۈچنى كېڭەيتىپ
لىپ، ھەربىي مەشقنى كۈچەيتىپ، قايتا باش كۆتەرمەكچ بىرپىيادە ئەسكەر دىۋىزىيىسىنى تەشكىل قىلدى، جىن شۇرېننىڭ
بولدى. شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئىشلە بۇرۇنقى ئادەملىرىنى يېنىغا تارتىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرغانـ
چېقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نەچچە يىلدىن بېرى بولۇۋا دىن كېيىن تەختكە چىقماق بولۇپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى.
قان ئاپەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك دۇبەن مە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆـ
كىمىسسىدىن لەن يەنشۇ، ۋۇجاۋشيۇڭ، ليۇبىڭ، شېڭ شىجى كۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭ،
تارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتك چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشـ
زۈش ئۈچۈن توخسۇنغا ئەۋەتتى ھەمدە ما جۇڭيىڭنىڭ شەرق تۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى جاڭ پېييۈەنلەرنىڭ خىزمەت
شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى بولۇپ، قۇمۇل، باركۆ تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن مىنىستىر لوۋىنـ
تۇرپان، پىچان، توخسۇن قاتارلىق رايونلارنى باشقۇرۇشقا ماق گەنىنى ئەۋەتتى. جاڭ پېييۈەن، ما جۇڭيىڭ ئىككىسى بۇ پۇرسەتـ
ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇ ئاساستا ئىككى تەرەپ ئۇرۇ تىن پايدىلىنىپ، ئاستىرتىن كېڭىشىپ، شېڭ شىسەينى بىرـ
توختىتىش توختامى ھاسىل قىلدى. لىكتە ئاغدۇرۇش ئۈچۈن، شەرق، غەرب تەرەپتىن تەڭ ئەسكەر

بۇ چاغدا ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنى قوزغاپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئاساسىدا ھەربىي ئىتتىپاق
ۋالىسى جاڭ پېييۈەن (چىڭخەيلىك، جىن شۇرېننىڭ يېقى ھاسىل قىلدى.
ئادىمى، 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى فەن ياۋنەن يال شۇ يىلى قەمەرىيە 10 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي جاڭ پېييۈەنـ
زىڭشىننى ئۆلتۈرگەندە، جىن شۇرېننىڭ رەئىس قوشۇمچە دۇبى نىڭ بۇ غەرەزىدىن خەۋەر تېپىپ، جاڭ پېييۈەننى بېسىپ
بولۇشىنى قەتئىي ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، جىن شۇرېن تـ تۇرۇش ۋە ۋەزىيەتنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تەمىرە نازارـ
رىپىدىن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ۋالى سىنىڭ نازىرى شى شىچاڭ (گەنسۇلۇق)، شىن جەنچىڭ (غەربىي
قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چې شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى) ئىككىيلەننى
جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋمىڭيۇ قاتارلىقلار ھەربىي ئۆزگىرىـ ۋەكىل قىلىپ ئىلىغا ئەۋەتىپ، جاڭ پېييۈەننى شىنجاڭ چېگرا
ياساپ جىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شېڭ شىسە مۇداپىئە باكبەنى (ياردەمچى) قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ۋە ئۆزىـ
شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغاندىن كېيىن، جاڭ پېييۈ نىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئارزۇسىنىڭ
بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولدى. چۈنكى جاڭ پېييۈەن شەرق بارلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشتىن كېيىن، شىن جەنچىڭ ئۆلكە مەركىـ
يول باندىت تازىلاش باش قوماندانى بولغاندا، شېڭ شىسە زىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا لۇ يىجاڭ ياڭ جېڭجۇڭ تەرىپىدىن ئېتىپ
ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەنموجاڭ ئىدى) شىنجاڭ چېگرا مۇ تاشلاندى. شى شىچاڭ ئۆلكە مەركىزىگە قېچىپ كېلىۋالدى. ئارقىـ
پىئە دۇبەنى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ھوقۇقى نىلا جاڭ پېييۈەن ياڭ جېڭجۇڭنى ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپ

جىلاك ۋە شىخونى ئىشغال قىلدى. ئۇلار شىخودا بىر ھەپتىلىك ئەندە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىمىز» دېيىشتى.
دەم ئالغاندىن كېيىن ماناسقا قاراپ ئاتلاندى. سەندۇخوزىنىز «ئىلىغا قايتىپ كېتىشنى خالايدىغانلار قوراللىرىنى
كەلگەندە ئۈلكە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار ئېتىلدى.اپشۇرغاندىن كېيىن يېزا - قىشلاق يولى بىلەن قايتىپ كەتسە

## 2. ياڭ جېڭجۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەندۇخوزىدا مەغلۇپ بولۇشى ۋە جاڭ پېيۈەننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى

1933 - يىلى قەمەرىيە 11 - ئاي ئىچىدە، شېڭ شىسە
ئۆزىنىڭ ئىلىدىن جىنىنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەن ۋەكىل
شى شىچاڭنى قوبۇل قىلدى، شىجاڭ شىن جەنچىڭنىڭ ئۆلتۈ
رۈلگەنلىكىنى ھەمدە ياڭ جېڭجۇڭ قىسمىنىڭ شىخوغا كىر
گەنلىكىنى ئاڭلاپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇ چوجاڭ
ليۇبىڭنى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن ماناسقا بېرىپ، ماناس
تۇرۇشلۇق ئارىلاشما لۇينىڭ ئاتلىق 1 - تۈەن بىلەن بىرلىك
دۈشمەننى يوقۇتۇشقا بۇيرۇدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ تۈەن
جاڭ ۋېيزۇ تۈەنجاڭ، سۇ شىجېي بىلەن مەن مۇئاۋىن تۈەنجا
ئىدىم. قوماندان ليۇبىڭ بىزنىڭ تۈەننى ئاۋانگارد ئاتلى
ئەسكەر قىلىپ بەلگىلەپ، ئىلىدىن كەلگەن دۈشمەنگە زەر
بېرىشنى بۇيرۇدى. بىزنىڭ تۈەن 1 - كۈنى كېچىسى
ئۇلاۋسۇدا قوندى، 2 - كۈنى سەھەردە سەندۇخوزىغا كەلگە
ياڭ جېڭجۇڭنىڭ ئاۋانگارد قىسىملىرى بىلەن دوقۇرۇش
قالدى. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ۋاقىراش ئارقىلىق ئۆز
رىنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشنى خالىمايد
غانلىقىنى، مىلتىق ئاتقاندا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىر
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار «سىلەر ئالدىغا ھۇجۇم قىل



ولىدۇ» دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال ئاتقا چىقىپ
ۇجۇمغا ئۆتتۇق. ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قىسىملىرى قوراللىرىنى
اشلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىز ئۇدۇل ئەن
ىخەيگىچە ھۇجۇم قىلىپ باردۇق. ياڭ جېڭجۇڭ ئۆزىنىڭ
اۋانگارد قىسمىنىڭ تارمار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، 30 - 40
اتلىق ئەسكىرى بىلەن شىخو ئارقىلىق ئىلى تەرەپكە كەتتى.
لار تاشلاپ كەتكەن 200 دىن ئارتۇق ئات هارۋىسى، ھەربىي
شيا قاتارلىقلارنى بىز غەنىمەت ئالدۇق. 3 - ، 4 - كۈنلىرى
ز سىكېشۇغا كىردۇق. يول ئۈستىدە ئىلى تەرەپنىڭ ھىچ
نداق قارشىلىقىغا ئۇچرىمىدۇق. 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن
ش قوماندان ليۇبىڭ قىسىملارنى باشلاپ يېتىپ كەلدى
، بىزنىڭ تۈەننى شىخوغا قايتىشقا بۇيرۇدى. بىز بىر
ەن ئەسكەرنى سىكېشۇنى ساقلاشقا ۋە ياڭ جېڭجۇڭنىڭ
ېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىۋېلىشقا قالدۇردۇق.
ۇ بىلەن جاڭ ۋېيزۇغا يەنە مۇنۇلارنى دېدى: «ئىلى تەرەپتە
وۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىزگە مەدەت بولۇپ قورغاسقا
ۈيۈەن) ھۇجۇم قىلىپ جاڭ پېيۈەننى قوغلاپ چىقاردى.
اڭ يول ئۈستىدە ياڭ جېڭجۇڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى
لاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋاپتۇ». 2 - كۈنى سەھەردە ليۇبىڭ
لى گارنىزون باش قوماندانى سۇپىتى بىلەن ئىلىغا قاراپ
ول ئالدى. بىزمۇ شىخوغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.
يىن ئۇقۇشىمىزچە، شېڭ شىسەي ليۇ بىڭنى ئىلىدىن كەل
ن قوشۇنلارنى توساشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئۇرۇم

چىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى ئابرازوف بىلەن ئۇچرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە بۇ ھەقتە تېلېگرامما يوللىغان، قورغاس چېگرىسىدىن كىرگەن قىزىل ئارمىيە قورغاس (خۇيىيۈەن)نى ئىشغال قىلىپ، جاڭ پېييۈەننى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. جاڭ بولسا يول ئۈستىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، شۇنىڭ بىلەن، جاڭ - مانىڭ شىڭنى ئاغدۇرۇش «ھەربىي ئىتتىپاقى» شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تارمار قىلىندى، جاڭ پېييۈەننىڭ يەرلىك كىنەز بولۇش ئارزۇسىمۇ بەربات بولدى.

## 3. شىڭ شىسەينىڭ ئۆلكە مەركىزىدىكى مۇداپىئەسى

جاڭ پېييۈەن شەرققە قاراپ ئەسكەر ماڭدۇرغانـدا شىڭ شىسەي دەرھال دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇچۇجاڭ ليۇبىنگنى قىسىم قوماندانى قىلىپ دۈشمەننى توساشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي يەن سوۋېت كونسۇلى ئابرازوف بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردە(م) بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى، بۇنىڭ بىلە(ن) جاڭ پېييۈەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن زەربە بېرىپ غەلىبە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جاڭ - مانىڭ شەرق - غەرب تەرەپ(تىن) ئەسكەر چىقىرىپ ئۆلكە مەركىزىگە قورشاپ ھۇجۇ(م) قىلىشىغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ھەر قايسى شى، لۇ تەييارلىق تۈەنلەرگە مۇداپىئە رايونى بەلگىلەپ بېرىپ، خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىڭ شىسەيگە فۇگۇەنجاڭ بولغان جاۋ جيەنفېڭنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدىكى مۇداپىئە رايو(ن)لىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:



(1) شەھەر مۇداپىئە باش سىلىڭى شىڭ شىسەي؛

(2) باش قوماندان دەسلەپتە ياڭ ياۋجۈن، كېيىنچە خا يۈلياڭ؛

(3) ئۇلانباي، ساڭفاڭكو ئەتراپلىرىغا ئاق ئورۇسلارنىڭ لۇيجاڭى بېكزىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئىككى ئاتلىق تۈەن مەسئۇل بولغان؛

(4) داۋان، نىڭشياۋەن، دا جياۋچاڭ ئەتراپلىرىغا جاڭ فېڭيى، يۈ دېشىڭ، سۈن چىڭلىن، جياڭ يۇفېن قاتارلىقلارنىڭ قىسىملىرى مەسئۇل بولغان؛

(5) خۇڭسەن، ليۇداۋان، جەنچۈەنزىگۇ، شىمىگو ئەتراپلىرىغا مىڭ شىنىڭ پىيادە ئەسكەر لۈيى، لى × × نىڭ تۈەنى مەسئۇل بولغان؛

(6) نىيەنزىگو ۋە چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا فۇچۈەن ۋە ياڭ شۈتاڭنىڭ قىسىملىرى مەسئۇل بولغان؛

(7) نەنگۈەن، شىگۈەن سېپىللىرىنى قوغداشقا لۇ ليۇلىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە پۇقرا پىدائىيلار مەسئۇل بولغان؛

(8) دۇبەن مەھكىمىسىنى قوغداشقا شىڭ شىچى باشچىلىقىدىكى قوغداش تۈەنى مەسئۇل بولغان؛

(9) خەنچېڭ، لومەنچىڭنى قوغداشقا تەلىم - تەربىيە تەرەپىڭى، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پۇقرا پىدائىيلار مەسئۇل بولغان.

شۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر تەخمىنەن 9 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پۇقرا پىدائىيلارنى قوشقاندا جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئۇلار

كۆرسىتىلگەن جايلاردا نۆۋەت بىلەن مۇداپىئە كۆرۈشكە قاتناشتى. 1933 ـ يىلى قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) ما جۇڭيىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى باشلاپ تۇرپان ئارقىلىق ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇنىڭ لۈيجاڭى ما خۇسەن چىلانتورۇق ئاتلىقلىرىنى باشلاپ تۇدۇڭخابانى ئىگەللەپ سانجى ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. سانجىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان جاڭ يۇتاڭ ـ تۇەنجاڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە خەلقنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇشى ئارقىسىدا، ماخۇسەن قىسىملىرى گەرچە ئۇدا نەچچە كۈن ئاتاكا قىلغان بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئازسانلىق ئەسكەرلەر ئۇلارغا قوشۇلۇپ تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمغا ھۇجۇم قىلدى. ماخۇسەن يەنە شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق خۇيزۇ، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى تۇدۇڭخابا يېزىسىغا ھەيدەپ كېلىپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا ئاكوپ ياساشقا سالدى. پات ـ پات ئەسكەر ئەۋەتىپ سانجى بازىرىنى ئوققا تۇتۇپ پاراكەندىچىلىك قىلدى.

ما جۇڭيىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى باشلاپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى بازىلارغا توختىماي ھۇجۇم قىلدى. جەڭ ئىنتايىن جىددىي بولدى. شېڭ شىسەي مۇداپىئە تەييارلىقىنى پۇختا قىلغاچقا ۋە ئارمىيە، خەلقنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ بىر نىيەتتە جەسۇرانە كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مۇھىم بازىلارنى قولغا چۈشۈرەلمىدى، ئەكسىچە زور چىقىم تارتتى. شۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزىنى قوغداشقا قاتناشقان ھەربىي ـ خەلق قاتتىق سوغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ قىسلىقىغا قارىماي جەسۇرانىلىق بىلەن كۈرەشنى



داۋاملاشتۇردى، بۇنىڭدا ئاساسەن:

1 . ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئىنچىل ھالدا خۇيزۇلارنى گۈللەندۈرۈپ خەنزۇلارنى يوقىتىشنى تەرغىپ قىلدى. مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەلقنى قىرغىن قىلدى. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خەلقلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئېلىشتى.

2 . شېڭ شىسەي زىنچۈەنزىدە ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغاندا، ما ئۈچۈن تېلېگرامما ئۇرۇپ بېرىدىغان ياپون جاسۇسى دا شىجۇڭنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. شېڭ شىسەي بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ماجۇڭيىڭنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسى دەپ ئېلان قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىدىكى 3 ئۆلكىنى بېسىۋالدى، شەرقىي شىمال خەلقىنى قىرغىن قىلدى، ھازىر ئەمدى ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى، ما جۇڭيىڭ بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز، دەپ تەشۋىق ئېلىپ باردى. بۇ ھەربىي ـ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتتى، بولۇپمۇ شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى ئارمىيىسىنىڭ غەزىپىنى ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى.

3 . شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن سىياسىي پروگرامما ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈنلەي باراۋەر ئىكەنلىكىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بارلىقىنى، ۋاڭ ـ گۈڭ، ئىمام، ئاخۇنلارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

4 . ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ

ۋەزىيەت جىددىيلەشكەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق ھەربىي
يىغىندا ئاق ئورۇس قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بىكزايىۋ
شىڭ شىسەيگە: يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىش ۋە شەھەر ئىچى
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاخۇن
ۋە مۆتىۋەر ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ قەتلى قىلىش كېرەك،
دېگەن تەكلىپنى بەردى. شىڭ شىسەينىڭ فۇگۇەنجاڭى جاۋ
جيەنفېڭ: تەسادىپىي ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن، ئاخۇن، مۆتىۋەرلەرنى ۋە يېزا باشلىقلىرىنى يىغىپ
قىزلار مەكتىپىگە (ھازىرقى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى) جاي
لاشتۇرۇپ، بىر ئادەمنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل قىلساق
بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن
ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلىپ، تالا - تۈزگە چىقىشىغا رۇخسەت
قىلمىساق، شەھەرگە بولغان تەھدىت تۈگىتىلگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە
قايتۇرساق، دېگەن تەكلىپنى بەردى. شىڭ شىسەي ۋە باشقا
ئەمەلدارلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. بۇنداق قىلىش بىلەن
بىر تەرەپتىن تۇتۇپ تۇرۇلغان ئاخۇن، مۆتىۋەرلەرنىڭ ھاياتى
ئامان قېلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى خاتىرجەم
بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن تاسادىپىي ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ
قېلىشىدىن ساقلىنىلدى.

شىڭ شىسەينىڭ فۇگۇەنجاڭى جاۋجيەنفېڭنىڭ ئېيتى
شىچە، ما جۇڭيىڭ ئۆلكە مەركىزىنى قورشاپ تۇرغان 30 نەچچە
كۈن جەريانىدا، شىڭ شىسەي ھەر كۈنى كېچىسى دېگۈدەك
سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ماشىنا ئەۋەتىپ، باش كونسۇل ئابرا
زوفنى دۇبەن مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ



بىلەن ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان. سوۋېت
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تېزرەك ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم
بېرىشىنى ئالدىراتقان. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە تەرجىمان سۈپىتى
بىلەن قاتناشقان مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن دېلىدىن
باشقا ئىككىنچى بىر شەخسى قاتناشمىغان. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى
ھەر قېتىمدا 3 سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان. ئاخىرى
سوۋېت ئىتتىپاقى بىر ماشىنىلاشقان بىگتۇەننى شىنجاڭغا كىر-
گۈزدى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئالتايىسكىلار» دەپ
ئاتايتتى. جاۋ جيەنفېڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى
ئۆلكە مەركىزىنى قورشىۋالغان ئەڭ جىددىي كۈنلەردە، مەن
شىڭ شىسەيگە ئون نەچچە ئاپتوموبىلنى تەييارلاپ، مۇھىم
ئەشيا ۋە ماتېرىياللارنى قاچىلاپ، زۆرۈر بولغاندا ئېلىپ ماڭاي-
لى، دېگەن تەكلىپنى بەرگەن. لېكىن شىڭ شىسەي ماڭا
ھاجىتى يوق، خاتىرجەم بولغىن، دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى
ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بەرگەندىن كېيىن ئۆلكە مەركىزى
قورشاۋدىن بوشۇتۇلدى. بۇ ئىشتىن مەن شىڭ شىسەينىڭ
ئالدىبۇرۇنلا تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى ئۇقتۇم.»

جاۋ جيەنفېڭنىڭ ئېيتىشىچە، ما جۇڭيىڭ ئۇلارنى قورشاپ
تۇرغاندا يىپاۋ چېڭگۇڭ دېگەن جايدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان
يىڭجاڭ جياڭ شيۇفېڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە تېلېفون بېرىپ،
دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ كۈچلۈك بولۇۋاتقانلىقىنى، جىددىي ئەسكىرىي
ياردەم ۋە ئوق - دورىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.
جاۋ جيەنفېڭ ئۇنىڭغا: يەنە 20 مىنۇت تاقەت قىلىپ تۇرغىن،
ھازىرلا ياردەم ئەۋەتىمىز، دېگەن. دەرۋەقە، 15 مىنۇتقا قال-
ماي سانجى تەرەپتىن نەچچە ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ما-
جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى بومباردىمان قىلىپ قاتتىق چىقىمغا

ئۇچراتقان. نەتىجىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى چېكىنگەن، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۇنىڭدىن: «نىمە ئۈچۈن يەنە 20 مىنۇت تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىڭ؟» دەپ سورى غاندا، جاۋ جيەنفېڭ: ئۇلارنىڭ جەڭدە بەرداشلىق بېرىشىگە مەدەت بەرمەكچى بولغان ئىدىم دېگەن. شېڭ شىسەي ئاڭ لىغاندىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپلا قويغان.

بۇرھان شەھىدىگە كەلسەك، ئۇ ما جۇڭيىڭ ئۆلكە مەر كىزىگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا ئالتاي، تارباغاتايغا ھال سوراش خىزمىتىگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ماجۇڭيىڭ ئۆلك مەركىزىگە ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇ چۆچەكتە ئىدى. شېڭ شىسەي چۆچەككە بىر نەچچە قېتىم تېلېگراممىا بېرىپ بۇرھان شەھىدى ۋ ياۋ شىيۇڭلاردىن قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەن - ئۆت مىگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدا 50 يىل» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ «شېڭ شىسەي شۇ چاغدا پەقەتلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تېزرەك كېلىپ ياردەم بېرىشىگە ئىنتىزار ئىدى. ئۇ چۆچەك تىكى ياۋ شيۇڭ ۋە ماڭا ئارقا - ئارقىلاپ جىددىي تېلېگرام ئەۋەتىپ قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش ئەھۋالىن ئىگەللەپ تۇردى. قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چۆچەك تىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغان قىزىل ئارمىيە 2 - ئاينىڭ باشلىرى دىخۇانىڭ غەربىدىكى تۇدۇنخاباغا يېتىپ كەلدى ئۇلارنىڭ ئاۋانگارت قىسمى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ نۇرغۇن ئادەم قازا تاپتى. كېيىن ئېغىر قوراللارنىۋە تانكا ئىشلىتىش ئارق لىق ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ دىخۇاغا كىردى».

ما جۇڭيىڭغا كەلسەك، ئۇ داجياۋچاڭغا ھۇجۇم قىلغان



ئايروپىلاندىن بىرنى غەنىمەت ئالغان بولۇپ ليۇتېچىڭ جاڭ شۈجېنىمۇ تۇتۇۋالغان ئىدى. ما جۇڭيىڭ ئايروپىلانغا چىقىپ جاڭ شۈجېغا ناگاننى تەڭلەپ تۇرۇپ شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە بومبا تاشلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ئەھۋالدا جاڭ شۈجې ئايروپىلاننى ھەيدەپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر بومبا، ئاتخانا ھويلىسىغا بىر بومبا، مەھكىمىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى توساق تامغا بىر بومبا تاشلايدۇ ھەممە تەسلىم بولۇش دەۋەت قىلىنغان تەشۋىق ۋەرەقلىرىنىمۇ چاچىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقانداق رولى بولمىدى.

## 4. ئۆلكە مەركىزىنى قورشاۋدىن بوشىتىشتىكى ھالقا - تۇدۇنخابا ئۇرۇشى

1933 - يىلى قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، بىزنىڭ ئاربلاشما لۈينىڭ 1 - تۈەنى سىكېشۇدىن ئۇلاۋسۇغا يېتىپ كەلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن شېڭ شىسەي بىزگە ئالتايىسكىلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلىپ ئۆلكە مەركىزىنى قورشاۋدىن بوشىتىشقا قاتنىشىڭلار دېگەن تېلېگراممىنى ئەۋەتتى. بىز دەرھال يولغا ئاتلىنىپ توختىماي يۈرۈپ كەتتۇق. 1934 - يىلى مىلادىيە 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سانجىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغ دەل سانجىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە پۇقرالار ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان ۋاقىت بولۇپ، بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزدىن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، چۆچەكتىن يولغا چىققان جاۋدېشۇ باشچىلىقىدىكى ئالتايىسكىلارمۇ يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى جاۋدېشۇ ھەربىي ئىشلار يىغىنى

چاقىردى. يىغىندا ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىد دى ۋە ياردار بولدى، بۇ ھالدا ماخۇسەن بىر قىسىم ئەسكىرىي
نىكى دۈشمەننى تازىلاش، ئاندىن تۇدۇنخابادىكى دۈشمەنگە ھۇ كۆچىنى ۋە مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن پۇقرالارنى ئۆلكە
جۇم قىلىپ ئۆلكە مەركىزىگە يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى، مەركىزى ئەتراپىدىكى تاغلارغا ۋە جىجىساۋزىغا يۆتكىدى، بىر
3 ـ، 4 ـ كۈنلىرى ئەتراپتىكى ماجۇڭيىڭنىڭ بازىلىرى يوقىتىلدى، قىسىم ئەسكىرىنى تۇدۇنخابادا داۋاملىق ئۇرۇشۇشقا قالدۇردى.
5 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە تۇدۇنخاباغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باش 14 ـ كۈنى چۈش ۋاقتى بىلەن گۈچۈڭ ۋە فۇكاڭدا مۇداپىئەدە
لاندى. ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى سوۋېت قىزىل تۇرۇۋاتقان نيۇجىنخەن، مادىشەننىڭ ئىككى ئاتلىق تۈەنى
ئارمىيىسى ئۈستىگە ئالدى. بىزنىڭ تۈەن بىلەن جاڭ يۈتاڭنىڭ مىچۈەندىن سانجىغا يېتىپ كەلدى. جاۋدىسۇ دەرھال ھەربىي
ئاتلىق تۈەنى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن تۇدۇنخاباغا قاراپ ئىل ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ تاڭ سەھەردە (15 ـ كۈنى) ئومۇمىي
گىرىلىدى. ئىككى تەرەپ تا چۈشكە قەدەر جىددىي ئېلىنىش ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى. بىزنىڭ 1 ـ ئاتلىق تۈەن ئاۋان
قاندىن كېيىن، ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىزىل ئار گارد بولۇپ ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولدى. ئالتايىسكىلار
مىيە ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ، بىر كەينىمىزدىن ماڭىدىغان بولدى. نيۇجىنخەن بىلەن مادىشەن
نەچچە ياردار ئەسكەرلەر ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ قېشىغا بىرىن سول قانات بولۇپ شىخودىن ئەرگۈك ئارقىلىق خۇگسەنگە يې
ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى، لېكىن قىزىل ئارمىيە بەرداشلىق بېرەلىتىپ كەلدى. ئالتايىسكىلارنىڭ ئاتلىق لىيەنى بىلەن جاڭ يۈ
مەي يېڭىلىپ چېكىندى. بىزنىڭ ئىككى قاناتتىكى ئەتاڭنىڭ ئىككى لىيەنى ئوڭ قانات بولۇپ شىسەندىن نيەنزى
كەرلىرىمىزمۇ كەينى ـ كەينىلەپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى گۇغا قاراپ سۈرۈلدى. ھەر قايسى قىسىملار يېتىپ كەلگەندىن
شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز مۇداپىئەنى كۈچەيتتۇق. 6 ـ كۈنى كېيىن بىز ئۆلكە مەركىزىدىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن ماسلى
جاۋدىشۇ بىزنىڭ تۈەنىنى ئالتايىسكىلارغا ئەگەرلەنگەن ئاتتىرشىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قىسىۋېلىپ ئەدد ـ
100 نى بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار بىر ئاۋانگارد ئاتلىق تۈەنى بەرمەكچى بولدۇق. جاڭ يۈتاڭ تۈەنى سانجىنى قوغداشقا
لىيەن تەشكىللىمەكچى ئىكەن. ئالتايىسكىلار شەرقىي دەرۋا قالدۇرۇلدى. قارار بويىچە تاڭ سەھەردە ئومۇمىي ھۇجۇم باش
سىرتىغا 12 دانە زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇدۇنخابادىكى ماجۇلاندى. زەمبىرەك ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا
يىڭ قىسىملىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى ئۇدا يەتتە كۈن توپ 2 سائەت جىددىي ئېلىشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى
تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىي ئالتە ئايروپىلان بوتۇنلەي تارمار بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. بىز دۈشمەننىڭ
ئۇچىتىن بۆلۈنۈپ ئەتتىگەن سائەت 10 دىن چۈشتىن كېيىنكە يىنىدىن قوغلاپ چوڭ ـ كىچىك دىۋوپو، لومەنچىڭلاردىن ئۆتۈپ
سائەت 4 كىچە تۇدۇنخابانى نۆۋەت بىلەن ئوققا تۇتتى ۋە بوتۇنلۇك كۆۋرۈككىچە كەلدۇق. يول بويى كىچىك قارشىلىقلار
بارىسمان قىلدى. بۇنىڭدىن ماخۇسەن قىسىملىرى ۋە ياردەمگە بولغان بولسىمۇ، دۈشمەن تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۆل
كەلگەن قىسىملار زور چىقىم تارتىپ نەچچە يۈز ئادىمى ئۆلگەن مەركىزىدىكى مۇداپىئە قوشۇنلىرىمۇ دەل ۋاقتىدا ھۇجۇم

قوزغىدى. ئۇتتۇرىدا قىسىلىپ قالغان دۈشمەن كەچقۇرۇن جى
جىساۋزىغا قاراپ قاچتى. كەچقۇرۇنلۇقى قېلىن تۇمان تۆت دالىنى
قاپلىۋالغان بولۇپ، ئادەمنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇ سە
ۋەبتىن بىز دۈشمەننى قوغلاشنى توختىتىپ، ئەتراپقا قاراۋۇل
قويۇپ تۈنىلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن 32 كۈنلۈك قورشاۋنى بوشى
تىش ئۇرۇشى ئاياقلاشتى. بۇ كېچە دەل قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ
30 - كۈنى، يەنى چاغان ھارپىسى بولۇپ، ئارمىيە بىلەن خە
بۇ كۈننى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

## 5. داۋانچىڭنى ئىگەللەپ ياتقان ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تارمار قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى جەڭ

ئۆلكە مەركىزى قورشاۋدىن بوشاپ 2 - كۈنى (2 - ئاينى
14 - كۈنى) بىز بۇيرۇققا بىنائەن ئاۋۋال جىجىساۋزىنى ئىگى
لەپ، ئاندىن داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدۇق. مۇشۇنى
قىلغاندىلا ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىنى قايتا قورشاش خە
ۋپىنى يوقاتقىلى بولاتتى. بىز قېلىن تۇمان ئىچىدە ئېھ
ياتلىق بىلەن يۈرۈش قىلىپ، 40 كىلومېتر كېلىدىغان يو
بىر كۈندە ئاران بېسىپ تۈگىتىپ، كەچقۇرۇنلۇقى جىجىساۋز
يېتىپ كەلدۇق. ئەتراپقا پوس قويۇپ شۇ جايدا تۈنىدۇق. زۇۋېيش
تۈەنى ئۇچرىغان پالاكەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلانىدۇ
بىز بۇ جايدا 15 كۈن تۇردۇق. 16 - كۈنى تۇمان تارقاپ ھ
ئېچىلدى. بۇ چاغقىچە ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئالتاي
كىلارمۇ يېتىپ كەلدى. 17 - كۈنى بىز يەنىلا ئاۋانگارد قى
بولۇپ سەيۋوپۇغا يۈرۈش قىلدۇق. يولبۇيى مانىڭ قىسىملى
ئۇچرىمىدى. 2 - كۈنى داۋانچىڭغا قاراپ يول ئالغىنى



ئۈچ - تۆت يەردە مانىڭ رازۋېتكىلىرىنى ئۇچراتقان بولساقمۇ،
لېكىن ئۇلار قارشىلىق قىلمايلا قېچىپ كەتتى. بىز داۋانچىڭ
بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمەن ئەسكىرىي
كۈچىنى ئەتراپتىكى يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسلىق كۈچىنى
تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە تاغ ئۈستىدە ئىس
تىھكام ياساپ ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن قارشىلاشماقچى بولغانلى
قىنى ئۇقتۇق. ئۇلار بۈگۈن بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزدىن خە
ۋەر تېپىپ پۈتۈنلەي تاغقا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. شۇ كۈنى
كېچىسى بىزنىڭ بارلىق قىسىملىرىمىز يېتىپ كەلدى ھەمدە
ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا، بىزنىڭ تۈەنىمىز
سول قانات، ئاق ئورۇسلار قوشۇنىنىڭ لۈيجاڭى بېكزايېف
اشچىلىقىدىكى 2 ئاتلىق تۈەن ئوڭ قانات قىلىپ بەلگىلەندى.
شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ پىيادە ئەسكەر لۈيى بىلەن
التايىسكىلار ئوتتۇرىدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولدى. زەمبىرەكلەر
ۆت ئەتراپقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 - كۈنى سەھەردە ھۇجۇم باش
نىدى. بىراق مانىڭ قوشۇنى تاغ ئۈستىدە بولغاچقا بىزنىڭ
ۇجۇمىمىز ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئىككى تەرەپ 2 - كۈنى چۈشكە
ەدەر جىددىي ئېلىشتى. بىز تەرەپنىڭ ئايروپىلانلىرى ۋە
ەمبىرەكلىرىنىڭ قاتتىق بومباردىمان قىلىشى ۋە توپقا تۇتۇشى
لەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. ئۇلار
يىباڭخې تەرەپكە قېچىشقا باشلىغاندا بىز يەنە قاتتىق زەربە
ردۇق. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار توخسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىن-
ڭغا قاراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەن ۋە ماجۇڭيىڭ-
ڭ شىڭ شىسەينى ئاغدۇرۇش سۈيىقەستى پۈتۈنلەي بەربات
لدى. بىرسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالدى، يەنە بىرسى قېچىپ
تتى. شىڭ شىسەي ئۆلكە مەركىزىنى قوغداش ئۇرۇشىدا غەلىبە

قىلدى. نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ۋاقىتنچە مۇقىملىشىپ ئىشلەپچىقىرىشمۇ نورماللاشتى. يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەدرىجى ھالدا گۈللىنىش يولىغا قاراپ قەدەم ئالدى.

مەن بۇ ماقالىنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزەم شەخسەن قاتناشقان ئۇرۇشلار، شۇنداقلا شېڭ شىسەيگە فۇگۇەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن جاۋ جيەنفېڭنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ ئىشلەپ چىقتىم. خاتا كەتكەن جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مۇشۇ ئەھۋاللارنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.



# شىنجاڭ موڭغۇل، قازاق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا دائىر قىسقىچە ئەسلىمە

سەي خېڭسېڭ

مەن 1935 - يىلى 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە دىخۋا (ئۈرۈمچى) دىكى موڭغۇل، قازاق مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلدىم. ئۇ چاغدا بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان ئىدى. مەن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلىرى بىللە مەكتەپ قۇرۇش ئىشىغا قاتناشتىم. شۇ چاغدىكى تۇرمۇش مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ ئىشنىڭ بولغىنىغا 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. بەزى ئىشلارنى ئەسلىسەم خۇددى تونۇگۈنكىدەكلا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇ جەرياننى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىكى ئومۇمىي ئەھۋال

1935 - يىلى 2 - ئاي مەزگىلىدە مەن بىلەن جاڭ مىڭ-
…ەنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇرۇلغان مايتاغ نېفىت كانى (ئەينى
…اغدا شىنجاڭ ئەنجۇمەنى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى دەپ ئاتىلاتتى)

راسخوت يېتىشمەي ئىشتىن توختاپ قالدى. بۇ سەۋەب
تىن مەن خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ ئورۇمچىدە
خىزمەت قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. شۇ چاغدا، مەن ئۆلكىلىك
سىفەن مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلغان چاغدىكى خىزمەتدىشىم
شىنجاڭ موڭغۇل - قازاق مەكتىپىگە مۇدىرلىققا يۆتكەلگەن
خې شىجۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ بۇ چاغدا مەكتەپ
قۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇپ، مېنى شۇ مەكتەپ
كە مۇئەللىملىككە تونۇشتۇردى. مېنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرى
قارشى پىدائىيلار ئارمىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگىنىمگە
ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇل
چە ۋە قازاقچە تىلنى بىلمەيتتىم. مۇشۇ سەۋەبتىن ئوقۇتقۇ
چىلىق قىلىشقا ئانچە زور ئىشەنچ قىلالمىغان بولسامۇ، يەنىلا
بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن دەرس بېرەرمە
دىگەن خىيال بىلەن باردىم.

مەزكۇر مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا، مەكتەپنىڭ
ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 10 كىشىگە
يەتمەيتتى، موڭغۇل، قازاق ئوقۇتقۇچىلىرى تېخىمۇ ئاز ئىدى
ئېسىمدە قېلىشىچە موڭغۇل ئوقۇتقۇچىدىن دەسلەپتە پەقەت
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان كۆكجا بار ئىدى، خەنزۇ
بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىسى كۆپ ئىدى
بۇنىڭدىن باشقا، يەنە موڭغۇلچە دەرس بېرىدىغان گۆكبو
ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. خوخەيىن ئىسىملىك موڭغۇ
چە بىلىدىغان بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى بولۇپ، قوشۇمچە تەرجى
مانلىق قىلاتتى. خەنزۇچە بىلىدىغان يۇدىلى ئىسىملىك با
ياش قازاق مۇئەللىم بار ئىدى، كېيىن يەنە خەنزۇچە بىل



دىغان زىكىرىيا ئىسىملىك قازاق مۇئەللىم تەكلىپ قىلىندى. سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن شى زىجېن ئىسىملىك بىر خەنزۇ مۇئەللىم بار ئىدى. يەنە سىفەن ئۆگىنىش - ئۆگىتىش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن جاڭ ۋە سۇن فامىلىلىك 2 نەپەر مۇئەللىممۇ بار بولۇپ، ئۇلار مەندە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. كېيىن يەنە بۇرۇنقى شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى پىيادە قىسىملار ئەترى- تىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماتۇگىيى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىن- دى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تونۇشىدىغان ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان قىزغىنلىقى نا- ھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇدىر خې شىجۇن مەكتەپ باشقۇرۇشتا تەجرىبىلىك، خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولىدىغان، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان كىشى ئىدى. شۇڭلاشقا، كۆپچىلىكتە موڭغۇل، قازاق مائارىپىنى ئوب- دان يولغا قويۇشتەك ئورتاق ئارزۇ بار ئىدى.

مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى موڭغۇل، قازاقلاردىن قوبۇل قىلىن- غان تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن بۆلەك، يەنە باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئازسانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. تىل - ئەدەبىيات ئاساس قىلىناتتى، بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇ تىلى، ھۆكۈمەت سىياسەتلىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، مۇزىيكا دائىر ساۋات دەرسى بار ئىدى، دەرسلىك كىتاب بەك ئاز بولۇپ، تولىسى كونسپېكت ئىدى. دەسلەپتە خەنزۇ ئوقۇتقۇچى- لار تەرجىمان ئارقىلىق دەرس ئۆتتى، تەرجىماننىڭ يېتىشمەس- لىكى سەۋەبىدىن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشتا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق رايونلى
رىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر تۇرمۇشىغا ۋە دەرسخانى
ئولتۇرۇپ ئوقۇش ئادىتىگە تازا دىگەندەك كۆنەلمىدى، بەزىلى
كېسەل بولۇپ قالدى، بەزىلەرنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى تۆۋەن
لەپ، روھى چۈشۈپ چارۋىچىلىق رايونىغا قايتىپ كېتىشى
تەلەپ قىلدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ها
مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىپ مۇندا
تەدبىرلەرنى قوللاندى: دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇش ۋاقتى
مۇۋاپىق قىسقارتىش، دەرستىن سىرتقى تەنھەرىكەت، ئويۇن
تاماشا قىلىش پائالىيىتىنى كۆپەيتىش، مەكتەپ شارائىتى
ئۆزگەرتىشكە كىرىشىشتىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار
باشلاپ شەھەر سىرتىدىن چىم ئېلىپ كەلدى، مەكتەپ ئىچى
دەلدەرەخ تىكتى، گۈل - گىيا تەردى ۋە چىم يايدى. بىز گە
تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى بىلەن ئانچە تونۇش بولمىساقمۇ،
كىن جاڭ، سۇن قاتارلىق ياش مۇئەللىملەر بىلەن بىللە تە
تەربىيە ھەرىكەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردۇق. شۇ چاغدا، مەكتەپنى
تارغىنە قوروسى بار ئىدى، مەن يۆتكەپ يۇرۇشكە بولىدۇ
ئورۇمچى بويىچە تۇنجى ۋاسكىتبول گارنى لايىھىلەپ چ
تىم. شۇنداق قىلىپ بىر مەيداندا ۋاسكىتبول، ۋالىبول،
توپ قاتارلىق توپ تۈرىدىكى كۆپ خىل تەنھەرىكەتلەر ئوينىلى
غان بولدى، يەنە بىر مۇنچە تەنتەربىيە ئەسۋابلىرى سېتى
لىندى ھەم ياسالدى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى باشلا
ھەر كۈنى ئويۇن، تەنھەرىكەت قىلىدىغان بولدى. بۇ، كېيى
مەزگىللەردە موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭ بوي
ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كۆپ تۈرلەردە چېمپى
لۇققا ئېرىشىشىگە ئاساس بولدى.



## 2. موڭغۇل، قازاق دراما، ئۇسسۇل سەنئەت پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى

1935 - يىل ئەتىيازدا، شىنجاڭ موڭغۇل، قازاق مەكتىپى
جىددىي تەسىس قىلىنىۋاتقاندا، «12 - ئاپرېل» نىڭ 2 يىللىق خاتىرە
كۈنى يېتىپ كەلدى، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى خاتىرى-
ەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەكتەپ بىناسى ۋە ياتاقلارنى
بىنەتلەش، ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزىپ مەشق قىلدۇرۇشتىن
باشقا يەنە كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن موڭغۇل، قازاق مىللەت-
لىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلاندى. بارلىق
وقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە كوللېكتىپ «يېڭى شىنجاڭ
ۇرايلى» دىگەن تېمىدا 3 پەردىلىك دراما ئىشلەپ چىقتۇق،
ۇنىڭ كاتىپلىقىنى مەن قىلدىم. بۇ، شۇ چاغدا، شىنجاڭ بويى-
تە مەرىپەت دراممىسى ھېسابلىنىپ، ئۆزىمىز تۈزۈپ، ئۆزىمىز
رېژىسسورلۇق قىلغان ۋە رول ئالغان «مەدەنى تىياتىر» ئىدى.
ۇ، ئەينى چاغدا موڭغۇل، قازاق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت،
سەنئەت تۇرمۇشىدا ھەم بىر يېڭى شەيئى ئىدى. بۇ جەھەتتە
موڭغۇل، قازاق ياش ئۆسمۈرلىرىنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى
قىرى بولدى، بىز موڭغۇل، قازاق مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا يايلاقلارغا
رىپ، موڭغۇل، قازاقلارنىڭ كىيىم، كىگىز ئۆي قاتارلىق ئو-
ن قويۇشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، كېچە -
اندۇز رەپتىس قىلدۇق.

موڭغۇل ۋە قازاقلار ئۆلەڭ ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا
ھىر مىللەت. تاللاش ئارقىلىق، موڭغۇل، قازاق ئۇسسۇل گۇرۇپ-

لىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆكچا ۋە يۇدىلىلەر
لارنىڭ رەپتىس قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. موڭغۇل
باشلىقى سېرىك مەنخەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى موڭغۇل قىزلىرى
دىن بىر مۇنچە كىشىنى تاللاپ، مېنى ئۇلارنىڭ قەدىمقى
غۇل ئۇسسۇلىنى رەپتىس قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىشىمنى
لىپ قىلدى. لېكىن موڭغۇلچە ئۇسسۇلدىن قىلچە خەۋىرىم
مىغان مەن بۇ «رىژىسسور» پەقەت يايلاق ۋە كىگىز ئۆيلە
ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئويناش جەھە
تە بەزى پىكىرلەرنىلا بېرەلىدىم.

يېرىم ئاي رەپتىس قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ئوقۇتقۇ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن
غۇل، قازاق دراممىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرى دۇبەن مەھكىمى
قوروسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 ـ ئاپرېل» نى تەبرىكلەش كۆ
ئېچىش كېچىلىكىدە ئاخىر سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. ك
ئۆي سەھنىدە كۆرۈنگەندە پۈتۈن زالدىكى تاماشىبىنلار
دۇراس ئالقىش ياڭراتتى، كۆپچىلىك موڭغۇل، قازاق مىل
لىرى دراممىلىرىنىڭ سەھنىدە ئويناپ چىقىلغانلىقىدىن
لىقىقا چۆمدى ۋە ئىلھاملاندى. موڭغۇل، قازاقلارنىڭ تاللان
ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ موڭغۇل قىزلىرىنىڭ قەدىر
كىيىملىرىنى كىيىپ ئويىنىغان ئۇسسۇللىرى تاماشىبىنلار
ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

### 3. لاگېر تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى

مەكتەپ موڭغۇل، قازاق ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ



ئۈمىشكە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە
ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق
ۋاقىت كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن
موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا كۆنەلمىدى.
ولۇپمۇ ياز پەسلى كىرگەندىن كېيىن، كېسەل بولۇش ۋە
وھسىزلىنىش بىلەن ئوقۇشتىن چېكىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار
ارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، مائارىپ نازارىتى
ەكتىپىمىزنىڭ غەربىي باغچا يېنىدىكى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ
ەربىي قىرغىقىدا يېڭى مەكتەپ بىناسى سېلىشنى تەس-
قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن يېرىم يىل ۋاقىت
پېتەتتى. كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى موڭغۇل، قازاق مەدەنىي
اقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىپ يېڭى
ەكتەپ بىناسى پۈتكىچە، مەكتەپنى نەنسەننىڭ بەيياڭگۇ
لغىسىغا كۆچۈرۈپ كېتىپ، شۇ يەردە دەرس ئۆتۈشنى
ار قىلدى.

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، مەكتەپ مۇدىرى خې شىجۈن
ىلەن لاۋازىماتچى خادىمنى يېڭى مەكتەپ بىناسى
الدۇرۇش ئىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن
ۇمچىدە قالدۇرۇپ، قالغان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇ-
لارنى نەنسەن بەيياڭگۇ جىلغىسىغا كۆچۈرۈشنى
رار قىلدى. موڭغۇل، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى
2 دانە كىگىز ئۆي ئارىيەت بەردى. بىز ئوقۇتۇش ئەس-
بلىرى، ئاشپەز، ئوزۇق ـ تۈلۈك ھەم 100 تۇياق قوي
لىپ بەيياڭگۇ جىلغىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئوقۇغۇچى-
ر يايلاققا بېرىپ دەرس ئۆتۈدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن
ۇشال بولۇشتى ۋە يولغا چىقىشقا تەييارلىقىنى

تېزدىنلا تۈگەتتى.

نەنسەنگە كەلگەندە مەن ھـەيرانلىق ۋە خـۇشاللىق ئـ
چـىگـە چۈمدۈم. بـىپايان چۆلـلۈك دەپ نـام ئالغان شـ
جاڭدىمۇ، شەرقىي شىمالغا ئوخشاش ئـىپتىدائىي ئورمانلىقنى
بارلىقىنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىدىم. يـىراق -
راقلارغا نـەزەر سـالغاندا قاتمۇ - قات يـېشىللىققا پـۈركەنگە
تاغلار، جىرالاردىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سـۇلار، چـەكسىز
لاقلار، ئوتلاپ يۈرگەن ئـات، كالا، قوي پـادىلىرى كـۆزگە
لىقىدۇ، بۇ يەر سالقىندايدىغان مەشھۇر جاي بولۇشقا مـۇناس
ئىدى، بـۇ كۆرۈنۈشلەر بـىزنىڭ شىنجاڭغا بـولغان قىزغ
مـۇھەببىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بىز ئـەتـراپنـى تەكشۈرۈپ كـۆرۈپ، دەم ئـېلىش ئـ
نىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە لاگېر مـەشغۇلاتى ئېلـىپ بېرىش
قـارار قـىلـدۇق. ئـوقـۇتقـۇچى ۋە ئـوقـۇغۇچىلار بـارىگ
تىكلەش بىلەن ئـالدىراش ئىدى. بۇ يـەردىكى تەكشىلىك
خۇددى گىلەمگە ئـوخشايدىغان چۆپلۈك ئىدى؛ سۈپ - سۈ
سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى؛ چارۋىلار ۋە سالقىندايد
كىگىز ئۆيلەر ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تـۇراتتى؛ بۇ جايدا
ۋەتـەنـگـە قـايتقان بىر مۇھاجىر ئـاچقان سودا دۇكىنـى
ئىدى. دېمەك بـۇنىڭدىن باشقا ياخشى يەر يوق ئىدى.
نىڭ لاگېرىمىز ئورۇنلاشقان كىگىز ئۆيلەر خۇددى ئـېلىپ
(تۈز - سىزىق) تـىزىلغان، ئالدى تـەرىپى تـەكشى ئوت
قـارىغـان، ئارقا تەرىپى ئىگىز تاققا ياندىشقان بـولۇپ،
ۋە ئوتۇن - ياغاچ ئىشلىتىش بەك ئوڭاي ئىدى. بىز مە
نى كـۆچۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى جـىمجىتلىق
زۇلـدى. خـۇدانىڭ قـۇتلۇق كۈنى ئـەتىگەندىن كـەچكى



اخشا ساداسى، كۆلكە ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي بۇ جىلغىنى چاڭ
كـەلـتـۈرەتتى.

لاگېردىكى ئـوقۇتۇش ۋاقتى مـۇنداق ئىدى: ئـەتىگەن
ورۇندىن تـۇرۇپ گىمناستىكا ئـويناش، ئـەتىگەنكى سۆرۈندە
ېز ئىككى سـائەت دەرس ئـۆتۈۋېلىش، ئـەتىگەنلىك تاماقتىن
ېيىن، ئوقۇتقۇچى ۋە ئـوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، دالا
اماشاسى قىلىپ، تـاققا چىقىپ، ئـۆسۈملۈك ئـەۋرىشـكىلىرى
ە بۆلدۈرگەنلەرنى تېرىپ كېلىش، چۈشلۈك دەم ئېلىش ئۇ-
ۇن ئىدى، چۈشتىن كېيىن 2 سائەت دەرس ئۆتۈش، كەچلىك
اماقتىن كېيىن كـولـلېكتىپ تاماشا قىلىش ھەم كـەچقۇرۇنـ
قى 2 سائەت شىنجاڭ بـويىچە ئـۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت
ۇسابىقىسىگە قـاتنىشىش ئـۈچۈن، يېنىك ئاتلىتىكا تۈرى بو-
چە مـەشـق ئېلىپ بېرىش، ئـۇنىڭدىن كـېيىن دەم ئـېلىپ
ۇخلاش ئـىدى.

لاگېردا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش مـوڭغۇل، قـازاق ياش
سمۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئـادىتىگە تازا ماس كېلەتتى. شۇنىڭ
لەن ئۇلارنىڭ شـەھەردىكىدەك ھېلىقى روھسىزلىق ھالىتى
گەپ، كۆتىرەڭگۈ روھلۇق كەيپىيات بارلىققا كـەلدى، تـىرىـ
پ ئـوقۇيدىغان بولدى. ئـەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەـ
تلەردە تېز ئالغا باستى. دەسلەپ كەلگەندە نۇرغۇن ئوقۇغۇـ
لار بـىـر ئـېـغـىزمـۇ خـەنزۇچـە گـەپ بـىلـمـەيتتى.
گېر تـۇرمۇشى ئـۆتكۈزگەندىن كـېيىن، 2 ئايغا يەتمەيلا كۆنـ
لىك تـۇرمۇشتىكى گـەپ - سۆزلەرنـى قىلالايدىغان بولدى.
اكىت مـوڭغۇل، قازاق ياش ئۆسمۈرلىرىنىڭ باشقا مىللەتـ
ر ياش ئۆسمۈرلىرىگە ئوخـشـاشـلا ئـەقىل - پاراسـەتلـىـك
كەنلىكىنـى ھـەمـدە ئـىشلەپچىقىرىشتا ۋە كەڭ تەبىئەتكە

قارشى كۆرەش قىلىش ماھارىتى جەھەتتە شەھەردە ئۈس
كەن ياش ئۈسمۈرلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىچ
ئىسپاتلىدى.

نەنسەن چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئوقۇتۇش داۋامىدا
بىز ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم ئوقۇغۇچى بولدۇق، چارۋىچىلىق
رايونىدىكى ھەممە ئىشتا بىز خام ئىدۇق. دەرستىن چۈشۈپ
كەندە، بىز موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىچىك
گىرتى بولۇشقا رازى بولدۇق، يېزا - قىشلاقلارغا بارغاندا
ئامىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى سوراپ بىلىۋېلىش كۆپ
ئورتاق ياشاۋاتقان شىنجاڭدا تېخىمۇ مۇھىم ئىدى، بىز
بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن موڭغۇل، قازاقلارنىڭ
مۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆز ئارا مۇئامىلە
لىشتىكى قائىدە - يوسۇنلىرىنى ۋە ھەر قايسى مىللەتلە
يامان كۆرىدىغان ئادەتلەرنى سوراپ ئۆگەندۇق. مەلۇم
كۈنى، بىز بىر قازاق مىڭبېگىنىڭكىگە مېھمانغا باردۇق،
ۋال ئوقۇغۇچىلاردىن قازاقلارنىڭ ئادىتىدىكى ئۆرپ - ئادە
لىرىنى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنى، جۈملىدىن دەسلەپ
كۆرۈشكەندە ئامانلىق سورىشىش، سوغا - سالام بېرىش،
ماقلىنىش، گۆش يېيىش، قىمىز ئىچىش ۋە خوشلىشى
ۋە باشقا جەھەتتىكى «قائىدە» لەرنى سورىۋالدۇق. دەسلە
بەك تارتىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئى
قىلدۇق، مەيلىمىزچە ئىش قىلمىدۇق. مەسىلەن، گۆشنى
جىق يەيدىغان گەپ ئىكەن، قىمىزنى ساھىپخان قانچىلىك
قۇيسا، خوش ئېيتماي ئىچىۋېرىش كېرەك ئىكەن، بۇ قازا
نىڭ قائىدىسى، بۇنداق قىلمىسا، ساھىپخان خاپا بولىدىكە
دەسلەپ قىمىز ئىچىشكە مەن ئانچە ئادەتلىنەلمىدىم، بىر



ساھىپخانىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماي، دەپ زورلاپ چىداپ
ئىچىۋەردىم، ئاخىر تازا چىڭقالغىچە ئىچەلەيدىغان بولدۇم.
كۈنلەر ئۆتۈۋەرگەنسېرى، بىزمۇ كۆنۈپ قالدۇق. موڭغۇللار-
نىڭكىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، بىمالال ئولتاردۇق.
ئوقۇغۇچىلار يەنە بىزگە ئات مىنىش، تاغقا چىقىش، مال
چۈشۈرۈش، كىگىز ئۆي ياساش، مال سويۇش، بۆلدۈرگەن تېرىش،
قىمىز ئېچىتىش ھەم تېزەك قالاپ تاماق ئېتىش قاتارلىق
چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بىلىملى-
رىنى ئۆگەتتى. قىسقىسى، بىز خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار چارۋى-
چىلىق رايونىغا بېرىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق.
تۇرمۇش بىلىملەر موڭغۇل، قازاق مائارىپ خادىملىرى ئۈچۈن
قېيىتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

## 4. ئات ئۈستىدىكى باتۇرلار، تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى ئەزىمەتلەر

1935 - يىلى لاگېر تۇرمۇشى ئۆتكۈزۈۋاتقان ياز كۈنلى-
رىنىڭ بىرىدە، بىز كۈزدە پۈتۈن شىنجاڭ تەنھەرىكەت مۇسا-
بىقىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز
لاگېر شارائىتىدا چاپالىق مەشق قىلىپ، ئاندىن تەنھەرىكەت
مەيدانىغا بېرىپ بىرىنچىلىكنى ئېلىش خىيالىغا كەلدۇق.
گۆشىز كەڭ ئوتلاقتا يېنىك ئاتلىتىكا سورۇنى تەييارلىدۇق. تەن-
ھەرىكەت مەيدانىدا يۈگۈرۈش يولى ياساش، قوم كۆلچەك
قازالىۋېرىش، ئېگىزگە سەكرەش جازىسى ئورنىتىش قاتارلىق
ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىز چالا تەنتەربىيە مۇئەللىملىرى يېتەك-
چىلىك قىلدۇق. ئىچكىرىدىن تەنتەربىيىگە دائىر نۇرغۇن

كىتاب - ژۇرناللارنى پوچتا ئارقىلىق سېتىۋالدۇق ئازادە سېلىنغان 2 قاتار ھەشەمەتلىك يېڭى مەكتەپ بىنا-
موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلارنى ھەر كۈنى 3 سائەت يېنىماسىغا كۆچۈپ كىردۇق. بۇ يەر باغچىغا يېقىن، دەرياغا يان-
ئاتلىتكا مۇسابىقىسى مەشق قىلىشقا تەشكىللەپ، ئۇلارغا داشقان، ساپ ھاۋالىق - مەنزىرىلىك جاي بولغاچقا، موڭغۇل،
تۇرلۇك تەنھەرىكەت مەشقلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، نىزاملىرى قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا تازا باپ
ۋە ماھارەتلىرىنى تەپسىلىي ئۆگەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بېكىلەتتى.
ۋاقىتتا، مەن ۋە ياش ئوقۇغۇچىلاردىن جاڭ، سۇنلەر بىلە 9 - ئاي مەزگىلى، ئۇرۇمچىدە، سالقىن كۈز يېتىپ
بىللە باشلامچى بولۇپ تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇق كەلدى، مىۋە - چىۋىلەر پىشىپ خۇشپۇراق تارقىتاتتى. شىنى-
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنھەرىكەتكە بولغان قىزغىنلىقىغا ئۇلىشاڭ تەنھەرىكەت يىغىنى شىمالىي دەرۋازا سىرتىدىكى ھەربىي
بولسۇن ئۈچۈن مەن ھەر كۈنى 10 مىڭ مېتىرغا يۈگرەش مەكتەپنىڭ مەشق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەكتەپتىكى
ئېگىزگە ۋە يىراققا سەكرەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. بىبارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار شاد - خورام ھالدا بۇ زور
مۇشۇنداق 3 ئاي جاپالىق مەشق قىلىش ئارقىلىق يىغىنغا قاتناشتى. 30 نەچچە نەپەر موڭغۇل، قازاق ياش
موڭغۇل، قازاق ياش ئۆسمۈرلىرى ئات ئۈستىدە باتۇر تەنھەرىكەتچى باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇرۇپپىلارنىڭ مۇسابىقى-
ئاتتىن چۈشسە تاتۇر دېگەن سۆزنىڭ توغرى ئەمەسىغا قاتناشتى.
ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، ئۇلارنىڭ تېنى ساغلا موڭغۇل، قازاق ئوقۇغۇچىلار 50، 100، 400 مېتىرغا
چىداملىق، تەن ساپاسى ياخشى، بۇ ئۇلاردىكى ئەۋزەللىكلەرنى ئۇلاپ يۈگرەش، ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش
3 ئاي جاپالىق مەشق ئارقىلىق، نەتىجىسى ياخشى بولغاقاتارلىق يېنىك ئاتلىتكا مۇسابىقىلىرىنىڭ چېمپىيونى بولدى.
موڭغۇل ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋتەي، دورجى؛ قازاق ئوقۇغۇچىنى چاغدا، موڭغۇل، قازاق مەكتەپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
لاردىن قوڭقازى قاتارلىق 30 نەچچە ئەلا تەنھەرىكەتچىنە نەھەرىكەت كىيىمىگە قىزىل، كۆك، ئاق رەڭلىك 3 خىل چەم-
مىرەك، يەنى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تېنچلىق، شىنجاڭنى
تاللاپ چىقتۇق.
بىز نەنسەندە 9 - ئاينىڭ بېشىغىچە تۇردۇق. تاماسىرە قىلىش» تىن ئىبارەت 3 چوڭ سىياسەت سىمۋول
ياپراقلار توكۇلۇپ ئوت - چۆپلەر سارغىيىۋاتقان مەزگىللىنىغان مەكتەپ بەلگىسى بېسىلغان بولۇپ «رەڭلىك
مۇدىر خې شىجۇن بىزگە: يېڭى مەكتەپ بىناسى پۈتتىپلىق» قا بەكمۇ ئوخشايتتى. شۇڭا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقە
شەھەرگە قايتىپ كېلىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. باياقلاشقاندا، كىشىلەر «يەنە بىزنىڭ رەڭلىك بېلىق»
قېتىمقى لاگېر تۇرمۇشىدىن ھەممە جەھەتتە ناھايىتى زور مىزچېمپىيون بولدى،دېيىشىپ، چۇقان سېلىشاتتى. مۇسابىقە
ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدۇق، دېيىشۋامىدا، باشلانغۇچ دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەممە مۇسابىقە
كە بولىدۇ. بىز قايتىپ كېلىپلا، غەربىي باغچا سىرتىدىكى كۆللىرى ئاساسەن دېگۈدەك بىزدىن ئاشىدى. موڭغۇل، قازاق

مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىدا، ھەممە كىشىنى
بىردىنلا ھەيران قالدۇردى. ئۇلار ھەم ئات مىنىشكە باتۇر،
ھەم تەنھەرىكەت مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئەزىمەتلەردىن بولۇپ
قالدى. بىزنىڭ قىلغان ئەجرىمىز ھەقىقەتەن زايا كەتمىدى،
موڭغۇل، قازاق مەكتىپى قۇرۇلۇپ بىر يىلغا يەتمەيلا،
مەكتەپنىڭ رەھبەرلىكى ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ھەم موڭغۇل، قازاق
مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى
ئارقىسىدا، مەزكۇر مەكتەپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش، ئەدەبىيات،
سەنئەت، ئويۇن قويۇش، تەنھەرىكەت قاتارلىق جەھەتلەردە
زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇڭا، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى
باشلانغاندا، مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مەك-
تەپ قۇرۇلغانلىقى ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى غەلىبىلەر
تەبرىكلەندى. يىغىن مەيدانىغا 10 نەچچە لەۋھە ئېگىز
ئېسىلدى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك زىياپەت
بېرىلدى، خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. كۆكچا، يۇدبىلى
زىكىرىيا، ماتۇۋجى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەن قوشۇلۇپ
خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق تىللىرىدا مەكتەپ ژۇرنىلى تەھرىرلەپ
تۈزۈپ چىقتۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ پوچتا-
باشقۇرۇش ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، بۇ مەكتەپتىن ئايرىلدىم.
كېيىن موڭغۇل، قازاق مەكتىپى ئۆلكىلىك ئاددىي دارىلمۇ-
ئەللىمىن قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مەن
شۇ يىللاردا بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن، كۆرەش قىلغان
مۇدىر خې شىجۇنگە، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ۋە موڭغۇل



قازاق ياش - ئۆسمۈرلىرىگە چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىم بولغاچقا
ئۇلار دائىم مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدۇ. شۇ چاغدىكى
ئوقۇغۇچىلار بۈگۈنكى كۈندە، موڭغۇل، قازاقلارنىڭ شىنجاڭنى
گۈللەندۈرگۈچى تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى، چاچلىرى ئاقار-
غان بوۋايلارغا ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە موڭغۇل، قازاق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت،
مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئاسمان-
زېمىن پەرقىدەك زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى،
ئىچكى موڭغۇل كوكخوت شەھىرى.

# شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇ غۇچى چىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا

سەي خېڭشېڭ

شىڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈرسەتتىن پا
دىلىنىپ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەن ھوقۇقىغا ئولتۇرغا
دىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆزى
يات بولغان كۈچلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ناھايىتى ۋەھشىيانە ئۇس
لارنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئا
قىلىق «12 ـ ئاپرېل» ھەرىكىتىدە جىن شۇرېنىنى قوغلى
ئاساسلىق شەخسلەردىن چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋ مىڭ
لەرنى ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچى
رىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ھەربىي باشلى
لىرىدىن جېڭ رۇنچىڭ، ياڭ ياۋجۈن قاتارلىق ئون نەچچە كىش
قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىن كۈچلۈ
بولغان رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئىگىلىك ھوقۇق
يوقىتىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرۈشتىن باش تارتماستىن، سىرتتى
كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭ پ
يۈەنىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى باستۇردى، ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي
ھاسىرىسىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ماجۇڭيىڭنى تۇرپان، پىچانلارنى تاشل
جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە خوتەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇندا



دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجىغا بىر تەرەپتىن ھەربىي بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشكە كۆندۈردى. شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبىلىرى، شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ئىبارەت قالايمىقان ۋەزىيەتكە ئوبىيېكتىپ جەھەتتىن خاتىمە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ تىنچ ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

تىنچ ۋەزىيەت قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭى ھۆكۈمران شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا ھەممە جەھەتتە خانە ـ ۋەيران چىلىقتا ئۇچرىغان، بارلىق كۈچ بىلەن باشقىدىن ئوڭشاشقا توغرا كېلىدىغان پاجىئەلىك مەنزىرە توغرا كەلگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قوۋم خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى. كۆللاشقا مۇشۇ چاغدا شىڭ شىسەي خەلققە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈ تىغان ئىلغار سىياسىئون قىياپىتى بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئەڭ ئالدى بىلەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممى نى ئېلان قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللىي باراۋەرلىكتىن ئىبارەت چوڭ سىياسەت (كېيىن تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللىي باراۋەرلىك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەت بولدى) نى ئوتتۇرىغا قويدى.

1934 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئېلىپ بېرىلغان ئىشلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن

ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەخسۇس پۇل ئاجرىتىش، ئۇرۇقلۇق تارقـ
تىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇ چاغدا نۇرغۇن ھۆكۈمە
خادىملىرى ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىر
ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يېزىلارغا چۈش
دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەملەشـ
ئارقىدىنلا يەنە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلەر ھۆكۈمرانلىق ق
غان دەۋردىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلاردا كۆر
گەن جىنگەرسىزلىك ۋە قابىلىيەتسىزلىك، خىيانەتچىلىك
ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، «خىيانەتچىلىك ۋە مەسئۇلىيەت
سىزلىك قىلغانلارنى جازالاش قائىدىلىرى»نى تۈزۈپ چىقىشل
بۇنىڭدا ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ خىيانەت قىلغان پۇلى
سەردىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ،
بەلگىلەندى. مۇشۇ قائىدە ئېلان قىلىنغان يىلى، يەنى 35
يىلى خىيانەتچىلىك جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن قۇتۇبى ناھىيىسى
نىڭ ھاكىمى شۇي ۋېنبىڭنى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە ئىلگىر
كېيىن بولۇپ مالىيە ئىدارىسىگە باشلىق بولغان ۋاڭ يىجيا
ۋاڭ جۇنشيۇ قاتارلىقلارنى ئېتىۋەتتى. شېڭ شىسەينىڭ
تەدبىرلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇز
غا داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىشتەك سەھەم
ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىدى. «يېڭى ھۆكۈمەت» نىڭ سىيا
پروگراممىسىنى يۈرگۈزۈش، 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ روھ
تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تۈركۈم
يېڭى ئىدىيىگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك ياش تا
كۆچلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇڭا، مائارىپنى را
لاندۇرۇش ۋە بۇ خىلدىكى ئىختىساسلارنى تېزدىن يېتىشتۈ
چىقىش شۇ چاغدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بو



قالدى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا نۇرغۇن
مىقداردا ئوقۇغۇچى چىقىرىشى دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە پەيدا بولغان.
شېڭ شىسەي شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان
ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرى تەمىنات بىلەن تەمىنلەپ ئالاھىدە ئورۇنلارغا
خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە شەخسەن ئۆزى تەلىم - تەربىيە
بەرگەن ۋە دەرس ئۆتكەن ئىدى. گەرچە بۇنىڭدا شېڭ شى-
سەينىڭ شەخسىي مۇددىئاسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېك-
جەھەتتە ئەينى ۋاقىتلاردا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ
چىقىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خېلى چوڭ رول ئوينىدى. بۇ
ماقالەمدە شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر قانچە قې-
تىم ئوقۇغۇچى چىقىرىش جەريانى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش
ئەھۋالى ھەققىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن قىسقىچە بايان قىلىپ
ناھىيىسۆتىمەن.

## 1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاش ۋە ئەۋەتىش جەريانى

شېڭ شىسەي 1934 - يىلىدىن تارتىپ 1936 - يىلىنىڭ ئاخىر-
ىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ
پايتەختى تاشكەنتتىكى دۆلەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى
(قىسقارتىپ CATY دەپ يېزىلىدۇ) گە جەمئىي 3 تۈر-
كۈم ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، ھەر يىلى بىر تۈركۈم، ھەر بىر تۈر-
كۈمدە 100 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
مەنبەئى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ دارىلمۇئەللىمىندە
ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇش
ئاساسىدا (يىللىق چەكلىمىسى يوق) مەدەنىيەت بىلىمىدىن

ئىمتىھان ئېلىش، تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلى
قوبۇل قىلىناتتى. مەدەنىيەت بىلىمىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھا
دا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەۋىيىسى بولۇش
تەلەپ قىلىناتتى. تەن سالامەتلىكىنى ئولكىلىك دوختۇرخان
دىكى سوۋېت دوختۇرى (ئۇ چاغدا ئۆلكىلىك دوختۇرخانى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن تىببىي - دو
گەرلىك مۇتەخەسسىسلىرى بار ئىدى) تەكشۈرەتتى. ئوقۇغۇچ
لارنىڭ مىللىي تەركىبى مۇنداق ئىدى: خەنزۇچە سۆزلەيدىغا
خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار 40% نى
ئۇيغۇرلار 40% نى، موڭغۇل، قازاقلار ئايرىم - ئايرىم ھال
10% نى تەشكىل قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ بېكىتىپ بو
غاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىللە ئاپىر
قويۇشقا مەخسۇس بىر ياكى ئىككى كىشى تەيىنلەيتتى. ئۇلار
ئايرىم ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا قاراۋۇلىغىچە ئاپىرىپ قوياتتى
ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەۋەتكەن ئاپتوبۇس ئۇلار
ئاياگۆز ۋوگزالىغا (تۈركىستان — سىبىرىيە تۆمۈر يولى لىنىيە
دىكى بىر ۋوگزال) ئاپىرىپ قوياتتى. ئۇ يەردىن ئوقۇغۇچ
پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل تاشكەنتكە باراتتى. ئوقۇغۇچىلارن
يول ئۈستىدىكى ياتاق، تاماق، راسخوتلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلاش
راتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ھ
بىر ئوقۇغۇچىغا كۈندىلىك پارچە - پۇرات خىراجىتى ئۈچ
100 رۇبلىدىن پۇل بېرەتتى. 1 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 34
يىلى 11 - ئايدا يولغا چىقتى. بۇلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا
ساندا مۇۋەققەت كونسۇل بولۇپ تۇرغان چاڭ يىڭشياڭ مە
بولدى. 2 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1935 - يىلى 11 - ئا



يولغا چىقتى. بۇلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا مائارىپ نازارىتىنىڭ
كاتىپى زۇنەيجۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ كېچاڭى سەي خېڭسىڭلار
تەيىنلەندى. 3 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى 11 -
ئايدا يولغا چىقتى. بۇلارنى ئاپىرىپ قويۇشقا مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىپى زۇنەيجۇ مەسئۇل بولدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ چىڭ، مالىيە نازارىتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىلەرنى رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئالاھىدە تەيىنلىدى. شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش خىزمىتى ھەر يىلى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ ۋاقتىدا ئورۇنلاندى.

## 2، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش تەمناتى

سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت دۆلەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا
ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن،
ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولغان سىياسىي-قانۇن سىنىپى تەسىس
قىلدى، ھەر ھەپتىدە 36 سائەت، ھەر كۈنى 6 سائەت دەرس
ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇس تىلى نۇقتىلىق دەرس بولۇپ،
ەر كۈنى 2 سائەت ئۆتۈلەتتى. ئاساس سېلىش دەرسلىرى
ۇس تىلىدىن تاشقىرى يەنە تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا،
ىزىكا، خىمىيە، بوتانىكا قاتارلىقلار بولۇپ سەۋىيە جەھەتتە
ۆلىتىمىزدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن باراۋەر ئىدى.
ۇندىن باشقا يەنە سىياسىي - ئىقتىساد، خەلقئارا قانۇن، دۆلەت

تۈزۈلمىسى، ئاناتومىيە، ئوپېراتسىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
بىلىملىرى قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئېچىلدى.

دەرسلەر ئومۇمەن رۇس تىلىدا سۆزلىنەتتى، بەزى دەرس-
لەرگە تەرجىمان قويۇلاتتى، بەزىلىرىنى پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا
ئۆتەتتى. مەسىلەن، سىياسىي - ئىقتىساد دەرسىنى لىكتور لىن.
شاڭلۇ دېگەن كىشى ئۆتەتتى، ئۇ ئەسلى ئۈرۈمچىلىك بولۇپ
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىدىن سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇ ئىشچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئۇنى-
ۋېرسىتېتى، شۇنداقلا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق
ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ دەرسنى جانلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ
سۆزلەيتتى.

سىياسىي - قانۇن سىنىپىدا شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇ-
غۇچىلارنى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ 8 دەرسخانىدا دەرس ئۆتتى. خەنزۇچە
ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار سەۋىيىسىگە قاراپ
سىنىپقا ئايرىلدى، قازاقچە، موڭغۇلچە سۆزلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار
ئايرىم - ئايرىم سىنىپ بولدى. ھەر قايسى سىنىپلاردىكى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتى
ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى.

تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلار ئىككى يىللىق
ئوقۇش داۋامىدا ھەر بىر كىشىنىڭ كىيىم - كېچەك خىراجىتى
ئۈچۈن 2000 رۇبلى تارقىتىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئىختىيارى
بويىچە كىيىم سېتىۋالاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەربىر ئو-
قۇغۇچىغا ھەر ئايدا پارچە - پۇرات چىقىملىرى ئۈچۈن
رۇبلى بېرىلەتتى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مونچىدا يۇيۇناتتى
ئەدىيال - كىرلىكلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇپ ئالماشتۇرۇلاتتى
تى. ئىچكى كىيىملىرىنى مەكتەپنىڭ تازىلىق ئۆيىگە ئاپارسا



ۋاقتىدا يۇيۇپ تازىلاپ بېرەتتى. قىش پەسلىدە كۈنىگە 3 ۋاخ
تاماق، ياز پەسلىدە 4 ۋاخ تاماق بېرىلەتتى (ئىككى قېتىم ئەت-
گەنلىك تاماق بېرەتتى)، تۆت ئادەم بىر ئۈستەلدە تاماق يەيتتى.

مەكتەپ ئىچىدە ماگىزىن، كىنوخانا بار ئىدى. ھەر
ھەپتىدە بىر قېتىم كىنو قويۇپ بېرەتتى. مەدەنىي كۆڭۈل
ئېچىش جەھەتتە، قارىغا ئېتىش، ماشىنا ھەيدەش، رەسىم تار-
تىش، مۇزىكا - ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىقلارغا ئۇيۇشتۇرۇلاتتى،
ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى خالىغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشاتتى ھەمدە
يېتەكچىلىك قىلىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلاتتى.

ھەر بىر ئوقۇش مەۋسۇمدە ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىگىلىكى-
دىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ياكى كولخوزلار، زاۋۇت ياكى
مۇزېيخانا، كۆرگەزمەخانىلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇ-
يۇشتۇراتتى.

يازلىق تەتىل مەزگىلىدە يەنە ساياھەت قىلدۇراتتى،
يىراق دېگەندە موسكۋا، لېنىنگرادلارغىچە ئاپىراتتى، يول ۋە تاماق
خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپ چىقىم قىلاتتى. ھەر
يىلى ئۆكتەبىر بايرىمى، «1 - ماي» بايرىمى ۋاقتىدا ئوقۇغۇ-
چىلار تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلىناتتى. شىڭ شىسەي-
نىڭ ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» ئىنقىلابى بايرىمى ۋاقتىدا، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەملىشەتتى.

### 3 . ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ھەر قايسى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1936 - يىلى، 1937 -
يىلى ۋە 1938 - يىلى كۈز پەسلىدە مەملىكىتىمىزگە كوللېكتىپ

قايتىپ كەلدى. 1 ـ ۋە 2 ـ تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ھەممىسى قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىشكە
ئۇيۇشتۇرۇلدى، شىڭشىسەي شەخسەن ئۆزى نۇتۇق سۆزلىدى
ھەممە ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەت، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر، شۇنداقلا
6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا لېكسىيە بېرىشكە
مەخسۇس ئادەم بېكىتتى. 3 ـ تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ
كە ئەۋەتىلىپ ئىككىنچى يىلى، يەنى 1937 ـ يىلى، شىڭ شىسەي
تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئىسمىنى ئاتاپ 30 نەچچە ئوقۇغۇچىنى
قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ دەل شىڭ شىسەي بىرىنچى قېتىملىق
«چوڭ توپىلاڭ كۆتىرىش سۇيىقەست ئەنزىسى» ئويدۇرۇپ چە
قارغان ۋاقىت بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنى
ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تۇتقۇن قىلغان ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تۇتقۇن قىلىنغانلار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەت
لىرى بار ئىدى، شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ چەت دۆلەتتە ئە
كىلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن قا
تۈرۈپ كەلگەن ئىدى. قالغان 60 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى 1938
يىلى كۈز پەسلىدە ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مەملىكەتكە قايتقاندىن
كېيىن، ئۇلارغا شىنجاڭ شۆيۈەندە يۇقىرى دەرىجىلىك تەلىم ـ تەربىيە
كۇرسى ئېچىپ، يېرىم يىللىق قايتا تەربىيە ئېلىپ بار
بۇ چاغدا پارتىيىنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كادىرلىرى دەل شۇ
جاڭدا ئىدى. شىڭ شىسەي يولداش لىن جىلۇنى مۇدىر
ھەممە جۇڭگو ئىنقىلابىي مەسىلىلىرى ھەققىدە دەرس سۆزلە
كە تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يولداش خۇاڭ مىڭفۇ
لېكسەپ توغرىسىدا دەرس بەردى. يولداش شۆي لياڭ جۇڭ
ئىنقىلابىي تارىخىنى سۆزلىدى. يولداش چى تيەنمىڭ خەلقئارا
ۋەزىيەتنى سۆزلىدى. يولداش مېڭ يىمىڭ سىياسىي ـ ئىقتىساد



ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى سۆزلىدى. ئۇ چاغدا
شىڭ شىسەيمۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى ئالىم سۈپىتىدە يېڭى
پەلسەپە توغرىسىدا دەرس بەرگەن ئىدى.

ھەر قايسى تۈركۈمدىكى ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلارنى
تەقسىم قىلىش لايىھىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن دۇبەن
مەھكىمىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار
گېزىتخانا، بانكا، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە، مەدە-
نىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، خارجى، جامائەت خەۋپسىزلىكى
قاتارلىق مەمۇرىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىندى. دەرىجە مۇئاۋى-
لىسى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدىن سەل تۆۋەنرەك بولدى.
بىراق ناھايىتى تېزلا رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى.
لېكىن شىڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىققان كۆپ قېتىملىق ئاتالمىش
«سۇيىقەست» ئەنزىلىرىدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار چېتىلىپ قولغا
ئېلىنىدى، ھەتتا جانلىرىدىن ئايرىلدى.

شىڭ شىسەي يۇقىرىدىكى 3 تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى
ئوقۇشقا ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، 1939 ـ يىلى يەنە شىنجاڭ
شۆيۈەن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەك-
تىپىدىن رۇسچە تىلىدىن ئازراق خەۋىرى بار ئوقۇغۇچىلار-
دىن ليۇ دىجۇن، ۋاڭ شىچېن، جاڭ جيابىڭ، جېڭ شۇفاڭ قاتار-
لىق 10 نەپەر كىشىنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى-
لاردىن 2 نەپەر بار) ۋە ئۆلكىلىك دوختۇرخانىدىكى ۋەنزىشۇ
ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بولۇپ جەمئىي 12 كىشىنى تاللاپ قو-
بۇل قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا
ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى تەييارلىق سىنىپىنى
ئىچىگە ئالغاندا 5 يىل ئىدى. ئۇيغۇرچىنى ئوبدان بىلمە-
غان يۈيداشىن، شى چېيىن، جۇڭ مىڭجاۋ قاتارلىق 10 نەچ-

چە كىشىنى ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىپ (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى ئىگەللەيتتى) سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللارنىڭ باش لىرىدا، شىنجاڭدا پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىرى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنى داۋالاش جەھەت تە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 3 تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلا ۋە تاشكەنت مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم سەمەرقەنت يېزا ئىگە لىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش مەزگىلىدىكى ھەممە چىقىمى ۋە بېرىپ - كېلىش يو خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۆلەپ، ئە ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن قەرز پۇ ئىچىدىن ھېساب - كىتاب قىلىنغان.



# قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائا- لىيەتلەردىن پارچىلار

لىيۇ خۇڭيىڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە شىنجاڭ شۆيۈەن، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەل- لىمىن، قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇۋاتقان قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىر تەرەپتىن ئوقۇشنى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن يازلىق، قىشلىق تەتىلدىن پايدىلى- نىپ، دىخۇا (ئۈرۈمچى) دىن ناھىيىگە قايتىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتلەر كۆرۈنۈشتە ئادەتتىكى پائالىيەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئاممىنى ئويغىتىش، ئاممىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1939 - يىلى يازدا، قۇتۇبى ناھىيىسىدىن كېلىپ ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق-

ـىز، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن بىز ئارقا سەپتە تۇرۇپ، تىكتۇق بىر نەچچە قۇر پاختىلىق
ئەن ۋېيچيەن، شۆي تەيخې، سۆي جاۋمىن، لى چاڭچىڭ قاتار چاپان، ياردەم بېرىمىز ئۇلارنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلىشىغا
لىقلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، هاكىم چېن فاڭبونىڭ قول هامان. جەڭ غەلىبىسى، جەڭ غەلىبىسى، ئېلىپ كېلىدۇ جۇڭگوغا
لىشى ئارقىسىدا، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قويۇپ نۇتۇق سۆز نۇر هامان. قىشلىق چاپان، قىشلىق چاپان توپلاندى ئىشانىڭگە
لىدى ھەممە فاڭساۋخۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بۇتخا تون ـ مىڭلىغان. يەتكۈزۈلسە ئالدىنقى سەپ ئەزىمەتلىرىگە،
يىغىلىشلىرىدا ۋە مەھەللە ئارىلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كىيىپ ماڭىدۇ ئۇلار ئالدىنقى سەپكە تامام......»

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش هە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش قىمدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. «7 ـ ئىيۇل»، «18 ـ سېنتەبىر دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 1939 ـ يىلى قىشتا، قۇتۇبى نى خاتىرىلەش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، شوئار چاپلاپ، ھەجۇ ناهىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدىكى رەسىملەر سىزىپ، تام گېزىتى چىقاردى. باشلانغۇچ مەكتە تۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇدىرى ۋۇكېپىڭ، سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا، ساۋاد چىقىرىش كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقانلار ۋاڭ جۇلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ۋە باشقا ئاممىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن سۈن چىڭچاڭ، يەن شۈېخۇا، مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ناخشىلىرىنى ئۆگەتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋۇ شېڭگۈي، گاۋ ۋېكشى، ۋۇ كۇيمىڭلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىت پۈتۈن ناهىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش لاردا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەجۋىي رەسىملەر سىزىشقا راۋاجلاندۇرۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ھەم لاندى، ئۇلار 10 نەچچە پارچە ھەجۋىي رەسىم سىزدى، كوچە پائالىيەتلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بازاردا نۇتۇق سۆزلىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش سۇن، دېگەن قىزغىن دولقۇن قوزغىلىپ كەتتى. بۇ ئىشلار ئەزمۇنىدىكى «كۆرەش» دراممىسىنى ئويىنىدى. ناهىيە بازىرىدا هازىر 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق يىنغاندىن باشقا يەنە فاڭساۋخۇ، جىڭفەنخۇ قاتارلىق جايلارغا چاغلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدا ئېرىپ ئويۇن قويدى. بۇ دراممىنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆردى قىلىنغان ھېلىقى ناخشا ـ قوشاقلارنى يەنىلا يادىمغا ئالالايمەن. ياخشى باها بەردى.

بۇنىڭدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇ 1943 ـ يىلى مەزگىلىدە، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە قۇزۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنىڭ تەسىرى نەقەدەر چوڭ بولۇپ «يۇرتىمغا قايتىپ كەلگەن» ئوقۇغۇچىلاردىن ليۇ شىڭيى، غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ناخشىلىرىدىن خۇەيشېڭ، چى دېيەي، خې لىگو، يۇەن جىڭجۇڭلار يازلىق دىن «قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلىش ناخشىسى» نى تىلىدىن پايدىلىنىپ، مائارىپ بۆلۈم باشلىقى ئەن ۋېيتىڭ، تېكىستى مۇنداق ئىدى: «چىققاچ كۈزگى شامال، يېتىپ كەلدى كۈز ئۇلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ياڭ شياۋيىلەرنىڭ يېتەكچىلىكى سوغاق، ئاتلاندى مىللەت ئۈچۈن جەڭچىلەر، فرونتقا دەرھال ياردىمى ئارقىسىدا، 20 نەچچە كۈنلۈك ۋاقىتنى چىقىرىپ،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «قاتمۇ
قات مۇھاسىرىگە ھۇجۇم» ناملىق 3 پەردىلىك درامى
سەھنىلەشتۈرۈپ چىقتى. شۇنداقلا يەنە «7 - ئىيۇل»، «18
سېنتەبىر»، «19 - ئىيۇن» لاردا بولىدىغان بۇتخانا سەيلىسىدى
پايدىلىنىپ، خىلمۇ - خىل شەكىللەردىكى تەشۋىقات پائالىيە
لىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىئانە توپلاشقا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرى
قارشى تۇرۇش زايومىنى تارقىتىشقا ياردەملەشتى، ئەپكار ئامم
نى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇ
دولقۇنىغا ئاتلىنىشقا مەدەتلەندۈردى.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى قۇتۇبى ناھ
يىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىئانە توپلا
مۇنبىرى ھازىرقى سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا ئىد
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئا
مىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پۇل ئىئا
قىلىش پائالىيىتىدە كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇرغۇ
ئىشلار بولدى. بەزىلىرى يامبۇ، بەزىلىرى ئالتۇن ئۈزۈ
زىنچا ئالتۇن، تىللا ئىئانە قىلىپ، شۇ چاغدىكى ئۆلكى
ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان بىر ناھىيە بىردىن ئايروپ
ياردەم قىلىشتەك ئىئانە تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى تېزلا ئورۇن
بولدى. قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قىز
لىقىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ھەققىدە، جاڭ داجۇن يازغ
«شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتاب
5427 - بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر ناھىيە بىردىن ئايروپ
ئىئانە قىلىش ھەيئىتىنىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)



ئايىدىكى ئېلانىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئىئانە توپـ
لاش ھەرىكىتى ئۆتكەن يىلى «14 - ئاۋغۇست» ھەرىكىتى
وزغىتىلغاندىن بۇيان، ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار بۇنىڭغا
ىزغىن ئاۋاز قوشتى، خۇسۇسەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى
ەمۇرىي، تەپتىش ئەمەلدارلىرى بىلەن ۋالىلار، ھەر قايسى
اھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى شۇنىڭدەك ھەر قايسى ئىدارە، تەش
ىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى قىزغىن ياردەم
ىرىپ ئومۇملاشتۇردى. توپلانغان پۇلنىڭ مىقدارى غايەت
ۈر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 144 ئايروپىلاننىڭ
ۇلى توپلىنىپ، مۇشۇ ھەيئەتنىڭ ئىلگىرىكى مۆلچەرلىگەن
انىدىن 64 ئايروپىلاننىڭ پۇلى ئېشىپ كەتتى. بۇ، پۈتۈن
ىنجاڭدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىنلىقىنى
ىسپاتلايدۇ. ھازىر ھەيئىتىمىزنىڭ ئىئانە توپلاش خىزمىتى
ەلگىلىمە بويىچە مۇشۇ ئاينىڭ 8 - كۈنى بىر قېتىمدىلا
اماملاندى. ھەيئىتىمىزگە پۇل تاپشۇرغان ھەر قايسى ئورۇنلار-
ىڭ ئىسىملىكىنى گېزىتتە ئېلان قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن
ىللە سىلەرنىڭ خاتىرجەم بولۇشۇڭلارنى سورايمىز، تەشەككۈر
ېيتىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىئانە قىلغان ــ ئايروپىلانلارغا
ېرىلگەن ناملار؛ دىخۇا رايونى 13 ئايروپىلان، قۇتۇبى ناھىيىسى
ر ئايروپىلان ئىئانە قىلدى.

زايوم ۋە پۇل تەقسىم قىلىش جەدۋىلى: قۇتۇبى ناھىـ
سى 100 مىڭ يۈەنلىك زايومدىن بىر، 3 مىڭ يۈەنلىك
ومدىن ئالتە، 5000 يۈەنلىك زايومدىن بىر، مىڭ
ەنلىك زايومدىن قىرىق، 500 يۈەنلىك زايومدىن يىگىرمە،
2 يۈەنلىك زايوم ئونبەش بولۇپ، ھەممىسى 245 مىڭ يۈەنلىك
وم ئىئانە بېرىلدى.

# «دۆلەت ئاتىسى نامىلىق سودا ـ سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى

لۇ گۈيسېڭ

## 1 ـ ۋۇجۇڭشىننىڭ چىڭخەي ۋە خېشى كارىدورىنى كۆزدىن كۆچۈرگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەربىي شىمالدىكى ھاكىمىيەت
قوغداش ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا تەييار
قىلىش ئۈچۈن، 1941 ـ يىلى يىلىنىڭ كېيىنكى يېرى
جىياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، موڭغۇل ـ ش
كومىتېتىنىڭ ۋېييۈەنجاڭى ۋۇجۇڭشىننى شىنىڭغا بېرىپ،
مىلىتارىست، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى مابۇفاڭغا ئىدىيە
خىزمەت ئىشلەشكە ھەمدە خېشى كارىدورىنى كۆزدىن كۆچ
كېلىشكە ئەۋەتتى. ۋۇجۇڭشىن جىيۇچۇەنگە كەلگەندە جىيۇچۇە
خىزمەت قىلىۋاتقان بۇرۇن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلى
بىزگە ئوخشاش بىر قانچەيلەنگە شىنىڭدا مابۇفاڭغا «يا
تىكىلگەن بىر كىيىمنى بىر قانچە ئون يىل كىيگەندىن ك



كونىراپ، كېرەكتىن چىقىدۇ...» دېگەن سۆزنى قىلغانلىقىنى دەپ بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: مابۇفاڭنىڭ ساۋادى يوق، ئۇنىڭغا مۇشۇ مىسال بىلەن گەپ ئۇقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى گومىنداڭ تەختكە چىققىلى 40 يىلدىن ئاشتى، ئەگەر تەختتىن چۈشۈشكە توغرا كەلسە ئاز دېگەندە يەنە 40 يىل كېتىدۇ. شۇڭلاشقا خاتىرجەم ھالدا گومىنداڭ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىڭلار دېمەكچى.

ئۇ يەنە جىيۇچۇەندە تۇرۇشقا 1 دىۋىزىيەنى يۆتكەپ بېرىشتىن باشقا (شۇ چاغدا مابۇفاڭنىڭ قىسىملىرى جىيۇچۇەندىن يۆتكەلگەن ئىدى)، مابۇفاڭغا يەنە 1 جۈن ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭغا كىرىدىغان ئارقا سەپ قىسمى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ۋۇجۇڭشىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جىيۇچۇەنگە بېرىپ مابۇفاڭنىڭ جىيۇچۇەندىن يۆتكەپ كېتىلگەن ئالدىنقى قىسمىنى، ماچىڭشياڭ قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ چاغدا خۇزوڭنەننىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق قىسمىنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلگەن 18 ـ لۈيىدىكى شۈي رۇچىڭنىڭ قىسىملىرى جىيۇچۇەنگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ۋۇجۇڭشىن مابۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماچىڭشياڭنىڭ دىۋىزىيە شتابىغا چۈشتى. ۋۇجۇڭشىن جىيۇچۇەندىن ئايرىلىش ۋاقتىدا چاي ۋە رەخت قاتارلىق بىر قىسىم سوغاتلارنى قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللارنىڭ ئاقساقاللىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمىزنى ھاۋالە قىلدى.

## 2 - سۇڭ مېيلىڭ ۋە جۇ شاۋلياڭنىڭ مەخسۇس ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشى

1942 - يىلى 8 - ئايدا جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننىڭ غەربىي شىمالنى كۆزدىن كۆچۈرگەنلىكى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىغا ئاساسەن يەنە جۇشياۋلياڭنى ئۆزىنىڭ رەپىقىسى سۇڭ مېيلىڭ بىلەن مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىڭ شىسەي بىلەن تەنپەن قىلىشقا ئەۋەتتى، ئاخىرىدا كېلىشىم تۈزۈپ چىقىلدى. شىڭ شىسەينىڭ ھاياتى ھەمدە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا، شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى ئۆتۈنۈپ بەرسە چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن مىنىستىر دەرىجىلىك مەنسەپ بېرىشكە قوشۇلدى. سۇڭ مېيلىڭ ۋە جۇشياۋلياڭنىڭ شىنجاڭغا بېرىش - كېلىشىگە 3 كۈن كەتتى. كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىنلا ئۇلار چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتتى.

## 3 - جياڭ جىڭگو بىلەن جياڭ ۋېيگونىڭ خېشىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشى

1943 - يىلى جياڭ جىڭگو بىلەن جياڭ ۋېيگولار مـ... ئۆينى كۆزدىن كۆچۈرۈش نامىدا خېشىغا كېلىپ ئۇ يەر... كۆزدىن كۆچۈردى. دۇنخۇاڭدىن جيۇچۇەنگە قايتىپ كەلگەن... پىكاپتىن كاشىلا چىقىپ قالغانلىقتىن بۇ يەردە 2 كۈن د... ئالدى. ئۇلار ئوتتۇرا ترانسپورت بېكىتىگە چۈشتى (ئۇ جۇ... تۇڭنىڭ ھىمايىسىدىكى ئورگان). جيۇچۇەندە لوشۇرېن (چېگ...



ياشلىرى سىنىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ جۇنتۇڭ ئىشپىيونى)، شۇي رۇچىڭلار باشچىلىقىدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەت كاتتىباشلىرى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەشكىللەپ (ئاساسەن چېگرا ياشلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى) بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزدى. جياڭ ۋېيگو گېرمانىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ ئادىتى بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئۇنى دولىسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ قىزغىن قارشى ئالدى. جياڭ ۋېيگو كۆك ئاسمان قىزىل قۇياشنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراققا قاراپ دىكلاماتسىيە ئېيتىپ جياڭ جيېشىنى قۇياشقا ئوخشىتىپ، جۇڭگونىڭ نىجاتكارى دەپ ماقتىدى، مەن ئۇ چاغلاردا چېگرا ياشلىرى سىنىپىنىڭ قوشۇمچە قازاق تىلى مۇئەللىمى ئىدىم. بۇ سىنىپنىڭ مۇدىرى لوشۇرېننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر قىسىم قازاق ۋەكىللىرىنى (بىر قانچە قازاق ئاياللارمۇ بار) چاقىرىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن رەسىمگە چۈشتۇق، بۇ رەسىمنى مەن 1951 - يىلى باھارغىچە ساقلاپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە جىنايىتىمنى يوقىتىۋېتىش غەرىزىدە كۆيدۈرۈۋەتتىم.

## 4 - جياڭ جيېشىنىڭ خېشىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشى

شۇ يىلى 4 - ئايلاردا جياڭ جيېشى مابۇفاڭ، ماخۇڭكۇي- نىڭ ھەمرالىقىدا ئۆزى بىۋاستە جيۇچۇەنگە كېلىپ مۇداپىئە ەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈردى، جيۇچۇەنگە كەلگەندە 18 - لۇي ۇغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. جيايۈيگۇەن ئايروپىلان ىستانسىسىدىن جيۇچۇەنگە كەلگەندە لوشۇرېننىڭ تەكلىپى ىلەن ئۇ چېگرا ياشلىرى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر

قىتىم يوقلىما قىلدى ھەمدە ئاددىغىنە پەندى - نەسىھە بۇ شىنجاڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى كۆپ ئىشلار-
قىلىپ ئۆتتى، شۇ چاغدا مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم. بۇ چاغدا ۋۇجۇڭشىنىڭ قاتناشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جياڭ جيېشى
شىنجاڭغا كىرىدىغان قىسىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن نېمە ئۈچۈن ۋۇجۇڭشىنگە مۇنچىۋالا ئىشىنىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەبنى
مەن خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ بولسىمۇ شىمالغا يۈرۈش
جەھەتتىن پۈتكەن ئىدى.

جياڭ جيېشى قايتقاندىن كېيىن تېزلا ئامېرىكىدا ئوقۇغان قىلغان مەزگىللەردە ۋۇجۇڭشىن دىۋىزىيە كوماندىرى بولغان،
ئوقۇغۇچى خۇاڭ رۇجىننى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۇ چاغلاردا ئۇ سۇڭمېيلىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان، كېيىن
پىرقىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچ سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن جياڭ بىلەن سۇڭ بىر - بىرى
لىن جۇڭگۇاڭنى شىنجاڭ تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا بىلەن تېپىشىپ بىرلىكتە يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىغاندا ۋۇجۇڭ-
قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنى پۈتتۈرگەن شۇي دىڭۋېيشىنمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلغان. شۇندىن ئېتىبارەن جياڭ جيېشى
شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالاقە مەسلىھەتچىلىكىگە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆستۈرۈلدى
تەيىنلەپ ئەۋەتتى. سىياسىي جەھەتتىمۇ دەسلەپكى قەدەم ھەمدە ئەتىۋالاپ ئىشلىتىلدى، يەنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، شۇ چاغدا مەن «دۆلەت ئاتىسى رەئىسى، گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ
ناملىق سودا - سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» گە قاتنىشىش ۋېييۈەنجاڭى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەر-
شىنجاڭغا كەلگەن چېغىمدا جيۇچيۈەننىڭ ۋالىسى ليۇيىچىلى ئىشلىدى.

(ئۇمۇ ئامېرىكىدا ئوقۇغان)نىڭ خۇاڭرۇجىنغا يېزىپ بەرگە
تونۇشتۇرۇشىنى، لۇشۇرېننىڭ شۇي دىڭۋېيغا يېزىپ بەرگە
تونۇشتۇرۇشىنى بىللە ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. شۇي ھازىر شىنج
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىز
يىسىنىڭ 133 - تۈەن شتابىدا ئىشلەيدۇ.

## 5 - «دۆلەت ئاتىسى ناملىق سودا - سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نىڭ ئەزالىرى

جياڭ بىلەن شېڭ تەنپەن ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلغان

بىر يىلدىن كېيىن جياڭ جيېشى يەنە ۋۇجۇڭشىننى شىنجبولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ مەھكىمىسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى يەنىلا
ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن سىر بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. جياڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە
ھەقىقەتكە قايتىش ھارپىسىدا جياڭ جيېشى يەنە ۋۇجۇڭشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى 1 - قول ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىش،
يېقىن كىشىسى بولغان موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ مۇئا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش
ۋېييۈەنجاڭى جۇكۇنتيەننى ئۈرۈمچىگە تاۋسىيۇغا نەسىھە ئۈچۈن 1943 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گومىنداڭ 2 تەكشۈ-
قىلىشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، تاۋسىيۇ رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ شىنجاڭنى تەكشۈردى. بۇلار، بىرى
لىقچە ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردىن تەيۋەنگە كەتكە غەربىي شىمال ئىلىم - پەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى، يەنە بىرى

مەن قاتناشقان «دۆلەت ئاتىسى نامىلىق سودا - سانائە
تەكشۈرۈش ئۆمىكى» دىن ئىبارەت. گومىنداڭ مەركىزى
كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە جۇڭتۇڭ ئىدارىسىنىڭ باشلى
يې شۈفىڭ بۇ ئۆمەكنىڭ قوشۇمچە پەخرى ئۆمەك باشلى
بولدى، ئۇنىڭ يېقىن كىشىسى بولغان ئامېرىكىدا ئوقۇغا
جاڭ بىنچېن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئەمەلىي خىزمە
لەرگە مەسئۇل بولدى.

بۇ ئۆمەكنىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇ
ئۈچۈن مەزكۇر ئۆمەكتىكى ئەزالارنىڭ ئىسىملىكىنى جەدۋەل
تىزدىم (113 -، 114 - بەتتە). جەدۋەلدىن مەزكۇر ئۆمەكتىكى ئەزال
نىڭ جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرى ۋە ئىجتىمائ
پەنلەر ئالىملىرى، پارتىيىمىزنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى
ئىشلەيدىغان خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلى
بولىدۇ، شۇنداقلا گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدا ياۋروپا، ئامېرى
خەلقئارا لېنىيىسىدە ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلە
جەدۋەلدىكى جاڭ بىنچېن، پىڭ زۇيىڭ، لى پەن، شى چيەن
لو مىڭيۇ قاتارلىقلارنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئەۋەتىل
ئالىملار دېيىشكە بولىدۇ. يەنە ئۆز ۋاقتىدا بىرىنچى
كومدە شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلاردىن مەسىلەن: خۇاڭ رو
ۋە لىن جىيۈڭ قاتارلىقلار ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلار ئى
يەنە ۋۇجۇڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئەنگلى
ئامېرىكا، فرانسىيىلەرنىڭ كونسۇلخانىسى قۇرۇلۇپ، سو
ئىتتىپاقىنى كۆزىتىپ يۈرگەنلىكىمۇ مىسال بولىدۇ. ۋۇ ج
شىنىڭ باش كاتىپى زىڭ شاۋلۇ 1946 - يىلى ئەتىيا
يەنى ۋۇ تەختتىن چۈشىدىغان مەزگىلدە: «ۋاقتى كەلگ
سوۋېتنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان چاغدا بىز يەنە قايتىپ ك



| نومۇرى | ئۇنۋانى | ئىسىم فامىلىسى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | پەخرى ئۆمەك باشلىقى | يې شيۈفىڭ | گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭتۇڭ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |
| 2 | مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى | جاڭ بىنچېن | ئامېرىكىدا ئوقۇغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ تېخنىكى، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل |
| 3 | كاتىپ | گاۋ جۇگرۇن | جىنلىڭ داشۆسىنى پۈتتۈرگەن. 1945 - يىلى ئامېرىكىغا كەتتى. |
| 4 | ئۆمەك ئەزاسى | جاڭ جىڭيى | شىمالىي سانائەت شۆيۈەنىنىڭ كان ئېچىش فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، يې شيۈفىڭنىڭ كاتىپى |
| 5 | ئۆمەك ئەزاسى | شىن شىگۇ | قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنى پۈتتۈرگەن. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىكى 2-تىڭ 5-باشقارمىسى (سوۋېت ئىشلىرى باشقارمىسى) نىڭ مەسئۇلى، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، |
| 6 | ئۆمەك ئەزاسى | يىن زويىڭ | ئەنگلىيىدە ئوقۇغان. غەربىي شىمال بىرلەشمە داشۆسىنىڭ پروفېسسورى قوشۇمچە جۇغراپىيە فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى |
| 7 | ئۆمەك ئەزاسى | خۇاڭ ۋېنبى | غەربىي شىمال بىرلەشمە داشۆسى تارىخ فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە پروفېسسورى ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسارە - ئەتىقىلەر ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولدى. |
| 8 | ئۆمەك ئەزاسى | شې چيەندا | غەربىي شىمال بىرلەشمە داشۆسى ئېلېكتىر ماشىنىلىرى فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە پروفېسسورى |
| 9 | ئۆمەك ئەزاسى | لو مىڭيۇ | غەربىي شىمال بىرلەشمە داشۆسى ئاۋىئاتسىيە ماشىنا سازلىق فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئەنگلىيىدە ئوقۇغان، لوۋدىنگە نىڭ ئوغۇل جىيەنى، ئامېرىدا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق بولۇپ، چېن شاكېيىنىڭ قوشنىسى بولغان. |
| 10 | ئۆمەك ئەزاسى | لى يەن (لى لېجۇ) | گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ باش ئىنژىنېرى. |

...ىمىز.» دېگەن سۆزنى بىزگە ئېيتقان ئىدى. بۇمۇ بىر مىسال بولىدۇ.

## 6 - ئومۇمىي ئەھۋال

«دۆلەت ئاتىسى ناملىق سودا - سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ...ىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى ئارىلاپ بولدى، جەمئىي 1078 كىلومېتىر يول يۈردۇق. ئاساسىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1) شىڭ شىسەينىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغانلىرى:

(1) بىز ھەر قېتىم ۋالى مەھكىمىسى ياكى ناھىيىلىك ...ھكىمە تۈرۈۋاتقان جايغا بارغىنىمىزدا ئىدارە، كوللېكتىپ ئورۇن...ر ۋە ئوقۇغۇچىلار چىقىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ...رشى ئېلىش.

(2) تاماق، ياتاقنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش.

(3) قارشى ئېلىش يىغىنلىرىنى ئېچىش ھەممىدە كۆڭۈل ...چىش كېچىلىكىنى تەشكىللەش، قارشى ئېلىش يىغىنىدا جەز...ون شىڭ شىسەينىڭ 10 يىلدىن بويان شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق ...لىپ «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپا...تلىك قىلغانلىقى» تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىش، سوۋېتلىكلەرنىڭ ...نجاڭغا يامان غەرەزدە بولغانلىقىنى ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلغان ...ۈز - ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاش.

(4) ئىدارە ۋە مەكتەپتىكىلەرنى ئۈچ مەسىلىگە ئۆگىنىشكە ...ەپەرۋەر قىلىش (ئۈچاغدا بۇرھان شەھىدى تۈرمىدە تەرجىمە قىلغان ...ۈچ مەسىلە دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭنىڭ ھەممە ...رىگە تارقالغان ئىدى).





| | | | |
|---|---|---|---|
| 11 | ئۆمەك ئەزاسى | جۇ لىسەن | گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي تەتقىقات ئورنى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان، دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، 4- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. |
| 12 | ئومەك ئەزاسى | سا يۆچىڭ | گېرمانىيىدە ئوقۇغان. شەنشى ۋۆكۈڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدە پروفېسسور بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن لەنجۇ داشۆسىدە پروفېسسور بولغان. |
| 13 | ئۆمەك ئەزاسى | چىن جىڭچۈەن | ۋۆكۈڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن، دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدا ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىدى. |
| 14 | ئۆمەك ئەزاسى | سۇڭ لويۈن | گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ تېخنىكى |
| 15 | ئۆمەك ئەزاسى | شىن × × | گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي داشۆسىنىڭ ئاگرونوم پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن |
| 16 | دوختۇر | ۋۇ × × | لەنجۇ مەركىزى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى. |
| 17 | ئۆمەك ئەزاسى | لۇ گۈيسېڭ | موڭغۇل- زاڭزۇ كومىتېتى تىيانشان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى |
| 18 | ئوپېراتور | ۋاڭ ياڭ | گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدۇ. پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى خادىمى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىچكىرىگە قايتىپ كەتكەن. |
| 19 | كىنو رېژىسورى | شۆي سۇلىڭ | گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەن، پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى خادىمى، مۇددەتتىن بۇرۇن ئىچكىرىگە قايتىپ كەتكەن. |
| 20 | دېھىنباغچى | × × × | ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن راتسىيىنى شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، بۇ ئادەم بۇرۇنراق ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. |

(5) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 150 ماركىلىق زىس ئاپتوموبىل
2 نى مەخسۇس ئاجرىتىپ بەرگەندىن باشقا قىسقا يولغا ئ
لىتىلىدىغان قاتناش قوراللىرىنى يەرلىكلەر ئىمكانىيەتنىڭ بى
چە ھەل قىلىپ بېرىش.

(6) ھەر قايسى ئىدارە، كوللېكتىپ ئورۇنلار بىردەك سۇ
جۇڭشەن ئەپەندى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىش قاتار
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەئە
بولغانلىرى:

(1) تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز ھەر بىر ۋىلايەت ياكى نا
يىدىن يۇقىرى ئورۇنغا بارغاندا جاڭ بىنچىن ئۆزى بىۋا
يەرلىك رەھبەرلەرگە سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ، جياڭ جيېشى
سۈرىتى ۋە خاتىرە ئىزناكلىرىنى تەقدىم قىلىش.

(2) ھەر بىر ۋىلايەت ياكى ناھىيىدىن يۇقىرى ئور
بارغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى كەسپىي تارماقلار
ماتېرىيال يىغىش، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماتېرىياللارنى ب
بىرىگە دوكلات قىلىپ يىغىنچاقلاپ ئۇنى ئەمەلىي كۆزىتىل
ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرۇش.

(3) تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزنىڭ تەركىبىدە بىرمۇ
پروفېسسور ۋە مۇتەخەسسىسلەر بولغاچقا ئۇلار ھەر خىل كەس
بىلىمگە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا تەكشۈرۈشتىن پايدىلى
جايلاردا لېكسىيە سۆزلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچ
سا يۈيچىڭ، يىن زۇيىڭ، جۇ لىسەن، لى يەن ۋە خۇاڭ ۋىنبىيلار
لېكسىيىسى بەكلا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. ئۇلار ب
خېلى ۋاقىت بىرگە ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ خېلى
مەنپەئەت ئالدىم.



## 7- جايلاردىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىمىز

1 - قۇمۇلدا:

بىز قۇمۇلغا بارغاندا گومىنداڭنىڭ قاتناش مىنىستىرلىقى
بىزگە مەخسۇس ئىشلىتىشكە بەرگەن ئاپتوبۇس چۇڭچىڭغا قايتىپ
كەتكەنلىكتىن بىز قۇمۇلدا شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ئاپتوموبىلنىڭ
كېلىشىنى كۈتتۇق. بىز ئۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بىر قانچە كۈن
ئىچىدە كارىزنىڭ يەر ئاستى سۇ يوللىرى قۇرۇلۇشىنى، شى چىڭ-
يىدىكى بازىنى، سۇ قۇرۇلۇشىنى ۋە سەنداۋلىك كۆمۈر كېنىنى
تەكشۈردۇق.

شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ قۇمۇلدىكى ۋالىيسى كۇڭ
ىڭگروي بىزگە قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قىزىل 8 - تۈەن ۋە سوۋېت
ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى
مال قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى، ئۇلار دائىم
ھاۋا ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ گەنسۇ، شىنجاڭ چېگرىسىنى
ھاۋادىن چارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدىكى چېگرا ئىش-
لىرى باشقارمىسىنىڭ مەخسۇس چېگرا ئاخباراتلىرىنى توپلاش-
تەسىس قىلىنغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى، قورغاستىن شىڭشىڭ-
غىچە بولغان ئارىلىقتىكى يول بويىغا جايلاشقان مۇھىم شە-
ھەر، بازارلاردا سوۋېت ئاپتوموبىل كالونىنىڭ مېھمانخانىلىرى
بارلىقىنى، بولۇپمۇ قۇمۇلدا شۇنداق ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتى-
پاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تىرانسى-
پورت ئىشلىرىنىڭ بىر مەزگىل تولىمۇ كۆپ بولغانلىقىنى، بىر
ھەل قىزىل 8 - تۈەن ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغانلىقىنى، ئۇلار-

نىڭ قۇمۇلدا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بىر قانچە مېھمانخانا غانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزنىڭ ئاپتوموب جيۇچۈەنگە كەلگەندە ۋاڭ ياڭ ۋە شۆي سۇڭلىڭلار تېزرەك يې بېرىش ئۈچۈن ئەرلىزىخې ۋە دۇنخۇاڭغا بارماي شىنجاڭغا رۇنراق يېتىپ بارغان. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەترا بىز قۇمۇلغا يېتىپ بارغىنىمىزدا ۋاڭ ياڭ ۋە شۆي سۇڭ مۇ ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، بىزگە مۇنداق دې

(1) ئۇلار شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەندىن كې شېڭ شىسەينىڭ ئۆز قولى بىلەن سۇن جۇڭشەننىڭ رەسىم ئېسىۋاتقان، كۈندىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلى قان كۆرۈنۈشىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلىگەن. شۆي لىك ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان، ۋاڭ ياڭ فىلى ئالغان. (2) شۆي سۇڭلىڭغا ئۇيغۇر ئايال ئۇسسۇلچىسى قەمبەر ۋە گۈلبەھرەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىنى ھەممە داپ لەن ئورۇنلانغان جانلىق سەنئەت ماھارىتىنى كىشىنى مە قىلغىدەك ھالدا جانلىق ھەم تەسىرلىك تونۇشتۇردى. ئۇلار يەنە فىرانسىيە مۇخبىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېتىم بېرىپ كەلگەن.

2ـ جىنشىدا (بارىكۆل):

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى، پەنشەن تاشيولىنىڭ ئوڭ تەرپ جايلاشقان تيانشان ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ يادنامىلەر ئىزىنى چۈشۈرۈۋالغاندىن باشقا يەنە جىنشىدىكى يۇ جۇ تۇرغان مۇنبەرنى ۋە ئىپارخانىنىڭ تۆگە بىلەن جىنش ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ ئەزەلدىنلا شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بارىدىغان مۇھىم يول



مۇھىم ھەربىي ئىشلار تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئاھالىلەر ئاساسەن خەنزۇلار بولۇپ، خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەن ئىكەن.

بىز تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى قارغايزارلىقتا يېتىپ كېلىپ ئۇ يەردە 1 كۈن قوندۇق ھەم كەگرى كەتكەن ئورمانلىق ۋە ئوتلاقلارنى كۆردۇق. تيانشاننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلدۇق. يول بويلىرى پۈتۈنلەي چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، بىز جىنشىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە قازاق چارۋىچىلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قوللاپ سۈتلۈك چاي تۇتتى. بۇ بىز ئىچكىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ چېگرا قورغىنىنىڭ مەنزىرىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جىنشىدا بىر كۈن قونغاندىن كېيىن ئىككىنچى كۈنى شىگۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، جىنشى شەھىرىنىڭ شەر- قىي شىمالىغا 110 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سەنتاڭخۇغا بېرىپ تاشقى موڭغۇل چېگرىسىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزدىن كۆ- چۈرمەكچى بولدى. سەنتاڭخۇ دۆڭرەك كەلگەن جىلغىغا جايلاشقان بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان جاي بولۇپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ 3 كۆلچەككە ئايرىلغان ئىكەن. ئۇ يەردە زىرائەت تېرىشقا بو- لىدىكەن. شېڭ شىسەي بۇ يەرگە پەيچۇسو قۇرغان بولۇپ، نەچ- چە كۈندە بىر تاشقى موڭغۇل چېگرىسىنى چارلاپ تۇرىدىكەن. بىكىن بۇ يەردە چېگرا چازىسى قۇرۇلماپتۇ. ۋاھالەنكى تاشقى موڭغۇل تەرەپتە ھەممىلا جايغا مۇداپىئە لىنىيىسى قويۇلغان بولۇپ پوسلار چارلاپ تۇرىدىكەن، ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن.

سەنتاڭخۇنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

جىنشى شەھىرىدە 1 كۈن تۇرۇپ قالدۇق. شۇ يەردە تۇرۇشلۇ
مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئېتىغا مىنىپ شەھەر ئەتراپىنى كۆزد
كەچۈردۇق. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېيگۇدىك
چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى
كۆرۈپ كەلدىم.

ئاڭلىشىمىزچە، جىنشىدىن مورى دەرياسىغىچە بولغا
ئارىلىقتىكى بۇ يول تەبىئىي جىلغىدىن شەكىللەنگەن ماش
يولى بولغاچقا رېمونت قىلىپ تۇرمىسا ماڭغىلى بولمايدىكە
شۇڭلاشقا بىز غەربكە قاراپ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال يوللار
رېمونت قىلىشقا لازىمەتلىك بىرمۇنچە سايمانلارنى ئېلىۋالدۇ
جىنشىنىڭ غەربىدىن 30 ـ 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇ
دېگەن جايغا كەلگەندە بىزنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىشلى
مۇتەخەسسىسىمىز ماشىنىدا ئولتۇرۇپ بۇ يەردىكى بىنام يەرلە
ۋە سۇ مەنبەسىنى تاكى بارىكۆل كۆلى (بۇرۇن خەيزى د
ئاتالغان) نىڭ غەربىگىچە بولغان جايلارنى كۆزدىن كۆچۈر
ئاپتوموبىل پاتقاق باسقان كىچىك تاغ يولىدىن مېڭىۋاتقانل
ئۇچۇن، ھەممىمىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، بىر تەرەپتىن يو
رېمونت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئاپتوموبىلنى ئىتتىرىپ يۈر
بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئاندىن بۇ يولدىن ئۆتۈپ بولدۇ
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنىلا مەزكۇر ناھىيىدە 1 كې
قونۇپ، ئىككىنچى كۈنى گۇچۇڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

3 ـ گۇچۇڭدا:

گۇچۇڭ ــ شىنجاڭدىكى مۇھىم بازارلارنىڭ بىرى بول
تارىختا «ئالتۇن گۇچۇڭ، كۈمۈش سۈيلەي (ماناس)» دەپ
تالغان. گۇچۇڭ ئىقتىسادىي قىممىتىگە ئاساسەن ئالتۇن گۇ
دەپ ئاتالغان. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى ياسىلىشتىن بۇ



ئۇ ئوتلاق ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىشتىكى تۇنجى سودا شەھىرى ھەم مۇھىم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلىناتتى. بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن خەنزۇلار بولۇپ، بۇلار سودىگەرچىلىك قىلىش نەتىجىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى گېنېرال بۇتخانىسىنىڭ ئىسمىمۇ ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. يەنە شىمالىي تەرەپتىكى يىراقراق جايدا سۈيى تاشقى موڭغۇلنىڭ شەرقىدىن شىنجاڭ چېگرىسىغا ئېقىپ كىرىپ، بۇرۇلتوقاي ئارقىلىق ئۇلۇنگۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئۇلۇنگۇر دەرياسى بار ئىكەن. بۇ بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولغان دەريا ھېسابلىنىدىكەن. بىز بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى جى فېڭلۇنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلۇنگۇر دەرياسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەرنىڭ بىرى قىلىشنى قارار قىلدۇق.

جى فېڭلۇ شىڭ شىسەينىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ئادىمى ئىكەن. شىڭ شىسەي ئادەم ئىشلەتكەندە ئىرىنچىدىن ئىشەنچلىك، ئىككىنچىدىن قابىلىيەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇش لازىم دېگەننى بەك تەلەپ قىلىپ كەتمەيدىكەن. جى فېڭلۇ 1944 ـ يىلىلا قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ 10 نەچچە ياش ۋاقتىدا ئەنخۇيدىن پىيادە يولغا چىقىپ شىنجاڭغا كېلىپ قالغان، ھەممە يەردە بېيىش يولىنى ئىزدىگەن، ئالتايدا بېلىق ساتقان. 30 ياشقا كەلگەندە «شىنجاڭشۇناس» بولۇپ يېتىشىپ چىققان، بىز ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن ئەھۋاللىرىنى بىلىۋالدۇق، بىزنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزگە ناھايىتى كۆپ پايدىسى بولدى.

جى فىكىرلىنىڭ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىزنى رەك ھەربىي قىسىم ئەۋەتىپ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى مۇھاپىزەت
ئۇلۇنگۇر دەرياسىغا قىلىنغان سەپىرىمىز بىر قەدەر ئوڭۇشلۇ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان قازاق
بولدى. ئېلىۋالغان پاكىزە سۇ، رېمونت سايمانلىرى، بېنزى چارۋىچى پارتىزانلىرىنى يەنىلا يېڭەلمىگەن. 2 ئايغا يەتمىگەن
قاتارلىقلار بىر قەدەر تولۇق ۋە يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت ئىچىدە ئارقىمۇ ئارقا تۈيۈقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ
بېرىپ ـ كېلىشكىچە بولغان 700 كىلومېتىر يولنى 5 كۈندە قىسىمنىڭ ھەممىسى تامامەن يوقىتىلغان. 9 ـ ئايلاردا بىز
تۈگەتتۇق.
ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىن شەھەرگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە شىڭ شىسەي ئالتاينىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە باندىت
ئۇلۇنگۇر دەرياسىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ھاۋا دىمىمىزدە شىڭ شىسەي ئالتاينىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە باندىت
بولغانلىقتىن، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قويۇق ئۆسكەن تازىلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بىر تۈمەن ماشىنىلىق ئەسكەرلەرگە
ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا پاشىلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن يولۇقۇپ قالدۇق.
ئادەمنى تىنچ تۇرغۇزمايتتى، تاماقنىمۇ ئارامى ـ خۇدا يېگىلى
4ـ دىخۇادا (ئۈرۈمچى):
مەيتتى، ئۇخلاشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گۇچۇڭ بىلەن دىخۇانىڭ ئارىلىقى 300 كىلومېتىر
كېچىلىرى ئامالسىزلىقتىن شاماللىقاراق بولغان ئېگىزلىككە بولۇپ، يول ئوبدان بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر كۈن ئىچىدە
چىقىۋېلىپ شۇ يەردە ئاندىن خاتىرجەم ئۇخلىيالايتتۇق. ئاڭلىكىرىپ كېتىش تەس ئىدى. شۇڭلاشقا فۇيۈەن (جىمىسار) ۋە
ساق بۇ يەرگە بىر ئاق ئات كەلگەن ئىكەن، پاشىلار ئۇنىڭ فۇكاڭدىن ئۆتكەندە شەھەرگە كىردۇق، كەچقۇرۇنلىقى گۇمۇدى
قونۇۋالغانلىقتىن كىشىلەرگە قارا ئاتتەك كۆرۈنگەن، بۇنىڭدىن (يەنى مىچۈەن) نىڭ شەرق تەرىپىدىكى شىباپۇ دىگەن جايغا
بۇ يەردە پاشىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە يامان كەلگەندە ئۆلكىلىك ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىكى سۇڭ چۇ ـ
لىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلۇنگۇر دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈجاڭ ماشىنا بىلەن بىزنى ئالغىلى كەلدى ھەمدە شېڭ شىسەي
دىغان بىر چوڭ كۆۋرۈك بولۇپ، بىر قانچە قېتىم رېمونت نىڭ سالاھىيەت كارتوچكىسىنى كۆرسىتىپ: «مەن شېڭ دۇبەنگە
قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قازاق چارۋىچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋاكالىتەن سىلەرنى قارشى ئالغىلى كەلدىم» دېدى. يىكاپ ئال-
قىغا ئۇچراپ كەلگەن. شىڭ شىسەي بىرمۇنچە ئادەم كۈچىدە يول باشلاپ ماڭدى. شەھەر رايونىدىكى تەكشۈرۈش پونـ
ۋە ماددىي كۈچلەرنى ئىشلىتىپ رېمونت قىلماقچى بولغىنىدا كەلگىنىمىزدە ئىدارە، كوللېكتىپ ئورۇنلار، مەكتەپلەر ـ
بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتتۈرەلمىگەن، چۈنكى ئۇلۇنگۇر بىكىلەر ھەممە ئاخۇنۇملاردىن بولۇپ 1000 دىن كۆپرەك كىشى
كۆۋرۈكى ياسىلىپ چىقىلىدىغان بولسا ھەربىي قىسىملار بولۇپ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى قارشى ئالدى. بىز شەھەرگە
يەردىن ئۆتەلەيدۇ ـ دە شىمالىي قىرغاقتىكى چارۋىچىلارغا تولۇپ كىرگەندە كەچ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، شەھەردىكى مېھمانخانىغا
پايدىسىز بولىدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇلار كۆۋرۈكنى رېمونت قىلىشقا چۈشتۇق. فۇگۇەنچۇدىن مەخسۇس كۆتكۈچى ئاجراتتى، تاماكا،
بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي كەنت، چاي، قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەنلەر ئۈزۈلمىدى، ھەر كۈنى

دېڭىزگەك كەچكى كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ تۇردى هە
دە ئاپتوبۇس بىلەن ئېلىپ كېلىپ، ئاپىرىپ قويدى.

ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە سىپىل بولۇپ، داشىزىدىكى يو
ئېغىزىدىن شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمالىي سىپىل ئىشىكى
كۆرگىلى بولاتتى، يوللارغا تاش ياتقۇزۇلىۋاتاتتى، پۈتۈن شە
ھەرنىڭ نوپۇسى ئاران 110 مىڭ بولۇپ، شەھەردە كىچىككى
بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار ئىدى. شەرقتىن غەربكىچە
جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان 2 ئاساسىي كوچىغا يېقىندىلا ئې
لېكتىر چىرىغى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئانچە يورۇق ئەمەس ئىدى
شىداچىياۋكۆۋرۈكى ياغاچقوزۇق ۋەتاختا بىلەن ياسالغان بولۇپ، كۆ
رۈكنىڭ ئاستىدا شاقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ماشىنىلار كۆ
رۈكتىن ئۆتكەندە لىڭشىپ تۇراتتى. بۇ بىر ئارقىدا قالغا
شەھەر بولغاچقا سانائەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى
بوغدا سوپۇن زاۋۇتى ۋە ئۈزۈم هارىقى زاۋۇتىدىن بىرسى بو
لۇپ، مەھسۇلاتلىرى سىناق ئاساسىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلا
دىن ئىدى. يەنە بىر سەرەڭگە زاۋۇتى بولۇپ ماشىنا ماتو
ئارقىلىق ماشىنىلار ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى ھەمدە سوۋېتتىن ۋ
تەنگە قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار تېخنىكىلىق قىلاتتى، لېك
س رەڭگىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايتتى. شۇيمۇگۇ
بىر ھەربىي قورال - ياراق زاۋۇتى بولۇپ، ئاز مىقداردا ز
بىرەك ئوقى، ئوق ئىشلەپچىقىراتتى، ھەربىي زاپچاسلار ر
قىلىناتتى، ئۇسكۈنىلىرى تولىمۇ ئاددى ئىدى. كوچىلاردا
يەر - بۇ يەردە خەلقلەر ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان قويمىچىلىق
تۆمۈرچىلىك ئوچاقلىرى بار ئىدى. خۇگيەنچى سۇ ئامبىرى لاي
ھىلىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىر قىسىم قۇرۇلۇشلىرى باشلانغان ئ
دى. قۇرۇلۇش ئىشخانىسىنىڭ جوزىسىغا سايۇ چىگىنىڭ سۇ ئ



لىرى ھەققىدىكى ئەسىرى تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۈرۈن-
دىكى بىر نەپەر تاتار تېخنىك مەزكۇر كىتابىنىڭ ئاپتورى،
بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزاسى سايۇچىڭ بىلەن
تونۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلدى.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى شۇ چاغدا خېلىلا قاملاشقان مۇ-
ئەسسەسە ھېسابلىناتتى. بۇ گېزىتخانىنىڭ باشلىقى سۇڭ نىيەنسى
بولسا خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى بولۇپ، كۆرۈشمى-
گىلى 10 يىل بولغاچقا، يىغلىشىپ قالغان گەپ - سۆزلىرىنى ئې-
چىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىپ كەتتى. ئۇيغۇرچە بېتىنىڭ باش
تەھرىرى جۇڭ لىخۇا (مانجۇ) بولۇپ، مەن ئۇنى ئىچكىرىدە
خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان ئىدىم. كېيىن ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆل-
كىسىنىڭ رەئىسى بولغان چاغدا، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئەزاسى ئىدى. شۇ چاغلاردىكى داڭلىق كىشىلەردىن
ھېسابلىناتتى.

ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ باداۋان كۆمۈر كېنى ئۈرۈمچىدىكى
ئاساسلىق يېقىلغۇ بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆمۈر قېزىش
ئۇسۇلى تولىمۇ قالاق ئىدى، يەنىلا كونىچە «ئىگەر شەكىللىك
چازا قۇرۇش» تىن ئىبارەت قالاق ئۇسۇل داۋاملاشتۇرۇلىۋاتات-
تى. بىر تۇتاش پىلان بولمىغاچقا ھەممىلا يەر قالايمىقان قېزى-
لاتتى. غالتەكنى ئات سۆرەيتتى، سېۋەتنى ئاغامچا بىلەن چىڭ
باغلاپ ئۇنى يۇقىرىغا كۆمۈر چىقىرىش ئۇسكۈنىسى قىلىۋالغان
ئىدى. سۇ مېيى ئىشلىتىلىدىغان چىراق ئىشلىتىلەتتى، ھاۋا
يالماشتۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، ئەمگەك شارا-
ئىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى.

بىز ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەينى 3 قېتىم كۆردۇق، بۇنىڭ
ئۈستىمۇشى مۇنداق بولدى: شىڭ شىسەينى بىرىنچى قېتىم كۆرۈ-

شىمىز، 1943 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى بىر كۈنى ئەتىـ
گەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ
ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئەۋەتكەن چوڭ ئاپتوبۇس بىز تۇرۇ
ۋاتقان نەنلياڭ مېھمانخانىسىغا كېلىپ، بىزنى غەربىي بىنادى
كى ئۆيىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كەلدى، بىز ئۇنىڭ قوبۇل قىلى
شىغا ئېرىشتۇق ھەمدە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇق. بىز غەربىي
بىناغا بارغاندا شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاستە بىرىنچى ئىشىكك
چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە بىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول
ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىزدىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشك
بارغانلار جەمئىي 17 كىشى (چېگرا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىل
لەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كەلگەن ۋۇ دوختۇرمۇ بۇنىڭ
ئىچىدە) بولۇپ، بۇ چاغدا ئوپېراتور، كىنو رېژىسسورى ۋە دىيە
باۋچى ئىچكىرىگە قايتىپ كەتكەن ئىدى.

شېڭ شىسەي غەربىي بىنانىڭ كىچىك مەجلىسخانىسى
بىزنى قوبۇل قىلدى، ئۇ ئىمپورت قىلىنغان يۇڭ رەختىن جۇ
سەنفۇ كىيىۋالغان بولۇپ، چېچىغا ئازراق ئاق كىرگەن ئىدى
قېشى قويۇق بولۇپ، چىرايىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى.
نەچچە مىتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يىغىن جوزىسىغا تىزىلغان ب
مۇنچە قوغۇن ـ تاۋۇز، گۈللۈك كەمپۈتلەر بىلەن بىزنى مېھما
قىلدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ پات ـ پات بىزنى «قېنى نەرسە ـ ك
رەكلەرگە بېقىڭلار» دەپ تەكلىپ قىلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىل
بىز نەرسە ـ كېرەكلەرگە قول ئۇزۇتۇپ يېيىشكە چۈشتۇق. كې
ئۇقساق بۇ، شېڭ شىسەينىڭ مېھمان قوبۇل قىلىشتىكى ئاد
ئىكەن. ئۇ بەكلا گۇمانخور بولغاچقا، مېھمانلارنىڭ ئىچىد
قاتىل چىقىپ قېلىشىدىن ھامان ئېھتىيات قىلىدىكەن. مېھما
لارنىڭ قولىنى بوشۇتۇپ يانچۇقىدىن قاتىللىق قورالىنى چ



رىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قورقىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىلـ
لە ھەممە يەرگە ساقچىلارنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ مېھمانـلارنىڭ
قولىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. ئـۇ سۆز قىلىۋاتـ
قاندا بىر ئاز كىكەچلەپ قالىدىكەن، لېكىن روھى ناھايىتى
كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ ئاساسىي مەز-
مۇنى مۇنداق:

1933 ـ يىلىدىن باشلاپ مەن ئۆلكىدىكى ھەربىي قىسىمـ
لارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن،
ئارقىدىنلا شىنجاڭدىكى باندىتلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇردۇم،
بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك مېنى دۇبەنلىككە سايلىدى. مەن شۇنـ
دىن ئېتىبارەن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندىم. لېـ
كىن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ باي جايغا چىـ
شىنى بىلەپ ھەربىي جەھەتتە تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ،
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر پولك ماشىنىلاشقان قىسىم ۋە بىر
ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنى ئەۋەتىپ قۇمۇل بىلەن ئىچكىرىنى تۇتاشـ
تۇرىدىغان چوڭ دەرۋازىنى قامال قىلىۋالدى. سوۋېتنىڭ مۇتەـ
خەسسىسلىرى، ئىنژېنېرلىرى، تېخنىكلىرى غەربىي تەرەپتىن ئارـ
قىمۇ ـ ئارقا كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار بىزنىڭ بايلىقلىرىمىزنى
ئوغرىلاپ، كان مەھسۇلاتلىرىمىزنى قېزىۋېلىپ، شىنجاڭنى يۇـ
ۋۇۋېلىشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر ئازمۇ خاھـ
ئەشيانى بىزگە قالدۇرمىدى، بىز كۈچلۈك يىرتقۇچنىڭ خىرىس
قىلىشىغا چىداشقا مەجبۇر بولدۇق، ئويلىغانلىرىمىزنى سۆزـ
لەشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق، بۇنىڭغا 10 يىل بولۇپ كەتتى.
بۇنىڭ ئۈستىگە كومپارتىيە ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ،
...نە دۇ جۇڭيۈەنگە ئوخشاش قارا نىيەتچىلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلار
...ۇيىقەست ۋە توپىلاڭ قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ سوۋېتكە

قايانماقچى بولدى. مەن شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى
بولۇپ تۇرۇشىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە ۋاستىلارنى قوللى
نىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھېلىقى سۇيىقەستچىلەر، قارا نىيەتچىلەر
نى باستۇردۇم ھەمدە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، بەيتىك
تىكى قازاق باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇردۇم، ھازىر مەر
كەزنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، سوۋېتنىڭ ئەسكەرلىرىنى
چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشىنى ئىلتىماس قىلىۋاتىمەن.

يېقىندىن بۇيان مەركەز شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل
بۆلۈپ، ئىلىم - پەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ
گېئولوگىيە ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلا
مول قېزىلما بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى سەزدى. ھازىر نىڭ
تەكشۈرۈش ئۆمىكىگىلەرنى ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا يار
دەم بەرمەكچى بولدى، بىز بۇنى قارشى ئالىمىز.

شېڭ شىسەي ناھايىتى سۆزمەن بولۇپ بىراقلا 2 سائەت
سۆزلىدى، قولىدا سۆز تېزىسىمۇ يوق ئىدى، سۆزلەۋېتىپ كۆپلىگە
مىساللارنى كەلتۈردى، ھازىر بىر قانچە 10 يىل ئۆتۈپ كەتكە
لىكى ئۈچۈن ئۇنى بىر - بىرلەپ ئەسكە ئېلىش تەس.

ئىككىنچى قېتىم شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشىشىمىز
كۈندىن كېيىن بولدى. دالىدا (ھازىرقى يەنئەن يولى مېھما
خانىسىنىڭ ئورنى) دالا زىياپىتى بېرىلدى، ئۇ يەردە پولو
پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى بىلەن مېھمان بولدۇق. بۇ قېتىم
دالا زىياپىتى ئاساسەن جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن ئۇنىڭ يېقى
ئادىمى، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىر
ۋاڭ دۇڭيۈەننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەنىدى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىز بىلەن بىرى
قېتىم كۆرۈشكەندە قىلغان سۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشى



كەتكەندىن باشقا، جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن ۋاڭ دۇڭيۈەننىڭ مەر-
كىزىي تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ،
شىنجاڭ ئۈچۈن كادىر تەربىيىلەپ بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىدى-
غانلىقىنى، شاڭخەيدىكى ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ باشلىقى
ۋۇ ×× نىڭ شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سالغانلىقىنى قارشى
ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كېيىن ۋاڭ دۇڭيۈەن جاۋاب سۆزى قىلىپ، شېڭ شىسەي-
نىڭ ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭنى باشقۇرۇش جەريانىدا جاپا-
مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ زېمىنى
سۈپىتىدە قوغداپ كەلگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقىدى. كۆپچىلىك-
نىڭ بۇندىن كېيىن ئۈچ مەسىلىكنى ياخشى ئۆگىنىپ جياڭ زۇڭ-
سەينى ھىمايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

گۇرۇپپىلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دالا زىياپىتىدە بىزنىڭ
بۇ گۇرۇپپىمىزغا شېڭ شىسەينىڭ 5 - ئىنىسى ترانسپورت
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شېڭ شىجى ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى.
ئۇ سورالغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ تۇردى.
ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ ۋە دۇجۇڭ-
يۈەننىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىگە 3 ئاي بولغانلىقىنى ئېيتىپ
قويدى.

شېڭ شىسەي بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق كۆرۈشىشىمىز
دالا زىياپىتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلدى، ئورنى غەربىي بىنادا
بولدى. ئۇ بىر قانچە ئون جوزا تەييارلىغان بولۇپ، چۆڭچىنىڭ
باشقا تەرەپلەردىن كەلگەن مېھمانلار ئىشتىراك قىلدى.
ئىچىدە ۋاڭ دۇڭيۈەن، ئىچكىرىگە ئەكىتىش ئالدىدا
ئىلىم - پەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر، دۆلەت ئاتىسى
سودا - سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر، شاڭخەي

ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ ××، يەنە 18 ـ لۇي
نىڭ باشلىقى شۈيرۇچىڭ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋ
قاتناش مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ بىر قانچ
ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى بار. شىڭ شىسەي ئىسىملىكنى ئوقۇ
بولۇپ، قەدەھ سۆزىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز تاماقق
تۇتۇش قىلدۇق. بۇ چاغدا مۇزىكا چېلىنىپ ئولتۇرۇشنى قىز
تىپ بەردى. سازەندىلەر «پەرىزاتلار ماكانى تاۋ خۇاجياڭ
قاتارلىق سېرىق ناخشىنى ئورۇنلىدى.

ئىككىنچى كۈنى جياڭجيېشى ئەۋەتكەن، يېڭىدىن تەمىرل
نازارىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن لىن جزيۇگمۇ شۇيمۇگۇ
دالا زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ كەسىپداشلارغا بولغان غەمخورلۇقىن
بىلدۈردى.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىڭ شىسەي يەنە بىز
بوغدا كۆلىگە سەيلىگە ئۇيۇشتۇردى، بىزگە ھەمراھ بولغ
ئاساسلىق ئەمەلدارلاردىن شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىك
بىرىنچى نومۇرلۇق جاللات ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلى
لى يىڭچى؛ شىڭ شىسەينىڭ 5 ـ ئىنىسى شىڭ شىجى، تەمىرل
نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جزيۇك ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارل
لار بار. بىز چوڭ ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇق. شىڭ شىسەين
يېقىن كىشىلىرى ۋە جياڭجيېشىنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ دۇگيۇ
پىكاپتا ئولتۇردى. ئۇ چاغدا بوغداغا بارىدىغان تاشيول ي
ئىدى، ماشىنىلارنى بوغداغا بارىدىغان جىلغا ئېغىزىغا تو
تىتىپ قويۇپ، فۇكاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەييارلاپ قوي
ئاتلارغا مىنىپ تاققا چىقتۇق. قارىشىمچە ۋاڭ دۇگيۇەن ئاس
لىق مېھمان بولغاچقا، لى يىڭچى بىلەن شىڭ شىجى ئۇن
ئەگىشىپلا يۈرۈشەتتى، بىز بىلەن ئۇنىڭغا قىلىنىۋاتقان مۇئا



يىلىدىمۇ زور پەرق بار ئىدى. ئۇ چاغدا بوغدادا مېھمانخانا
بولمىغاچقا فۇكاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇتخانا ۋە خۇسۇسلار-
نىڭ ئۆيىنى ۋاقىتلىق قونالغۇ قىلىپ تەييارلاپتۇ. لى يىڭچى،
شىڭ شىجى ۋە لىن جزيۇگلار ۋاڭ دۇگيۇەنگە ھەمراھ بولۇپ
قارلىق تاغنى سەيلى قىلىپ تىيانشاننىڭ مەنزىرىسىدىن زوق-
لاندى. بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزدىكىلەر ئىلىم - پەن
نۇقتىسىدىن بوغدا كۆلىنى كۆزدىن كەچۈردى. پروفېسسور سا-
يۇچىڭ ۋە سۇ باشقۇرۇدىغان تېخنىك بوغدا كۆلىنىڭ سۇ
ئېشلىرىنى تەتقىق قىلدى. جۇلىسەن ۋە يىمن زۇيىڭلار بوغدا
كۆلىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلدى. بوغدا
كۆلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بىز بوغدادىكى بىر دانە
يوغان ياغاچ قېيىقتىن پايدىلانماقچى بولدۇق، مەن قېيىقنى
ھەيدەشكە مەسئۇل بولدۇم. بوغدانى بىر كۈن ئايلىنىپ كۆ-
زەتتۇق. ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن جۇلىسەن بوغدا
كۆلىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ سۆزلىدى.
جۇلىسەن مەركىزىي داشۆنىڭ پروفېسسورى، يەر تۈزۈلۈش مۇتە-
خەسسىسى لى شىنسەننىڭ: بوغدا كۆلى تىپىك كۆچمە مۇز يەر تىپىگە كى-
رىدۇ، تۆتلەمچى دەۋردە، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كۆچمە
مۇزلارنى ئېرىتىۋەتكەن، مۇز سۇلىرى تاشلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ
كەتكەنلىكتىن كەچتە مۇز قاتقاندا، ئۇنىڭ ھەجمى كېڭىيىپ،
تاشلارنى يېرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئانلىق تەندىن
ئايرىلىپ چىقىپ يەنە مۇز بىلەن بىرىكىدۇ، كۈندۈزى كۈن
چىققاندا كۆچمە مۇزلار يەنە ئېرىپ، كۆچمە مۇزلارنىڭ پەس
جايلارغا يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئانلىق تەندىن ئاي-
رىلىپ چىققان تاشلارنى باشقا جايلارغا يۆتكىۋېتىدۇ، يۆتكى-
لىدىغان تاشلارنىڭ ئېغىرلىقى ئارتقانسېرى مۇۋاپىق شارائىتتا

كەلگەندە ئۇ مۇز تېنىدىن ئايرىلىپ باشقا جايدا ئۇ
كېتىدۇ. بوغدا كۆلى — كۆچمە مۇزلار تەرىپىدىن يۆتكەۋ
گەن تاشلارنىڭ تاغ جىلغىسىغا يىغىلىپ قېلىشىدىن ھا
بولغان بىر چوڭ توغاندىن شەكىللەنگەن تەبىئىي كۆل بول
بۇ يەردە مۇز - قار ۋە سۇلار داۋاملىق يىغىلىپ تۇر
چوڭ بوغدا كۆلى بىلەن كىچىك بوغدا كۆلى مۇشۇنداق
كىللەنگەن دېگەن سۆزگە قوشۇلدى. فۇكاڭغا باردىغ
بۇ تاغ جىلغىسى يەر قاتلىمىنىڭ تۆتلەمچى دەۋردە شەكىل
گەن U شەكىللىك كەسمە يۈزى بولۇپ، بۇنى پۈتۈن دۇ
دىكى ئالىملار كۆچمە مۇزلارنىڭ يۆتكەلگەن ئىزى دەپ ئ
راپ قىلغان. بىز بوغداغا چىقىشتا بۇ U شەكىللىك جى
نىڭ بىلىنگە يېتىپ بارغىنىمىزدا يىغىلىپ قالغان تاش دۆ
لىرىنى كۆردۇق. ھازىرقى بېيجىڭ گېئولوگىيە شۆبىسىنىڭ تىي
قىقاتچىسى، پروفېسسور يۈەن فۇلى 30 - يىللاردا فۇكاڭدا تىيان
تېغىنىڭ شىمالىدىكى تۆتلەمچى دەۋرىيە قاتلىمىدىن جۇڭگو بويىچە
چوڭ ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىر سۆرەلمە ئىسكىل
قېزىپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا نومۇر قويۇپ ساندۇققا قاچىلاپ، تۆ
ئارتىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەن. بۇمۇ تۆتلەمچى دە
كۆچمە مۇزلارنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن ناھايىتى زور بىر ئۆمۈلگ
ھايۋاننىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ بوغدا
شەكىللىنىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدىغان دەلىل ھېسابلىن

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر جۇڭگولۇ
نىڭ ئەجدادلىرىنى غەربتىن كەلگەن دەپ پىتنە - ئ
توقىدى، ئۇلارنىڭ ئاساسىچە جۇڭگودا تۆتلەمچى دەۋردە كۆ
مۇزلارنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر
يوقمىش. پروفېسسور لى سىگۇاڭ ئۇلارغا: «شىنجاڭدىكى ب



جىياڭشىدىكى لۇشەندە تۆتلەمچى دەۋردە كۆچمە مۇزلارنىڭ يۆتـ
كەلگەنلىكىنىڭ ئىزى تېپىلدى. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاتا -
بوۋىسىنىڭ جۇڭگودا پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پو-
لاتتەك دەلىل» دەپ رەددىيە بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن بىزنىڭ
بوغدانىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ
ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

5 - ئىلىدا:

7 - ئاينىڭ ئاخىرى، بىز ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ ئىلىغا
قاراپ يولغا چىقتۇق، يول بويىدىكى شەھەر - بازارلاردا زۆ-
رۈر تېپىلسا قونۇپ، ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك ماڭدۇق،
تەپسىلى تەكشۈرمىدۇق. سايرام كۆلىدىن ئۆتۈۋېتىپ سۇڭشۇتۇ
ۋە گوزىگوغا كەلگەندە ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولغانلىقتىن
تىيانشاننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە گۈللىنىۋاتقان چارۋىچىلىق
فېرمىلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلاندۇق ھەمدە سوۋېتلىكلەر لايىھە-
لىگەن 3 سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق.
بۇ ئىستانسىلارنىڭ توكى مېھمانخانىلارنى يورۇتۇشقا ئىشلىـ
تىلىدىكەن. سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس) دىن ئۆتۈشىمىزدە شۇ
جايدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان بىر مۇنچە ئاز-
سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى يولنىڭ 2 تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى
قارشى ئالدى. بىزگە — يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارغا سۈتلۈك
چاي تۇتتى، بىز گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىگە
يېتىپ كەلدۇق.

بىز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىلى ۋىـ
لايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ئېتىز - ئېرىق، سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سانائەت،
[illegible]ارە - ئەتىقە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈندۇق. ئالدىنقىسى ياماتۇدىن

تارتىپ توققۇزتارادىكى ئىلى دەريا بويلىرىنىڭ سۇ ئىـ
لىرى، بىنام يەرلەر ۋە نەسىللىك قوي فېرمىسىنى تەكشۈردى
كېيىنكىسى شەھەرنى ئاساسىي سانائەت ئوبيېكتى قىلدى. بـ
ئادەتتە مېھمانخانىدا تۇرغاندىن باشقا، يەنە قۇرۇلۇش ئىدا
رىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مىجىتنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بار
دۇق. ئۇ قازاق مىللىتىدىن بولۇپ، بىزگە ناھايىتى مېزىلىك
گۆش تائاملىرىنى ۋە قوغۇن - تاۋۇزلارنى تەييارلاپتۇ، ئۇنىڭ
ئايالى بىزگە قازاقچە ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى، مىجىت بـ
ياش زىيالى ئىدى، ئۇ بىزگە ھەمراھ بولۇپ، ئىلى دەرياسـ
نىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشـ
ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، كېتىۋاتقاچ بىزگە نەق مەيدانىنى چـ
شەندۇرۇپ تۇردى، ئۇ كەسپكە ناھايىتى پىششىق ئىكە
خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاپتونوم راي
لۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا كۆر
تىلگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەقىقەتەن
شۇنىڭغا مۇناسىپ بولالايتتى.

بىز توققۇزتاراغا بارغاندىن كېيىن يالغۇز بىرلا ئاتلـ
موڭغۇل ئەسكەر بىزگە يول باشلىدى. بىز ئات بىلەن تا
دىن ئۆتۈپ نىلقىغا (ياكى گۈڭخا دەپ ئاتىلاتتى) كەلدۇ
موڭغۇل، زاڭزۇ كومىتېتىغا ۋاكالىتەن چوڭ لاما لۇي لېيۇ
مەخسۇس زىيارەت قىلدۇق ھەمدە باشقا ئۆمەك ئەزالىرىد
ھاۋالىسى بويىچە قاش دەرياسىنىڭ ئېقىش مىقدارىنى
زەتتۇق، ئاليومىن، سىنىك كانلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى
غىپ مازارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتۇق.

شۇ چاغلاردا غۇلجىنىڭ سانائىتى ئۇرۇمچىنىڭكىدىن
ياخشىراق ئىدى. مەسىلەن: غۇلجىدا ئۇن زاۋۇتى، تېرە -



بۇم زاۋۇتى ۋە ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار ئىدى، بۇلار-
نىڭ ھەممىسى خېلىلا زامانىۋىلاشقان ئىدى.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئۆ-
مىكىنىڭ ئەزاسى لومىڭيۇ غۇلجىدا قېلىپ ئىلى دەرياسىنىڭ
چوڭ كۆۋرۈكىنى لايىھىلەيدىغان بولدى.

بىز غۇلجىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قورغاسقا بېرىپ
ئېلىمىزنىڭ چېگرا - مۇداپىئە ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى
بولدۇق، بىز تەرەپتە پەقەت بىرلا كۆزىتىش پەشتىقى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە دۇربۇن ۋە بىۋاسىتە شەھەر بىلەن
سۆزلىشىشكە بولىدىغان تېلېفون ئاپاراتى بار ئىدى. دەريا-
نىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىرغاق سوۋېت چېگرىسى ئىدى،
ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى چېگرا مۇداپىئە تاشيولىدا موككىدەك
ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەلۇم ئارىلىقلارغا پوس ئورۇنلاشتۇرۇلغان
بولۇپ ئاپشاركىلار بىلەن چارلاپ تۇراتتى. ئاڭلىشىمىزچە
يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىي ئايروپىلان ئىستانسىسى، ئاپشاركا تەر-
بىيىلەش گازارمىسى بار ئىكەن. لېكىن بىزنىڭ بۇ تەرەپنىڭ
ھەممە يول ئېغىزلىرى ئوچۇق بولۇپ، پات - پات قازاقلار
ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىمەن دېمۇ ساقلانغىلى بول-
مايتتى، كېيىن بىز چېگرىدىن ئايرىلىپ، گوزىگو، سۆگ-
شۈتو ئارقىلىق سايرام كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاغ جىلغىسى
بىلەن بورتالاغا يۈرۈش قىلدۇق. ئاڭلىساق بۇ تاشيولنى
سوۋېتلىكلەر بورتالانىڭ ساپ دورىلىرىنى توشۇپ كېتىش
ئۈچۈن ياسىغان ئىكەن، يولنىڭ ئەھۋالى خېلىلا ياخشى بولۇپ،
ئاپتولۇقىمۇ تەلەپكە مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئارشاڭ مۇنچىسى مەخسۇس سوۋېتنىڭ بورتالادا كان-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېخنىك خادىملىرى ئۈچۈنلا

ياسالغان ئىكەن. مۇنچىغا چۈشكۈچىلەر پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇنچىنىڭ ھەر بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە مۇنچىنىڭ ئىچىدىكى ئارشاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېنىق يېزىلغان ياغاچ تاختا ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ يۇيۇنۇپ چىقتى.

بىز بورتالادا 2 كۈن تۇرۇپ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىڭ، شىخو، دۆربىلجىن ۋە چۆچەك تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. شىن شىگو چۆچەكتىن ئات ۋە يول باشلىغۇچى ھەل قىلىپ چاغانتوقايغا بېرىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كۆچۈردى. بىز بورتالانىڭ ئوتلاقلىرىنى بويلاپ مېڭىپ بىنام يەرلەرنى كۆزدىن كۆچۈردۇق. شۇ چاغلاردىكى بورتالادىن جىڭخىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەر تېخى ئېچىلمىغان بوز يەرلەر ئىكەن. بۇ يەردە موڭغۇل چارۋىچىلىرى چارۋا باقىدىكەن، شۆكلاشقىمۇ ماشىنا بىلەن يۈرۈش ناھايىتى تەسكە چۈشتى. دۆربىلجىن بىلەن چۆچەكنىڭ ئارىلىقىدا بىر رەسمىي تاشيول بولغاچقا بىز چۈشكەن ئاپتوموبىل دۆربىلجىندە توختىمايلا چۆچەككە كىرىپ كەتتى.

6 ـ چۆچەكتە:

بىز چۆچەكتە بىر كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنى مەركىزىي ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى ئەن ۋىنخۇينىڭ ئوچۇقچىلىقتا ئاچقان قارشى ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتۇق. يىغىنغا ھەر قايسى ئىدارە، تەشكىلاتلار، مەكتەپلەردىن بولۇپ جەمئىي 1000 دىن ئارتۇقراق ئادەم قاتناشتى، رەئىس سەھنىسىگە مەرھۇم جۇڭشەننىڭ سۈرىتى ۋە زۇڭلىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئېسىلغان ئىدى ھەمدە بۇ يىغىن گومىنداڭنىڭ يىغىن ئېچىش ئۇسۇلىدا ئېچىلغان ئىدى. بىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ باققان بولساقمۇ بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈشىمىز تۇنجى



قېتىم ئىدى. رەئىس سەھنىسىدە ئولتارغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە سوۋېتنىڭ كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بار ئىدى. ئېلانچى يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىنى ئوقۇپ بولۇپ، زۇڭلىنىڭ سۈرىتىگە 3 قېتىم تازىم قىلىشنى ھەمدە 3 مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇشنى ئوقتۇرغاندا سوۋېتلىكلەر مىدىرلاپمۇ قويمىدى، تازىممۇ قىلمىدى، بېشىنى تۆۋەنمۇ سالمىدى. يىغىن تۈگىمەي تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى. يىغىندا ئەن ۋىنخۇي، جاڭ بىنچىن، يىن زۇيىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىنلا چۆچەكنىڭ چېگرا چازىلىرىغا بېرىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كۆچۈردۇق، بۇ يەردىمۇ قورغاستىكىگە ئوخشاشلا بىزنىڭ بىردىن بىر كۆزىتىش مۇنارىمىزلا بولۇپ، ئىچىدە بىرقانچە دۇربۇن ۋە تېلېفون ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ شەھەرگە ئۇلىناتتى. لېكىن سوۋېت تەرەپتە بولسا چېگرا بويلاپ مەخسۇسلا چارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تاشيول بولۇپ، ئاپتوموبىللار ئۇياقتىن بۇياققا موككىدەك قاتناپ تۇراتتى. پوسلىرى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، يەنە ئاپشاركىلىرى، ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئايروپىلان ئىستانسىسى بار ئىدى. ئېلىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ناھايىتىمۇ ناچار ئىدى.

ئالتايغا بېرىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بىز چۆچەكتە بىردىن قوي تېرىسىدىن قىلىنغان پەلتو، بىر جۈپ پىيما تەييارلىدۇق. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەن ۋىنخۇينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەر قايسى ئىدارىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

بۇ چاغدا شىن شىگو چاغانتوقايدىن چۆچەككە يېتىپ

كەلدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ يەرنىڭ چېگرىسى ئېچىۋېتىلگەن
بولۇپ، سوۋېت تەرەپتىكى قازاقلار پات-پات چېگرىدىن
ئۆتۈپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئا-
ۋارە قىلىپ تۇرغانلىقتىن ئۇلار خىزمەتكە بېرىشقىمۇ
جۈرئەت قىلالمىغان.

ئاڭلىشىمىزچە ئەن ۋېنخۇي ئاخبارات توپلاش ماھىرى
ئىكەن، شېڭ شىسەي تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزدىكى ھەر بىر
ئادەمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەھ-
ۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن تاكتىكا ئىشلىتىپ بۇ ئىشقا ئەن
ۋېنخۇينى ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە ھەر بىرىمىزنىڭ تەرجىمىھا-
لىمىزنى ئانكىتقا تەپسىلى تولدۇرغۇزغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ئەن ۋېنخۇيغا پۇرسەت بولسىلا ھەر بىرىمىز بىلەن پات-پات
ئايرىم ئۇچرىشىپ شۇ ئارقىلىق ئەھۋال ئىگەللەشنى تاپىلىغان.
ئاڭلىساق ئالتايدا 9-ئايدا قېلىن قار چۈشۈشكە باشلىغان بو-
لۇپ، تاغ يوللىرى توسۇلۇپ قالاي دەپ قاپتۇ، بىز تېزرەك
يېتىپ بېرىش ئۈچۈن 8-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئالتايغا قاراپ
يولغا چىقتۇق، يول ناچار بولغاچقا، ئادىمىزات ئاياق بېسىپ
باقمىغان تېجاڭگودا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى كەچتە قۇبۇق-
سارغا قايتىپ كەلدۇق. تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى چياۋ
جيافۇ ۋاڭ ھەزرەت مەھكىمىسىدە بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى،
ھەمدە بىزنى ۋاڭ ھەزرەت مەھكىمىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق چوڭ
قوبۇلخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، قوبۇلخانىغا بىرقانچە دانە خېلى
چوڭ خوتەن گىلىمى سېلىنغان بولۇپ، بىز گىلەمنىڭ ئۈستى-
دە ياتتۇق، ئۆينىڭ تورىسى تاختايلىق بولۇپ، ئۆيگە ئەينەك-
لىك دېرىزە ئورنىتىلغان ئىدى، ئۆيلىرى ناھايىتى پاكىز،
راھەتلىك ئىدى. ئۇ يەنە بىزگە ئېسىل گۆشلۈك تائاملارنى



تەييارلاپتۇ. چۈچەككە ياكى ئۈرۈمچىگە يېقىنىغا بېرىشقا، بەزىدە
سودا-سېتىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر دانە كىچىك
زىس ماشىنا سېتىۋاپتۇ، قار قېلىن ياغقاچقا يول مېڭىش ئەپ-
سىز ئىدى، شۇڭلاشقا ۋاڭ ھەزرەت مەھكىمىسىدە ئىككى كۈن دەم
ئالدۇق ھەمدە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋۇ دوختۇر چياۋ
جيافۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويدى. باشقىلار ئۆز ئارا
ئۆگىنىش ئېلىپ باراتتى ياكى پروفېسسور يىن زويىڭنى
جىڭجۇ تىياتىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى،
ئۇ سۆزمەن بولۇپلا قالماي يەنە ناخشا ئېيتالايتتى، ئويۇن
ئوينىيالايتتى، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى.

بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋال «شىنجاڭشۇناس»، گۇچۇڭ
ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جى فىڭلۇ، چياۋجيافۇ توغرىلىق سۆز-
لەپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى خۇشۇفاڭ. مىللىتى
موڭغۇل بولۇپ، ماناس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى خۇليەنجۇنىڭ
قىزى ئىكەن. خۇليەنجۇ موڭغۇللارغا يېقىنچىلىق قىلىش ئۈ-
چۈن قىزى خۇشۇفاڭنى موڭغۇل چىڭۋاڭغا خوتۇنلۇققا بەرگەن،
چىڭۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ چىڭۋاڭنىڭ ئورنىغا چىققان.
ئاڭلىشىمىزچە چياۋجيافۇنىڭ ئېرى موڭغۇل چىڭۋاڭ
تاناسىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ،
ئۇمۇ يۇقۇملانغان ئىكەن. بىز ۋاڭ ھەزرەت مەھكىمى-
سىگە بارغاندا ئارىمىزدىكى ۋۇ دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى
داۋالاپ قويدى. گومىنداڭ 1944-يىلى شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيى-
تىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەش-
ۋىقات نەپەقە ھەيئىتى، گومىنداخۇينىڭ ۋەكىلى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرگە يۆتكىدى، ئۇنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىنىڭ جيەنكاڭ
يولىدا بولۇپ، بىزنىڭ ئۆي بىلەن ئارىلىقى بىر قانچە مېتر

كېلەتتى. مەن غەربىي شىمال جاڭگوەن مەھكىمىسى ئورۇمچى
بەنگوڭتىڭىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمدا ئۇ
خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پات - پات مېنى ئىزدەپ كېلەتتى
ئۇ شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ داڭدار كىشىلىرىدىن ئىدى
شۇڭلاشقا ماچېڭشياڭ، لوشۇرېن ۋە ليۇ خەندۇڭ قاتارلىق
كاتتا كىشىلەر ھەممىشە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ماجياڭ
ئوينايتتى ياكى باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىپ ئىچ پۇشقىنىنى چىقىرىشاتتى. مېنىڭ گورۇپپا
باشلىقىم ليۇدۇن ئۇنىڭ مەخپىي ئاشنىسى بولۇپ، ليۇنىڭ
ئايالى ئىچكىرىدىگە كەتكەن مەزگىللەردە ئۇ پات - پات ليۇدۇننىڭ
شەرقىي بىنادىكى ياتىقىغا بېرىپ قونۇپ قالاتتى ياكى يېرىم
كېچىلەردە ليۇدۇنغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ
قىلاتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن
ليۇ ھەربىي كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا يۆتكەلگەندە
مېڭىشتىن ئاۋۋال چياۋ جيافۇدىن ئارىيەتكە ئالغان ب
پارچە خوتەن گىلىمىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇشىمنى ھاۋا
قىلدى. 1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى
چياۋ جيافۇغا 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى

قار توختىغاندىن كېيىن، بىز خىشەنتوغا بېرىپ قوندۇق
ئۇ يەردە بىرلا ساقچى ئورگىنى بولۇپ، بىرقانچە ئېغىزلا ئۆي ب
ئىكەن. مەن ئۇ يەردە ئۇيغۇرچە ياسىنىۋالغان بىر خەنزۇ قىزن
يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ئۇقساق ئىلىدا پاتپاراقچىلىق بولغان
ئۇنى بىر قىرغىز بېقىۋاپتىكەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن ب
قىرغىزغا يىگىت بىلەن توي قىپتۇ، قىرغىزچىنى راۋ
سۆزلىيەلەيدىكەن.

7 - ئالتايدا؛



خىشەنتودىن ئايرىلىپ بۇرچىن، چىڭخوا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ماشىنىنى كېچىك كېمىسىگە چىقىرىپ زەنجىر بىلەن سۆرەپ دەرياغا سېلىپ، ئىنتايىن تېز ئاقىدىغان ئېرتىش دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بۇرچىنگە كەلدۇق. ئۇ چاغدا ئوسمان تاققا چىقىۋېلىپ توپىلاڭ چىقىرىۋاتقان بولۇپ، چىڭخوادا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزنى قوغداش ئۈچۈن كۈمۈش تاغ ئېغىزىنى قوغداشقا ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ ماشىنىلارنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈۋەتتى.

بىز چىڭخواغا يېتىپ باردۇق. ۋالى مەھكىمىسى تۇرمۇشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ خىزمەتكە كىرىشتۇق. بىر گورۇپپا شەھەردە قېلىپ ئىشلىدى، يەنە بىر گورۇپپا چىڭخوانىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئالتۇن جىلغىسىغا ئالتۇن كانىنىڭ قېزىلىش ئەھۋالىنى ۋە تاشقى موڭغۇل چېگرىسىنىڭ جۇغراپىيە شەكلىنى ئۇقۇپ كېلىشكە كەتتى. مەن ئالتۇن كان گورۇپپىسىغا قاتناشقان ئىدىم، بۇ گورۇپپىدا يەنە جياڭچىڭ، يى جۇڭسەن ۋە سۇڭ لويۇلار بار ئىدى. ئىككى نەپەر قازاق كىشى يول باشلىغۇچى بولدى. شەرقىي شىماللىق بىر كىشى مىلتىق، ئوق ئېلىۋېلىپ بىزنى قوغدىدى. بىز ئاددىيراق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەردىن باروميتىر، كومپاس، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش ئەسۋابى قاتارلىق نەرسىلەرنى، يەنە يول ئوزۇقى ۋە سۇدان ئېلىۋالدۇق. بىرىنچى كۈنى كەچتە چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ماكانلاشقان بىر قازاق كىشىنىڭ قىشلىقىدىكى بىر ئېغىز بوش تۇرغان ياغاچ ئۆيدە قونۇپ قالدۇق. بۇ چاغدا قار ياغقان، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغان ئىدى. بىز كېچىچە ئوتۇن قالاپ ئىسسىندۇق. شىچاخېدىكى ئالتۇن كېنىغا بېرىش ئۈچۈن 4 چوڭ

تاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تاغنىڭ ئېگىزلىكى 10 مىڭ ئېنگلىز چىسىدىن كۆپرەك كېلىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى شىچاخېدىكى ئالتۇن كانغا بېرىپ ئالتۇن قازىدىغان ئىشچىلار بىلەن بىللە ياتتۇق. ئالتۇن قېزىش ئىشچى لىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس ئىدى. ئۇلاردىن 10 نەچچە كىشى بىر ئېغىزلىق ياغاچ ئۆيدىكى بىر چوڭ كاڭدا يېتىپ ـ قوپىدىكەن. بىر يىلدا ياغقان قېلىن قار تاغ يوللىرىنى يېرىم يىلغىچە ئېتىۋالىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار يازدا بىر يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى تەييارلىۋالىدىكەن. قىش كۈن لىرى دەريا بويلاپ مۇز ئۈستىدە مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن تاغدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. دەريا ئۈستىگە چۈش كەن قار گەرچە قېلىن بولمىسىمۇ ئاسانلىقچە ئۆتكىلى بولماي دىكەن. كۆكتات ئىنتايىن قىس، داۋالىنىش شارائىتى پەقەت يوق ئىكەن، ئايرىم كىشىلەر ئائىلىسىنى بىللە ئېلىپ كەل گەن بولۇپ، ئۇلارمۇ دەردىنى تەڭ تارتىدىكەن. بەزىلىرى بىر قانچە يىللاپ تاغدىن چۈشۈپ باقماپتۇ. ئۇلار ئەتىگە چىقىپ، كەچ قايتىپ ئىشلەيدىكەن. دەريانىڭ قىرغىقىغا چ قىۋېلىپ، كېپەك ئالتۇن كۆرۈنگەن جاينى تېپىۋالسا، ش يەرنى ئىگەللەپ، ھەر كۈنى ياغاچ داستا يەرلىك ئۇسۇل ب لەن رودا تاللاپ ئالتۇن چايقايدىكەن. ياخشىراق ئىشلى بىر قانچە كۈندە بىر مىسقال ئالتۇن چايقاپ ئالالايدىكەن. ھېچ نېمە ئالالمايدىغانلارمۇ بار ئىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ دېڭىز ئاس تىدىن يىڭنە ئىزدىگەنگە ئوخشاش تەس ۋە جاپال ئىش ئىكەن.

ئالتايدا قارىغاي كۆپ بولغانلىقتىن، ئالتۇن جىلغىسىدىك ئۆيلەر ۋە ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ بىنالىرى ئاساسەن ي



غاچلارنى جۈپلەپ قاتار تىزىش ئارقىلىق پۈتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆينىڭ ئۈستىمۇ پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەن يېپىلغان ئىكەن، ئالتۇن ۋادىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ياغاچتىن پۈتتۈرگەن دېيىشكە بولاتتى، ھەتتا چىڭخۇا شەھىرىدىكى كۆپلىگەن ئۆيلەرمۇ ئەشۇنداق ياسالغان ئىدى. ئەجەپلىنەرلىك يېرى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ئۈچۈن ياخشى قارىغايلارنى يېرىپ ئىشلىتىدىكەن، ئورمانلىقلارنى نابۇت قىلىپ، ئۇنى پەرۋىش قىلمايدىكەن. داۋاملىق مۇشۇنداق بىكار يېتىپ يىسە تاغمۇ توشمايدۇ.

شىچاخې دەرياسىنىڭ ئېقىنى تاغقا يانداشىپ ئاقىدىكەن، 20 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى جاي كىچىك شەرقىي جىلغا، 50 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى جاي چوڭ شەرقىي جىلغا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. دەريا قېتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئولتۇرۇشۇپ قالغان قۇم قەۋىتى ۋە دەريا بويىدىكى سايازلىقتا كېپەك ئالتۇن زاپىسى خېلىلا مول ئىكەن.

جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىپتىدائىي ئورمانلىق بولۇپ، چوڭ شەرقىي جىلغا شېڭ شىسەينىڭ ئالتۇن كان ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاي ئىكەن. ئۇ ئىدارىدا بىر باشلىق، بىر قانچە خىزمەتچى خادىم ئىشلەيدىكەن، بۇرۇن بۇ ئىدارىدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ، بىز بارغاندا كېتىپ بولغان ئىكەن، بىر دانە ئېگىزلىكنى ئۆلچەش ئەسۋابىدىن باشقا ھېچنېمىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېتىپتۇ، ياكى بىرەرمۇ تېخنىك يېتىشتۈرۈپ بەرمەپتۇ، ئۇلار قالدۇرۇپ قويغان ئېگىزلىكنى ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەم يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تېخنىكىمىز سۇڭ لويۇ بىرەيلەنگە ئۇ ئەسۋابنى ئىشلىتىشنى ئۆزى بىۋاستە بىر بىرلەپ

ئۆگىتىپ قويدى.
ئالتۇن قازىدىغان ئىشچىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، دەريا
قېتىنىڭ تۆۋىنىدە كىپەك ئالتۇن زاپىسى خېلىلا مول ئىكەن.
سۇۋېتتىن قايتىپ كەلگەن كۆپلىگەن مۇھاجىرلار سۇۋېتنىڭ
قېزىش تېخنىكىسىنى دوراپ تىك قۇدۇقتىن پايدىلىنىپ ئالتۇن
قازىدىكەن. قۇدۇق ئېغىزىنىڭ ئورنىنى دەريا ئېقىنىغا يې
قىن جايدىن تاللاپ، تىك قۇدۇقنى كىپەك ئالتۇن كۆرۈنۈپ
تۇرغان جايغىچە كولاپ، لەخمە بويلاپ قېزىشنى يولغا قويى
دىكەن، كىپەك ئالتۇننىڭ يىغىلىشى بەلگىلىك قانۇنىيەتكە
ئىگە بولغاچقا، ئەۋرىشكە ئېلىپ سىناپ كۆرۈدىكەن، ياكى
كىپەك ئالتۇننىڭ رەڭگىگە ئاساسەن (ئادەتتە قېنىق رەڭدە
بولىدۇ) كىپەك ئالتۇننىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلىدىكەن
كىشىلەر رودىنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىزدەيدىكەن، بۇنىڭدا
تۈز سىزىق بويىچە ئىزدەش شەرت ئەمەس ئىكەن. بىر
تەرەپتىن مېڭىپ، بىر تەرەپتىن تۈۋرۈكلەرنى ياخشى ئورنىتى
غالتەك بىلەن يۇقىرىغا چىقىرىدىكەن ۋە سۇلارنى چىقىرىۋې
تىدىكەن. سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ رودا تاللايدىكەن. ئۇنىڭ
ئۇسۇلى مۇنداق ئىكەن: يەر يۈزىدىن كەڭلىكى 60 سانتىمېتر
ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتر كېلىدىغان U شەكىللىك كەس
مە يۈز، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتر، يانتۇلۇقى 20 گىرادۇسلۇق
ئېرىق قېزىپ، 3 تەرىپىنى تاختاي بىلەن چىڭ توسۇپ ياغا
نو شەكىللەندۈرۈپ، نوغا 30 سانتىمېتر قېلىنلىقتا دەر
شېغىلىنى ياتقۇزۇپ، ئېرىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە
شاقىراتما ياساپ، دەريا سۈيىنى شاقىراتمىغا باشلاپ
ئاندىن ئۇنى نوغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ پەس تەرىپىگە سۇ چ
قىرىۋېتىش ئېرىقى ياساپ، تىك قۇدۇقتىن چىقارغان كىپەك



ئالتۇنلارنى نونىڭ سۇ كىرىدىغان ئېغىزىغا تۆكۈپ، ئۇلۇغ ئې-
قىۋاتقان سۇدا يۇيۇلىدىكەن. شۇنداق قىلغاندا كىپەك ئالتۇنلار
نو بويلاپ پەسكە ئاقىدىكەن، ئالتۇن ئادەتتە قۇمغا قارىغاندا
ئېغىر بولغاچقا نونىڭ تۈۋىگە ئولتۇرۇشۇپ قالىدىكەن. بۇ چاغ-
دا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچىنى نوغا ئولتۇرۇشۇپ قالغان كېرەك-
سىز نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىشكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، شۇنداق قىل-
غاندا نودىكى سۇ توسالغۇسىز بەھوزۇر ئاقالايدىغان بولىدىكەن.
ھەر ئايدا نونى بىر قېتىم ئاچقاندا ھەر قېتىمدا 6—10 كىلو-
گىرام ئۆپچۆرىسىدە ئالتۇن يىغىۋالغىلى بولىدىكەن. بۇ بىر
خىل كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ 20—40 ئادەم بىر
توپ بولۇپ، 3 سمېنا تۈزۈمى بويىچە ئىشلىسە بولىدىكەن،
مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىشلىگەندە ئالىدىغان مەنپەئەت ئەڭ كۆپ
بولىدىكەن. ئۇ يەردە مۇشۇ شەكىلدە ئىشلەۋاتقان ئورۇندىن
10 نەچچىسى بار ئىكەن. قۇدۇقنىڭ ئاستىدا يورۇتۇش ئۈچۈن
كىرسىن لامپىسى ئىشلىتىلىدىكەن. يەر يۈزىنىڭ قاپلىنىش قات-
لىمى ناھايىتى نېپىز بولغاچقا ھەممە يەردە كولانغان قۇدۇق
ئاسانلا يەر يۈزى بىلەن تۇتۇشۇپ كېتىپ ھاۋا كىرگۈزۈش تۆ-
شۈكلىرى كۆپىيىپتۇ. قۇدۇق ئاستىغا چۈشىدىغان خادىملار باش
كىيىمى، ئىشتان، چاپىنى ئۇلاپ تىكىلگەن رىزىنكە ئىش كىيىمى
ۋە ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيىۋالىدىكەن.
جىلغىدا ئالتۇن قازىدىغان 200 چە ئىشچى بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ كۆپ قىسمى يەككە ئائىلىلەردىن ئىكەن. ئالتۇن كان
ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى: كان قۇدۇغى ئەترىتىنى تەش-
كىل قىلىش، تاغدىن چىقىدىغان خادىملارنى قاتتىق تەكشۈرۈش،
بارلىق ئالتۇننى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش، كۆپرەك قېزىۋالغانلار
بولسا ئەھۋالغا قاراپ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىتىش ئۈچۈن

ئاز مىقتاردا ئېلىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. كان ساقچىلىرى ئالتۇننىڭ تاغنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، يەنە قازاقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كان رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقىمۇ مەسئۇل بولىدىكەن. قازاقلارنىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ ئۇسۇپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا سىم تور ئورنىتىلۇپتۇ. تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالتۇن كان ئىدارىسى تەمىنلەيدىكەن، بىر قىسمىنى ئالتۇن قازىدىغان ئىشچىلارنىڭ ئۆزى ئېلىپ كېلىدىكەن.

ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، شىڭ شىسەي ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئالتۇنلارنى ۋە بىر قىسىم خادىملارنى ئالدۇرۇپ كېتىدىكەن.

يىل ئاخىرىدا قانچىلىك ئالتۇن ئېلىنغانلىقىنى ئالتۇن كان ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنائەن مەخپىي ساقلاپ، ئۇنى ئاشكارىلىمايدىكەن. شىڭ شىسەي 10 نەچچە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە قېزىۋېلىنغان ئالتۇنلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئاڭلىشىمىزچە 1944 - يىلى شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندە، ئالتۇنلارنى پۈتۈنلەي ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندا گومىنداڭ دائىرىلىرى يەنە بىر قىسىم ئالتۇننى كونترول قىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن 7 - ئايغا كەلگەندە يې چىڭ، ماچېڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ماڭغاندا ماشىنا ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بەردۇق دېگەن باھانە بىلەن 2000 سەرچە ئالتۇننى سوقۇۋالغان.



ئاڭلىشىمىزچە، ئالتۇن جىلغىسىدىن بىر چوڭ تاغنى ھالقىپ ئۆتسە تاشقى موڭغۇلغا بارغىلى بولىدىكەن، شۇڭلاشقا كان ساقچىلىرى پات - پات تاشقى موڭغۇلدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى تۇتۇۋالىدىكەن.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز ئالتۇن جىلغىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا تاغنى قېلىن قار قاپلىۋالغان بولۇپ، داۋان يوللىرى تاقىلىپ قالغان ئىدى. قار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە چىقاتتى، شۇڭلاشقا يول باشلىغۇچى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يول باشلايتتى، 3 - چوڭ تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن مىنگەن ئات تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ كەتتى، مەن ئات بىلەن تەڭ ئون نەچچە مېتر پەسكە دومىلاپ كەتتىم، بەختىمىزگە يارىشا يول باشلىغۇچى ئىككى قازاق خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مېنى ۋە ئاتنى بىخەتەر قۇتقۇزۇۋالدى. قار خېلى قېلىن چۈشكەنلىكتىن ئادەم ۋە ئات زەخىملەنمىدى، بۇنىڭدىن كۆپچىلىك بىر ئاز ئالاقزادە بولدى.

چىڭخۇادا شىنجاڭغا نىسبەتەن خېلىلا مۇھىم ھېسابلىنىدىغان ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك: بىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قازاق مىللىتىدىن بولغان مۇئاۋىن ۋالىيسى جانىمقان تەيجى (تەيجى—چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالىدىغان ئەمەل مەرتىۋىسى) بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، قوراللىق توپىلاڭغا قاتناشقان ئىكەن. يەنە بىرى شۇ چاغدىكى ئالتاي ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى خۇڭيۈن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرچە، قازاقچىنى راۋان سۆزلەيدىكەن، ئالتاي بىلەن تاشقى موڭغۇلدىكى قازاق ئاھا-

ئاز مىقتاردا ئېلىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. كان ساقچىلىرى ئالتۇننىڭ تاغنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، يەنە قازاقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كان رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقىمۇ مەسئۇل بولىدىكەن. قازاقلارنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنىڭ ئۇسۇپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا سىم تور ئورنۇتۇلۇپتۇ. تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالتۇن كان ئىدارىسى تەمىنلەيدىكەن، بىر قىسمىنى ئالتۇن قازىدىغان ئىشچىلارنىڭ ئۆزى ئېلىپ كېلىدىكەن.

ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، شېڭ شىسەي هەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئالتۇنلارنى ۋە بىر قىسىم خادىملارنى ئالدۇرۇپ كېتىدىكەن.

يىل ئاخىرىدا قانچىلىك ئالتۇن ئېلىنغانلىقىنى ئالتۇن كان ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنائەن مەخپى ساقلاپ، ئۇنى ئاشكارىلىمايدىكەن. شېڭ شىسەي 10 نەچچە يىل هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە قېزىۋېلىنغان ئالتۇنلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئاڭلىشىمىزچە 1944 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندە، ئالتۇنلارنى پۈتۈنلەي ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن هەقىقەتكە قايتقاندا گومىنداڭ دائىرىلىرى يەنە بىر قىسىم ئالتۇننى كونترول قىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن 7 ـ ئايغا كەلگەندە يې چېڭ، ماچېڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار شىنجاڭدىن هىندىستانغا ماڭغاندا ماشىنا ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى هۆكۈمەتكە سېتىپ بەردۇق دېگەن بانا بىلەن 2000 سەرچە ئالتۇننى سوقۇۋالغان.



ئاڭلىشىمىزچە، ئالتۇن جىلغىسىدىن بىر چوڭ تاغنى هالقىپ ئۆتسە تاشقى موڭغۇلغا بارغىلى بولىدىكەن، شۇڭلاشقا كان ساقچىلىرى پات ـ پات تاشقى موڭغۇلدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى تۇتىۋالىدىكەن.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز ئالتۇن جىلغىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا تاغنى قېلىن قار قاپلىۋالغان بولۇپ، داۋان يوللىرى تاقىلىپ قالغان ئىدى. قار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە چىقاتتى، شۇڭلاشقا يول باشلىغۇچى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يول باشلايتتى. 3 ـ چوڭ تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن مىنگەن ئات تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ كەتتى، مەن ئات بىلەن تەڭ ئون نەچچە مېتىر پەسكە دومىلاپ كەتتىم، بەختىمىزگە يارىشا يول باشلىغۇچى ئىككى قازاق خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مېنى ۋە ئاتنى بىخەتەر قۇتقۇزىۋالدى. قار خېلى قېلىن چۈشكەنلىكتىن ئادەم ۋە ئات زەخىملەنمىدى، بۇنىڭدىن كۆپچىلىك بىر ئاز ئالاقىزادە بولدى.

چىڭخۇادا شىنجاڭغا نىسبەتەن خېلىلا مۇهىم هېسابلىنىدىغان ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك: بىرى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قازاق مىللىتىدىن بولغان مۇئاۋىن ۋالىيسى جانىمقان تەيجى (تەيجى—چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالىدىغان ئەمەل مەرتىۋىسى) بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، تىنچلىق بىلەن هەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، قوراللىق توپىلاڭغا قاتناشقان ئىكەن. يەنە بىرى شۇ چاغدىكى ئالتاي ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى خۇگېۋن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرچە، قازاقچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئالتاي بىلەن تاشقى موڭغۇلدىكى قازاق ئاخبا ـ

رات خادىملىرىنى، تاشقى موڭغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىكەن. بۇ ئادەم شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن شىنجاڭ گارنىزون شتابى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئىشپىيونلۇق خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، «جياڭچىڭ» دېگەن شەرتلىك بەلگۈ بىلەن سودا ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ، مەخسۇسلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى پارچىلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇ ئەلبەك قەبىلىسىدىكى قازاقلارنى ئىچىدىن قوزغىلىشقا ئۈندىگەن ئىكەن. يوقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ئادەم 1951 - يىلى 3 - ئايدا باستۇرۇلدى.

بىز ئالتايدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدا كۆۋرۈك ياساۋاتقان خادىملار يەنە بىر قېتىم قازاقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئالتايدا قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى يەنە باشلانغان بولۇپ، بىز بۇرچىن دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن بىر تۈمەن ئەسكەرنىڭ ماشىنا بىلەن ئالتايغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە قايتىشىمىزدا يەنىلا بۇرۇن ماڭغان يولىمىز بىلەن قايتتۇق. يولدا ناھىيىلەردە زۆرۈر تېپىلسا قوندۇق، لېكىن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدۇق. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلدۇق.

تەكشۈرۈلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار:

1 - تارىم دەريا ۋادىلىرىدىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى، 2 - ئۈچتۇرپاننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەھۋالى ۋە گېئولوگىيىلىك ئەھۋالى، 3 - چارقىلىقنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەھۋالى ۋە يىپەك يولىنىڭ ئىزلىرى قاتارلىقلار.



جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن پروفېسسور لۇ مىڭيۇ ئالدىنىراق غەربىي شىمال بىرلەشمە داشۆسىگە قايتىپ كەتتى.

## 8 جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلىنغان سەپەر

بىز 10 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان رەسمىي تاشيول بولمىغاچقا، ئاپتوموبىل ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى ۋە دائىم بۇزۇلۇپ قالاتتى. قاراشەھەردىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەر - بازارلاردا دېگىدەك بازار بار ئىكەن. جايلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن بازار كۈنىنى بېكىتىدىكەن. كۈچانىڭ بازىرى ئەڭ ئاۋات بولۇپ، ھەر كۈنى دېگىدەك بىرەر جايدا بازار بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇ چاغدا قاراشەھەر دەرياسىدا تېخى كۆۋرۈك يوق ئىدى. بىز قاراشەھەر دەرياسىغا يېتىپ كېلىپ، ئاپتوموبىللارنى كېمىگە چىقىرىپ، كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتتۇق. 1944 - يىلى قىشقا كەلگەندە قاراشەھەرنىڭ ۋالىيسى جى فىڭلۇ يەرلىكلەردىن پۇل يىغىپ قاراشەھەر دەرياسىغا ياغاچ كۆۋرۈك سالدۇردى.

كۈچا بىز نۇقتىلىق تەكشۈرىدىغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى. بىز 3 گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. بىرىنچى گۇرۇپپا شەھەردە قېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بىر گۇرۇپپا شايارغا بېرىپ تارىم دەريا بويلىرىدىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى. يەنە بىر گۇرۇپپا خۇاڭ ۋېنبىنىڭ باشلامچىلىقىدا

كوچادىكى مىلىك ئۆيىنىڭ تام رەسىملىرىنى تەكشۈردى.

مەن شايار گۇرۇپپىسىغا قاتناشتىم. بىرىنچى پوچتا (خادىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن يولغا چىقىپ شايار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بىر كېچە قوندۇق. بىزنى بىر ئۇيغۇر مۇئاۋىن ھاكىم كۈتۈۋالدى. ئۇ شۇ جايىنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىكەن. تامغا بۇ ناھىيىنىڭ خەرىتىسى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ بىزگە ئەھۋاللارنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يول بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئىككىنچى كۈنى ئات بىلەن يولغا چىقىپ، تارىم دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى سۇ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كۆچۈردۇق. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قېيىق بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى. ئاڭلىشىمىزچە شايار ناھىيىسى كۇچا ۋىلايىتى بويىچە داڭلىق ئەلتىرە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيە ئىكەن، شۇڭلاشقا بىزمۇ بېقىلىۋاتقان قوزا پادىلىرىنى مۇنداقلا كۆزدىن كۆچۈردۇق.

ئۇ چاغدا كۇچادا قەدىمىي كۇسەندە ياسالغان ياغاچ كۆۋرۈك يەنىلا بار ئىكەن. لېكىن ئاپتوموبىللار قاتناشقا بولمىغانلىقتىن، يەنىلا خابادىن ماڭىدىكەن. شەھەر قىياپىتى ناھايىتى كۆرۈمسىز بولۇپ، پەقەت يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار سېتىلىدىكەن. يەنە مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى بار ئىكەن، مەن خاتىرە ئۈچۈن كۇچانىڭ داڭلىق قايچىسىدىن بىر قانچىنى سېتىۋالدىم.

ئاقسۇنىڭ شەھەر قىياپىتى كۇچانىڭكى بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن، ئۇ يەرگە بارسىڭىزمۇ، بۇ يەرگە بارسىڭىزمۇ ئاشۇ بىر قانچە كونا كوچا بولۇپ كۆرگىدەك ھېچنىمىسى يوق ئىكەن. ۋالىي مەھكىمىسى بىز تۇرىدىغان جاينى



شەھەرنىڭ غەربىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، بىرىش - كېلىشتە خادىكتا ئولتۇرىمىز. ئاڭلىساق بۇ ۋالىي شېڭ شىسەينىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە ماختايدىكەن. ئۇ چاغدا گومىنداڭ پىرقىسى ئەمدىلا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىچكىرىدىن باش كاتىپ يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. ۋالىي بىزگە كاتتا زىياپەت بەردى، باش كاتىپ بولسا ئېزىز مېھمان ئىدى.

بىز ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق: بىر گۇرۇپپا ئاۋاتقا بېرىپ تارىم دەريا بويلىرىدىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرمەكچى بولدى. يەنە بىر گۇرۇپپا شەھەردە قالىدىغان ھەمدە كونىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان بولدى. ئۆمىكىمىزدىكى لى يەن بولسا جۇڭگو ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئىدى. ئىككىمىز بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ كىتاب يايمىسىدا كونىراپ كەتكەن پارسچە كىتابقا مۇچەل جەدۋىلى بېسىلغانلىقىنى بايقاپ قالدۇق. بۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرغانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. لى يەن پارس يېزىقىنى ئۆگەنگەن ئىدى، ئەرەبچە يېزىقنى ئوقۇيالايتتى، مەنمۇ ئۇيغۇرچە يېزىقنى چالا - بۇلا ئوقۇغان ئىدىم. شۇڭلاشقا بىز بۇ مۇچەل جەدۋىلىگە ئىگە بولدۇق. لى يەن ئۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ماتېرىيال قىلماقچى بولدى.

بىز ئاقسۇدا تەكشۈرۈش ئىشىنى بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ماشىنا بىلەن ئۈچتۇرپانغا بارماقچى بولدۇق. ئۇ يەرگە بارىدىغان تاشيول بولمىغاچقا، ماشىنا ماڭغاندا

بەكلا سىلكىنىپ تۇراتتى، سوۋېتكە چېگرىداش تاغ شەھىرى بولۇپ، غەربىدىكى چوڭ تاغ تەبىئىي توساق بولغاچقا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى يوق ئىكەن، شەرقىي تەرىپى ئېتىزلىق ئىكەن. ئۇ يەردە سوۋېتتىن ئىمپورت قىلىنغان رەخت، چاقماق قەنت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا بولىدىكەن. شۇ چاغلاردا نەرسە - كېرەكلەر ناھايىتى قىس بولغاچقا ئاسان تېپىلمايدىغان بۇ نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردىن سېتىۋالالىغانلىقىمىز ئاجايىپ ئىش بولدى.

ئۇچتۇرپان — قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە بولغاچقا، قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ ئۇققىمىز كەلدى، بىز مىڭ تەسلىكتە بىر مەكتەپتىن بىر نەپەر قىرغىز ئايال ئوقۇتقۇچىنى تاپتۇق. ئاڭلىساق قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغلىق رايونلاردا ياشايدىكەن.

ئۇچتۇرپاندىكى قالىغاچ تېغى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق تاغ ھېسابلىنىدىكەن. بىز ئۇ تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆزىتىپ كۆردۇق. قالىغاچ تېغى ئۇچتۇرپاننىڭ غەربىگە بىر كىلومېتر كەلمەيدىغان جايدىكى ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تاغنىڭ ھەممە يېرى تاشقا ئايلانغان جىسىملار بىلەن قاپلانغان ئىكەن. كۆرۈنۈشى قالىغاچقا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن قالىغاچ تاغ دەپ ئاتالغان ئىكەن. كۆپلىگەن گېئولوگىيە ئالىملىرى، تىيانشان ئەسلىدە بىر دېڭىز بولۇپ، كېيىن ھىمالايا تېغىنىڭ تاغ ھاسىل قىلىش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە تەدرىجى ھالدا ئېگىزلەپ بۈگۈنكى تىيانشانغا ئايلانغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. جۈلىسەن بىلەن يىن زۈيىڭمۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلدى. قالىغاچ تېغى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.



ئاقسۇدىن قايتىشىمىزدا قىش كىرىپ قالغان بولۇپ، بىر ۋاقىت قوغلىشىپ يەنە داۋاملىق چارقىلىق تەرەپكە ئاتلاندۇق. كورلىدىن چارقىلىققىچە بولغان ئارىلىقتا تېخىچە رەسمىي تاشيول يوق ئىدى، ۋاقىتلىق يولنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېقىن قۇملار بېسىۋالغان بولۇپ، ئاپتوموبىلىمىزنىڭ چاقى قۇمغا پېتىپ قېلىپ بىكار پېقىراپتتى. كورلا بىلەن چارقىلىق ئوتتۇرىسىدىكى يولنى بېسىشقا 4 كۈن كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا بىز كورلىدا تولۇق تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقىشقا جۈرئەت قىلدۇق. مەسىلەن: يېتەرلىك دەرىجىدە بېنزىن، بىرمۇنچە ياغاچ تاياق، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالدۇق. چارقىلىق بىز بۇ قېتىم تەكشۈرمەكچى بولغان ناھىيىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ نامرات ناھىيە ئىدى. لېكىن ئۇ تارىختا شەرق بىلەن غەربنىڭ بېرىش - كېلىش قىلىشىدىكى مۇھىم بازار ھېسابلىناتتى. ئۇ يەردە شىڭ شىسەينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ مۇھىم قاتناش ئېغىزىنى قوغدايتتى. بىز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىزگە ئادەتتىكى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. خۇاڭ ۋېنبىي ئىككىمىز يەنە بۇرۇن خۇاڭ ۋېنبىيگە يول باشلىغۇچى بولغان ئۇنىڭ دوستىنى ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقىنى دۇنخۇاڭ بىلەن چارقىلىق ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇمۇ مېنىڭ 2 - يىلىدىكى دۇنخۇاڭ بىلەن چارقىلىققا قىلغان سەپىرىمگە ناھايىتى زور ئىلھام بەخش ئەتتى.

ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەپيۇنلار

دۇنخۇاڭ بىلەن چارقىلىق ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن. 1935 - يىلى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ دۇنخۇاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ يول باندىتلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يولغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، بۇ يەردىن ئۆتۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتا سوۋېتنىڭ قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرمۇ شۇ يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىكەن.

بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز 1944 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۇرپانغا كەلدى. ئۇ يەردە بەزى ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. خۇاڭ ۋېنبىي يەنە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىدىقۇتتىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى.

1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇلغا قايتىپ بارساق سوۋېتنىڭ قورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسى قايتىپ كېتىپتۇ. بىزمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، ئىچكىرىگە قايتىپ بېرىپ دوكلات قىلدۇق.

مەن دۇنخۇاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن نەچچە ئون مىڭ خەتلىك «شىنجاڭنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى چۇڭچىڭدىكى موڭغۇل - تاڭغۇت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭشىنغا تاپشۇردۇم. شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئەسقاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئىشىم ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە گومىنداڭنىڭ خېيىمدا تۇرۇۋاتقان ئارمىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىماي قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن شۇ يىلى 10 - ئايلاردا 10 يىل چەكلەنگەن رايوننى



بۆسۈپ ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم دۇنخۇاڭدىن چارقىلىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولى سەپىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردىم.

شۇ چاغدا مەن جيۇچۈەنگە قايتىپ كەلگەندە شىنجاڭغا كىرمەكچى بولغان 18 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭى شۇي ساچېڭنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن بۇ لۈيىدىكى پەيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا شىنجاڭنى تەكشۈرگەنلىكىمىز توغرىسىدا بىر قېتىم دوكلات بەردىم.

1984 - يىل 2 - ئاي

# 1944 - يىلى دۇنخۇاڭدىن چارقىلىققىچە بولغان يىپەك يولىدىكى سەپىرىم

ۋۇ گۇيسېڭ

1936 - يىلىدىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ قازاق قەبىلىسى ئاقساقاللىرى ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى تۇتقۇن قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم قازاق ئاقساقاللىرى ۋە چارۋىچىلىرى شىنجاڭدىن ئەنشى، دۇنخۇاڭ تەرەپلەرگە باش ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا بۇ يەر تازا تىنچلىنالمىدى. دۇنخۇاڭ - چارقىلىق ئارىلىقىدىكى يول تەبىئىي هالدا ئېتىلىپ قالدى. مەن 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىگە ئاتلاندىم. دۇنخۇاڭ - چارقىلىق ئارىلىقىدىكى يىپەك يولى 10 يىللار داۋامىدا، باندىتلار تىمىسقىلاپ يۈرۈيدىغان، جايغا ئايلىنىپ قالغان، هېچكىم قارامىلىق بىلەن بۇ يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. هەربىي ئىشلار ۋە ئامانلىق ساقلاش ئېھتىياجى بىلەن خېشى كارىدورى گارنىزون باش قوماندانى گېنېرال تاۋسىيۈنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاسماندا قۇشلار ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان يەردە بىر تال ئوت - گىيا، دەل - دەرەخ ئۈنمەيدىغان «لىيەنسىخەن» دېگەن جايدىن گاس ئويمانلىقى (قۇساين تاجى تەۋەلىكىدىكى قازاق يايلىقى) ئارقىلىق، ئالتۇن تاغدىن



ئۆتۈپ چارقىلىققا يەنە بىر قېتىم باردىم. شۇنىڭ بىلەن بېرىش مەنئىي قىلىنغان بۇ غايىۋى رايوننىڭ سىرى ئېچىلدى.

شۇ يىلى 5 - ، 6 - ئاي مەزگىلىدە، خېشى كارىدورىنىڭ يۈيمېندىن ئەنشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاشيولدا بىر نەچچە قېتىم كەينى - كەينىدىن مىنا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ ۋەقەگە سەل قارىغىلى بولمايتتى. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي جياڭ جېيشىنىڭ تولۇق هوقۇقلۇق ئەلچىسى سۇڭ مېيلىڭ ۋە ۋۇجۇڭشىنلار بىلەن سۆهبەتلىشىپ كېلىشىم هاسىل قىلىپ، ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ چۇڭچىڭغا كەتكەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن 3 دىۋىزىيە ئەسكەر خېشى كارىدورىغا يىغىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇهىم قاتناش يوللىرى هېمىشە ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، شىنجاڭغا هەربىي قوشۇن كىرگۈزۈشكە شارائىت قولايلىق ئەمەس ئىدى.

مەن شۇ چاغدا، موڭغۇل - شىنجاڭ كومىتېتى تيانشان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. 1943 - يىلى يازدا «دۆلەت ئاتىسى نامىدىق سانائەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى»گە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈنۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خېشىغا قايتقىنىمغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان ئىدى. شۇ چاغدىكى خېشى گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۈ، 42 - ئارمىيىنىڭ باشلىقى ياڭ دېلياڭ، يېڭى تۈزۈلگەن 18 - لۈيىنىڭ لۈيجاڭى شۈرۈچېڭ، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى جاۋشىگۇاڭ قاتارلىق ئەسكەر باشلاپ شىنجاڭغا كەلمەكچى بولغان گېنېراللار جيۇچۈەن ۋالىسى لىيۇيىچاڭ بىلەن جيۇچۈەندە جىددىي يىغىن چاقىرىپ،

هېلىقى مىنا پارتلاش ئەدزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەييار-
لىق كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كونكرېت تەدبىرىدىن بىرى،
شۇ ئەنزىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى.
مەن بىرىنچى قەدەمدە يۈيىمىن بىلەن ئەنشى ئارىلىقىدىكى
بىر ئۇچاستىكا نەق مەيدانىغا باردىم، ئۇ يەردە بىر يولۇچى-
لار ئاپتوموبىلى پارتلاپ كېتىپ، 3 ئادەم ئۆلگەن، 18 ئادەم
يارىدار بولغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، مەن ئەنشىدە تۇرۇشلۇق ئار-
مىيىنىڭ بىر يىلى شتابىغا بېرىپ قېزىپ ياساغان تاش-
يولغا كۆمۈپ قويۇلغان مىنالارنى ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ بالونى-
نى تېشىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان مىقلىق تۆمۈر تاختىنى
كۆزدىن كۆچۈردۈم. ھەر بىر تۆمۈر تاختىغا 7 - 8 سانتىمېتر
ئۇزۇنلۇقتا ئۆرە مىق ئورنىتىلغان بولۇپ، خۇددى ئاياق كىيىمى-
گە مىقلىنىدىغان ناھالغا ئوخشاش ئىدى. بۇ نەرسىلەر تەخمى-
نەن 20 - 30 كىلومېتىر ئارىلىق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان
ئىدى. مىنالار $35 \times 25 \times 15^3$cm لىق ياغاچ ساندۇقلارغا
ساغۇچ پارتلاتقۇچ دورىلارنى سېلىپ ياسالغان بولۇپ، ئوت تۇ-
تاشتۇرىدىغان پىستان ئورنىتىلغان ئىدى. ساندۇق سىرتىغا
c cc p ھەرپلەر ھەم زاۋۇت ۋاكالەت نومۇرى يېزىلغان
ئىدى. تاشلىنىپ كەتكەن ئوقلاردىمۇ c c cp دېگەن بەلگىلەر
بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە،
مىنا تاڭ ئاتار چاغدا پارتلىغان بولۇپ، شۇ چاغدا ھەم ئۇلار بىر
توپ تۆگىلەرنىڭ مازۇڭ تېغى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى، چۆلدە
تۆگىلەرنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ مىنانى، تاشقى موڭغۇل-
نىڭ تۆگىلىك ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلگەنلىكىنى چۈشەن-
دۈردى، چۈنكى شۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى بىلەن
ھاكىمىيەت تارتىۋالغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا



ئاسىيلىق قىلىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئىدى. سوۋېت
ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلنىڭ تۆگىلىك ئەسكەرلىرىدىن پاي-
دىلىنىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە توس-
قۇنلۇق قىلغانىدى. تاشيول قاتنىشىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلغان ئەنزە مۇشۇ بىر قېتىمقىلا ئەمەس ئىدى. 1946 - يىل
ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقىدىكى تۆگە
چۆنزى دېگەن جايدا، مال توشۇۋاتقان ئاپتوموبىللار كۆپ قې-
تىم تۆگىلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچ-
رىغان ئىدى (بۇ ھەقتە ئايرىم ماقالە يېزىپ، تەپسىلىي با-
يان قىلماقچىمەن). شۇ چاغدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان خېشىدا
تۇرۇشلۇق ھەربىي گېنېراللار، تاشقى موڭغۇلنىڭ تەھدىتىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان بىر ھەربىي
يول ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ چېگرىسىنى خاتىر-
جەم قىلىش، بولۇپمۇ بېرىش مەنئىي قىلىنغان رايون — گاس
ئويمانلىقىدىكى قۇسايىن تاجى تەۋەلىكىدىكى قازاق چارۋىچى-
لارنى خاتىرجەم قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىشى؛
دۇنخۇاڭ بىلەن چارقىلىق ئارىلىقىدىكى ھەربىيلەر تۇرۇۋاتقان
موھىم جايلار چارلاپ چىقىلىشى كېرەك ئىدى. گېنېرال
تاۋسىيو بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇردى ھەم 8 - ئۇرۇش رايونى-
دىن ۋۇگودېڭ ئىسىملىك بىر مەسلىھەتچىنى بىللە خىزمەت
ئىشلەش ئۈچۈن ماڭا قوشۇپ قويدى. ئۇ قازاق تىلىنى بىل-
مەيتتى ۋە قازاقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەممە
خىزمەت مېنىڭ پىكرىم بويىچە ئىشلىنەتتى.

بەزىلەر مىنا كۆمۈش ئەنزىسى شىنجاڭدىن خېشىغا
كەلگەن قازاقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن،

دەپ گۇمانلاندى. مەن بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن، يېپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن جيۇچۈەننىڭ جەنۇبىي تېغىدىكى يۇلغۇن دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق مۇقادىل، دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىي تېغى ئوتلۇق داۋان دېگەن يېردە تۇرۇشلۇق ئادوباي، ئوتلۇق مۇزكۆل دېگەن يەردىكى جانامبار، خارتاڭدىكى ئالتۇنبەك ھەم خانئامبالدا تۇرۇشلۇق ئوسمانلارنىڭكىگە بېرىپ، بىر ئاي تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ھەم ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، مىنا كۆمگۈچىلەر شىنجاڭدىن كەلگەن قازاق خەلقى، دېگەن گۇماننى ئىنكار قىلدىم. چۈنكى ئۇلار سوۋېتكە ھەم شېڭ شىسەيگە قارشى ئىدى.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ بېشىدا، بىز مېڭىش تەييارلىقىغا كىرىشتۇق. گېنېرال تاۋسىيۈ ئەسلىدە بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ، چارقىلىققا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن بىزگە ئاتلىق ئەسكەر قوشماقچى بولغان ئىدى، مەن كۆپ قوشۇننى ھاردۇرۇش تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، قوبۇل قىلمىدىم. ئاخىرى، ئەسكەر چىقىرىپ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىي كۆلىگىچە يەتكۈزۈپ قويۇش، ئاندىن خانئامبالدا تۇرۇشلۇق ئوسمان ئات - ئۇلاق ھەم ئادەم چىقىرىپ يەتكۈزۈپ قويۇش قارار قىلىندى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، 1935 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ماجۇڭيىڭنىڭ موڭغۇل بابولا تىزگىنلەپ تۇرغان قالدۇق قوشۇنلىرى دۇنخۇاڭغا بارغاندىن كېيىن، قەدىمقى چوڭ يول بىلەن شىمالىي گەنسۇدىكى مازۇڭشەن تېغى تەرەپلەرگە تىمىسقىلاپ باردى. 1938 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلار گەنسۇغا قېچىپ بارغان



گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ موڭغۇل، قازاقلار ئارىسىدا ئۆزلۈكسىز زىددىيەت پەيدا قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن گەنسۇ، شىنجاڭ چېگرىسى تىنچلانمىغان ئىدى. ئۇ چاغدا، دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 150 كىلومېتر كېلىدىغان، خانئامبال دېگەن جاي شىنجاڭغا كېلىدىغان، ئوسمان قازاق تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ تۇرغان مۇھىم يول ئىدى.

خانئامبالنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان، گاس ئويمانلىقىدىكى «ليەنسىخەن» دېگەن يەردىن ئۆتىدىغان، يەنى قۇسايىن تاجى تەۋەلىكىدىكى 200 نەچچە ئائىلىلىك قازاق تىزگىنلەپ تۇرغان يول گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭغا قاتنايدىغان قارغۇ ئۈچەيگە ئوخشاش يولغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ئۆچمەنلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، غەربتە چارقىلىقتىكىلەر بىلەن سودا - سېتىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ھەم تاغلۇقلارنىڭ كۆپلىگەن چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپ كېتىپ تۇرغانلىقى ۋە شەرقتە مىلىتارىست مابۇفاڭ بىلەن ئۆچمەنلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەنمۇ بېرىش - كېلىش قىلىشمايتتى. شىمالدىكى «ليەنسىخەن» دە يازدا قاتناش توختاپ قالاتتى، پەقەت ھەر يىلى قىشتا بىر قېتىم كارۋان تەشكىللەپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى دۇنخۇاڭغا ئېلىپ بېرىپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرگە ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. مابۇفاڭ قوراللىق باجخانا قۇرۇپ، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قازاق چارۋىچىلار تاغقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقان ئىدى. گۆش يېمەكلىكى قىلىش ئۈچۈن، ياۋا ئات - قۇلانلارنى تولا ئوۋلاپ، يوقىتىۋېتەي دەپ قالغانىدى.

يولغا چىقىش ئالدىدا تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى: بىرىنچىدىن، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىشەنچلىك يولباشلامچى بولۇش. بىز گاس ئويمانلىقىدىكى قازاقلارنىڭ باش ئاقساقىلى قۇسايىن تاجىنىڭ سىڭلىسىنى يولباشلامچى قىلىشقا دىتلىدۇق. ئۇ ئايال خانئامبالدىكى قازاقلارنىڭ باش ئاقساقىلى ئوسماننىڭ خوتۇنى بولۇپ، بىز بىلەن بىللە بارغاچ تۇغقان يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. بىز ئېلىۋالغان بىر توركوم تاختا چاي ۋە گەزلىمىلەر بىلەن پارا بېرىپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋالدۇق.

ئىككىنچىدىن، ئات، تۆگە تەييارلاش، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئات، تۆگە بولغاندىلا، «لىيەنسىخەن» دىن ئۆتۈشكە بولاتتى. ئەمما شۇ جايدىن ئۆتۈشتە مىنىش ئۈچۈن مەخسۇس بېقىلغان ئاتلار بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئاتلار ئادەتتە مىنىلمەيدۇ، شۇ جايدىن ئۆتۈشتىلا بىر قېتىم مىنىلىدۇ، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت دەم ئالدۇرۇلىدۇ، بىر ئادەمگە ئىككىدىن ئات تەييارلاپ، نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇپ مىنىلىدۇ. بىز شۇ قېتىمدا تۆگىگە ئوخشاش تۆت كۈن سۇ ئىچمىسىمۇ، ئوت - بوغۇز يېمىسىمۇ چىدايدىغان مۇشۇنداق ئاتتىن تۆتنى ئىشلەتتۇق. قۇسايىن تاجىنىڭ سىڭلىسى ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭغان يەنە بىر ئاتلىق قازاق كىشى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ جايدىن ئۆتۈشتە ئاشلىق، گۆش- يېمەكلىك، يوتقان ۋە چېدىرلارنى ئېلىپ مېڭىشلا قالماستىن، بەلكى سۇ، يېقىلغۇ ۋە قازاقلارغا سوغىلىق نەرسىلەرمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىلغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئادەملەر مىنىش ۋە ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەرنى ئارتىش ئۈچۈن، 10 نەچچە تۆگە كىرا قىلىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى.

«لىيەنسىخەن» دىن ئۆتىدىغان يولدا، ماجۇڭيىڭ قوشۇن-



لىرى شۇ جايدىن ئۆتكەندە، ھېرىپ - ئېچىپ ئۆلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى كۆزگە چېلىقاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي كىيىم كىيگەن، كەمەر باغلىغان، پۈتۈن بەدىنى قۇرۇپ كەتكەن يەنە بىر جەسەت بولۇپ، ئۇ ئاسقان ئۇزۇن مىلتىقنىڭ ئىستۋولىلا قېلىپ، ياغاچ قوندىقى چىرىپ كەتكەن. بۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ھەممىدىن ئايرىلىپ، سەپىنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئالدىدىراق ماڭغانلاردىن بولسا ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئەھۋال، بۇ ئادەمنىڭ ئۆلگىنىگە تۆت يىل بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ، بۇ مىلتىق ئىشلەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن. ناۋادا مىلتىق ساق بولغان بولسا، 1939 - يىلىنىڭ ئالدىدا ياكى كېيىندە شۇ جايدىن ئۆتكەن كۆچمەنچى چارۋىچىلار ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ يەنە تۆت يىلدىن بۇيان، بۇ يەردە ئادەم زاتى ئىز باسمىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ «لىيەنسىخەن» دېگەن جايدا يەنە ئادەملەر بىلەن توپ بۆرىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىش بولغان ئىزلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئاۋۋال بىر مۇنچە بۆرە ئۇستىخىنىنى ئۇچراتتۇق، 500 مېتىرچە نېرى بارغىنىمىزدا بىر مۇنچە بۆرە ئۇستىخىنىنى ۋە بىر ئات ئۇستىخىنىنى، قوندىقى چىرىپ كەتكەن بىر دانە ئۇزۇن مىلتىقنىمۇ يولۇقتۇردۇق. يەنە ئالدىغا تەخمىنەن 50 مېتىرچە ماڭغاندا، بىر ئادەم ئىسكىلىتىنى ۋە بىسى قايرىلغان بىر دانە قىلىچنى يولۇقتۇردۇق. بۇ بىزگە يولۇققانلارنىڭ ئوۋچىلار تەرىپىدىن قازىغا ئېلىپ ئېتىلغان بۆرىلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى، ئۇلارنىڭ ئوقى تۈگىگەندىن كېيىن، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلارنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئۆزلىرى مادارىدىن

كېتىپ، قىلىچلىرىنىڭ بىسى قايرىلىپ، ئاخىر بۆرىگە يەم بولغانلىقىنى، ئۆلگۈچىنىڭ تاڭغۇتلار توقىغان يەرلىك پولۇ سۆكنوسىدا تىكىلگەن تاڭغۇت كىيىمى كىيگەن كىشى بولۇپ، چىلىيەنشەن تېغى ئارىسىدا ياشايدىغان تاڭغۇتلاردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. مەن 1940 - يىلى، چىلىيەنشەن تېغىدا بىر تاڭغۇت ئوۋچىنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ قېتىم بىزگە يولۇققان قالدۇق ئىزنى شۇ چاغدا يوقۇلۇپ كەتكەن ئوۋچى تاڭغۇتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم.

«لىيەنسىخەن» دىكى سەپىرىمىزنىڭ 3 - كۈنى مەلۇم بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە تۆگىلىرىمىز ئۈركۈپ، ماڭماي تۇرۇۋالدى، قارىساق ئالدىمىزدا بىر دانە ئېيىق خۇددى ئۆرە تۇرۇپ، ئادەم يەيدىغاندەك ھۆكۈرىدى. ئىچىمىزدىن بىر نەچچە كىشى ئېتىشقا تەمشىلىۋېدى تەجرىبىلىك بىر قازاق كىشى ئاگاھلاندۇرۇپ: ھەرگىز ئاتماڭلار، ناۋادا بىر پاي ئوقتا ئۆلمىسە ئۇنىڭ پەيلى يامان، ئېتىلىپ كەلسە بىز جېنىمىزنى قويار يەر تاپالماي قالىمىز، دېدى. ئاندىن بىز دۈۋەيلەپ، قىقاس سېلىپ توۋلىدۇق. نەتىجىدە بۇ قىلغىنىمىز ئۈنۈملۈك بولدى، ئېيىق قېچىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. «لىيەنسىخەن» دىكى سەپىرىمىزنىڭ 4 - كۈنى، بىزنىڭ قۇسايىن تاجىنىڭ چارۋىچىلىرى بار جايغا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىمىزغا، بىر قازاق كىشى ئالدىراپ تېنەپ كېلىپ، «مېنىڭ چېدىرىمغا بىر ئېيىق كىرىۋېلىپ، بىر ياۋا ئات گۆشىنى تويغىچە يەپ بولۇپ، چىقىپ كەتمەي، ئۇخلاپ ياتقىنىغا ئىككى كۈن بولۇپ قالدى. ماڭا بىر مىلتىق



ئارىيەت بېرىپ تۇرساڭلار مەن شۇنى ئېتىۋالسام، دېدى. بىز ماقۇل دەپ بىر دانە مىلتىق ئارىيەت بەردۇق، ئۇ بېرىپ ئېيىقنى ئېتىپتۇ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيىق تېرىسىنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە كۆرسەتتى.

چارۋىچىلارنىڭ يايلاق تاللىشىپ، يات تائىپىلارنى چەتكە قېقىپ كېلىشى قەدىمدىن بار ئىش. گاس ئويمانلىقىدىكى موڭغۇل چارۋىچىلىق رايونىدا مال بېقىۋاتقان موڭغۇل ئوبۇنىڭ تېرىم يېرىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئېلىشىشى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ، لېكىن بىز گاس ئويمانلىقىغا بارغاندا، ئۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇقىمۇ قالمىغان. بولۇپمۇ قازاق خەلقى بىلەن مەڭگۈ ئاداۋىتى بار سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم بىر گېئولوگىك چارلاش ئەترىتى شۇ يەرگە بېرىپ قالغاندا، قازاق خەلقى ئۇلارنى ئالتۇنتاغ ئارىسىدىكى يۇلغۇنسايىنىڭ باش قورغان دېگەن يېرىدە پۈتۈنلەي يوقاتقان. ئۇلارنىڭ قورال - ياراق، ئەسۋاب، سايمان ۋە چېدىرلىرى قازاق خەلقىگە غەنىمەت بولۇپ قالغان. قولدا كۆتەرگىلى بولىدىغان پىلىموت (بىر نەچچە تەخسە ئوقىمۇ بار) ھەم كومپاسلار جانابىل كىگىز ئۆيى تۆر تېمىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى چارلاش ئەترىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر تۈزلۈش خەرىتىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە بىۋاستە قاتناشقان شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بەگ گۇڭتىڭى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى 4 - بۆلۈمىدىكى ۋاڭ سەنمۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ۋەقە

تەخمىنەن 1940 ـ يىلى بولغانمىش. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەر بىزگە يول باشلىغان قازاق كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، باش قورغاندىكى بىر چېدىر تىكىلگەن يەردە ئىكەن. بۇ يەردىن ئۈچ جەسەت تېپىۋېلىنىپ، چارقىلىققا ئېلىپ بېرىلىپ، دەپنە قىلىنغانىكەن.

ئاتالمىش «لىيەنسىخەن» دېگەن يەر خانئامبالدىن يولغا چىقىپ، 2 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، غەربىي جەنۇبقا تەخمىنەن 240 كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ يېرىنى پۈتۈنلەي شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپ، ھەممە يەر جەزىرىگە ئايلىنىپ تۇپراق تاپقىلى بولمايدىغان يەر بولۇپ قالغانىدى. «لىيەنسىخەن»نىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى يەنى گاس ئويمانلىقى 4 ـ ئېرادىكى ئىنىما قاتلىمى بولۇپ، سۇ، ئوت ـ چۆپ مول جاي ئىدى. ئىلگىرى موڭغۇل چارۋىچىلار بۇ يەردە يالىڭاچ ئارپا تېرىغان، تۇپرىقىدا شور كۆپ بولغاچقا، باشقا زىرائەت تېرىشقا مۇۋاپىق كەلمەيتتى، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە، بىپايان تاجىنۇر كۆلى بار، جەنۇب تەرىپىدە تۆمۈرلۈك يايلىقى بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە تۆمۈر كانى بار ئىكەن.

شۇ چاغ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلەتتى. ماددىي ئەشيالار ئىنتايىن قىيىن ئىدى. گاس ئويمانلىقى ۋە چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. سەرەڭگە كەمچىللىكى ھەممىدىن گەۋدىلىك ئىدى. بىز بىر نەچچە ساندۇق سەرەڭگە ئېلىۋالغانىدۇق، قازاق چارۋىچىلارغا سوغا قىلغاندىن باشقا، قالغان قىسمىنى چارقىلىققا بارغاندا



ساناپ ساتتۇق، بىر نەچچە قاپ سەرەڭگىگە بىر ئىپەك شارپىي تېگىشتىم.

بىز يول راسخوت قىلىش ئۈچۈن سەرەڭگە، تاختا چاي، گەزلىمە قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدۇق. قازاق چارۋىچىلىرىغا سوغا قىلغاندىن باشقىلىرىنى چارقىلىق ۋە قارا شەھەرلەردىكى خەقلەر بىرنىمۇ قالدۇرماي تالىشىپ سېتىۋالدى.

قۇساين ئاجى تەۋەلىكىدىكى قازاقلارمۇ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىش پۇرسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىپ قويغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۇڭ تېرىلىرىنى 10 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن چارقىلىققا ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن ئون يىلدىن بۇيان، سودا ئالاقىسى قىلىش مەنئىي قىلىنغان رايوننىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى. بىز دۇنخۇاڭدىن چارقىلىقچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇساپىنى 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە ساق بىر ئاي باستۇق.

شۇ يىل 10 ـ ئايدا، تەييارلىق 7 ـ دىۋىزىيە ئۈرۈمچىنىڭ لومەنچىڭ دېگەن يېرىدە تۇراتتى، شىۋرۇچېڭنىڭ 18 ـ بىرىگادىسىمۇ گۇچۇڭغا بېرىپ تۇرغانىدى. موڭغۇل ـ تاڭغۇت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان، شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇش ئۈچۈن چوڭچىڭغا كەتكەنىدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ چارقىلىق، مىرەنلەردىكى چېگرا چازىلىرىدا بۇرۇنقى ئادەت يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان، قاتتىق پىچەتلەنگەن بولۇپ، بىزنىڭ يول يۈرۈشىمىزمۇ چەكلەنگەنىدى. بىز يىراق - يىراق جايلاردىن بايراق چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ ئوق چىقارماڭلار، دەپ قارشى تەرەپكە ئۆز ئادەملەردىن ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈردۇق. يېقىن كېلىپ يول خېتىمىزنى كۆرسەتسەك، چېگرا چازىلىرىدىكىلەر دەرھال پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىزگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى. بىز مىرەندە ئىككى كۈن دەم ئالدۇق، چارقىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي باشلىقلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ كۈتتى ھەم ئۇزىتىپ قويدى.

بىز قارا شەھەرگە يېتىپ بارغاندا، ئىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش غەلىبە قازانغان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن چوڭ جاللات ليۇبىندې ئىلىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاكىسى ليۇبىنيى (غۇلجىدىكى چوڭ كاپىتالىست ھۇسەنبايېۋنىڭكىدە باش دىرېكتور ئىدى) ھۇسەنبايېۋنىڭ ئوغلى تەلەتكە ھەمراھ بولۇپ، تاغ يولى بىلەن قېچىپ، قارا شەھەرگە كەلگەنىدى. دەل بىز ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئىككەيلەنمۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن كۆپ يىل سولىنىپ قويۇپ بېرىلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىللە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي كوچىسىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىز ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ تۇرۇپ، كېيىن دائىم كېلىش - بېرىش قىلىشىدىغان بولدۇق.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، 8 - ئۈرۈش رايونـ



نىڭ قوماندان باش ئەمەلدارى جۇشاۋلياڭ ھەم قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىنلار مېنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكىلەر قاتارىدا قوبۇل قىلىندىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن شىنجاڭ قوغداش گارنىزون باش شتابى ھەم غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي باش ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچى بەگگۇتىڭدا ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، قۇسايىن تاجى ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى. تاۋسىيۇ زىياپەت بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالغان ھەم ماددىي بويۇم ئىنئام قىلغان چاغدا، مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ چېگرىسىدىكى قازاق خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاز - تولا ياخشىلىنىشلار بولدى.

1984 - يىل يانۋار.

# بەيتىك ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ جەريانى

خەن يۈۋېن

بەيتىك تېغى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ ۋە شىمالىي پاراللېل 45.3 گرادۇس، شەرقىي مېرىدىيان 91.1 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، گۆچۈڭدىن 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

1945 - يىلى 6 - ئايدا، ۋاقىتلىق ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كىرىپ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گۆچۈڭگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. يۇقىرى مېنى گۆچۈڭ، جىمىسار، مورى قاتارلىق 3 ناھىيىنى قوغدىغۇچى قىسىملارنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ ۋەزىپىسى — چېگرىنى قوغداپ خەلقنى تىنچلاندۇرۇش، گۆچۈڭ، جىمىسار، مورى مۇداپىئە رايونىدا تىنچ ۋەزىيەت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئوسمان جەمئىيەت ئامانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سېلىپ، گۆچۈڭ، جىمىسار، مورى ناھىيىلىرىدە ھەدېسىلا بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەن دەرھال ئەسكىرىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇداپىئە كۆرۈشكە توغرا كېلىدىغان رايونلارنى ئايرىپ چىقىپ، دىۋىزىيە شتابىنى گۆچۈڭ شەھەر ئىچىگە، دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىچى لىيەننى چوڭ گازارمىغا، ئېغىر تىپتىكى پىلىموتچىلار



لىيەننى گۆچۈڭنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بېيداۋچياۋ، خەنگۇ، بېيشاۋۇ ئەتراپلىرىدا بۇلاڭچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك قىلىپ يۈرگەن باندىتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، گۆچۈڭ بېيشاۋۇ لىنىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى. پەۋقۇلئاددە خىزمەت لىيەنى گۆچۈڭنىڭ نەنسەن تېغىدىكى تاڭفاڭمىن دېگەن يەردە تۇرۇپ، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداشقا قويۇلدى.

1 - تۇەن مورى ناھىيىسىدە تۇرغۇزۇلدى. 3 - لىيەننىڭ ۋەزىپىسى داشىتۇ دېگەن جايدا تۇرۇپ، بارىكۆل، يەتتە قۇدۇققا بارىدىغان ئېغىزلارنى مەھكەم ساقلاپ، يول بويىدىكى ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. 2 - لىيەننىڭ ۋەزىپىسى لاۋچېنتەي (كونا گۆچۈڭ) نىڭ نەنسەن، كەيگۇڭ ئەتراپلىرىدا تۇرۇپ، تاڭفاڭمىندىكى پەۋقۇلئاددە خىزمەت لىيەنى بىلەن قەرەللىك ھالدا مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىپ، رازۋېتكىنى كۈچەيتىپ، كونا گۆچۈڭ تەرەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى. پولك شتابى ناھىيە ئىچىنى ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى. 1 - لىيەن، 4 - لىيەن، ئېغىر تىپتىكى پىلىموتچىلار لىيەنى قاتارلىقلار زاپاس ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى.

2 - تۇەننىڭ ۋەزىپىسى گۆچۈڭ ناھىيە شەھىرى ئىچىدە تۇرۇپ شەھەرنى ساقلاش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە ئاھالىلاردا ساقلىنىۋاتقان باندىتلاردىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىش، خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئىدى.

3 - تۇەن جىمىسار ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، تۇەن شتابى سەنتەي جېڭىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. 1 - لىيەن نەنسەننىڭ چۈەنزى كوچىسىدا تۇرۇپ تۇرپانغا ئۆتىدىغان

تىيانشان بوغۇزىدىن ئىبارەت مۇھىم يولنى قوغداشقا قويۇلدى،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەرەللىك ھالدا چارلىغۇچى قىسىم
ئەۋەتىپ تاكىفاكىمىندە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قارايدىغان
پەۋقۇلئاددە خىزمەت ليەنى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇراتتى
ھەمدە بۇلاكچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن باندىت قالدۇق-
لىرىغا قارىتا زەربە بېرىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. 2 ـ ليەن
خۇباۋىدە تۇرۇپ ئاھالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىن باش-
قا، بېيشاۋۇدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن باندىتلارنى كۆزىتىپ،
قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان باندىتلارنىڭ دەككىسىنى بېرەتتى.
3 ـ ليەن دىخۇاغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى — زىنچۈەنزى-
گە جايلاشقان بولۇپ، گۇچۇڭدىن دىخۇاغا بارىدىغان قاتناش
بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. 4 ـ ليەن (ئېغىر تىپتىكى
پىلىموتچىلار، توپچىلار ليەنى) سەنتەيدە زاپاس كۈچ قىلىپ
تۇرغۇزۇلدى. بىر مەزگىل رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق قىسمىمىز
باندىتلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگەللىۋالدى. قىش پەس-
لىدىكى قېلىن قار باسقان چۆل ـ باياۋاندا باندىتلار گاھى
پەيدا بولۇپ، گاھى غايىپ بولۇپ خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى.
بىز مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن قىسىملارغا بىز ساقلاۋاتقان
رايونلاردا باندىتلار پاراكەندىچىلىك قىلسا، ئۇلارنىڭ كەينىگە
چۈشۈپ قەتئىي زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۇق.
بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قورشاپ يوقىتىش ئارقىلىق بىز
ساقلاۋاتقان پۈتكۈل رايوندا باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى
ئاساسەن تۈگەپ، تىنچلىق كەيپىياتى ھاسىل بولغان ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا باش شتابنىڭ: «بەيتىك تېغىدا موڭ-
غۇلىيە ئەسكەرلىرى بار ئىكەن، دىۋىزىيىگىلەر بىر تەكشۈرۈش
گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار، ئەھ-



ۋالنى باش شتابقا يەتكۈزۈڭلار.» دېگەن تېلېگراممىسى يولىيورۇ-
قىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. مەن دەرھال 2 ـ تۇەننىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى ماچېڭگونى گۇرۇپپا باشلىقى، شاۋشياۋ دەرىجىلىك
سەنمۇ تەن كەيشۈەننى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىن-
لەپ بىرقانچە خادىم ۋە بىر دىيەنتەي بىلەن نەق مەيداننى
تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار بارغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ئەس-
كەرلىرىنىڭ ياغاچتىن سالغان ئۆيلىرىنى، موڭغۇلچە لوزۇنكىلار-
نى، پاگون، سوۋېتتە ئىشلەنگەن قول بومبا، بەش ئاتار مىل-
تىقنىڭ پىستانلىرىنى ئۇچراتقان. مەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى
ئەينى پېتى باش شتابقا دوكلات قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي باش
شتابتىن: «دىۋىزىيەڭلەر سىناقتىن ئۆتكەن، جەڭگىۋارلىقى كۈچ-
لۈك بولغان بىر ليەننى بەيتىك رايونىغا ئەۋەتىپ، ئەھۋال-
نىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىڭلار» دېگەن تېلېگرامما بۇيرۇق
كەلدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ماشىجىن ليەنجاڭ ئۆز ليەنى-
نى ئېلىپ بەيتىك رايونىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى ۋە پايدىلىق
يەر شارائىتىنى تاللاپ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە
ئىستىھكاملارنى مۇستەھكەملىدى. ھورۇن بۇلاقتىن داخوشۇرتەي-
گىچە بولغان جايلار يەنى بەيتىك تېغىنىڭ ئوتتۇرا چوققىسى-
دىكى خەتەرلىك جايلاردا قاتتىق مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ،
ئوق كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆزىتىش ئېلىپ باردى. بۇ مەز-
گىلدە تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئات،
كالا، قويلىرى بۇرچىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەيتىك تېغىنىڭ
جەنۇبىغا قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى.

شۇ يىلى تاشقى موڭغۇلىيەدىن ئىككى ئوفىتسېر ماشىجىن-
نىڭ ليەن شتابىغا كېلىپ ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش
قىلىپ، 24 سائەت ئىچىدە بەيتىك تېغىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ـ

نى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە چېكىنمىسە ھەرىكەت قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ما لېيەنجاڭ ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دىۋىزىيە شتابىغا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. مەن مەزكۇر لېيەننىڭ مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىپ ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزى- تىشىنى بۇيرۇدۇم. 5 - كۈنى تاڭ سەھەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان سەككىز كۈرەشچى ئايروپىلان بىزنىڭ بازىمىزنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كېلىپ رازۋېتكا ئېلىپ باردى ۋە ئارقىدىنلا ئوققا تۇتۇپ بومباردىمان قىلدى. سائەت ئونلار ئەتراپى- دا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ بىر كۈچەيتىلگەن يېڭى توپ كۈچىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بىزنىڭ جېبىدىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. كەسكىن جەڭ 3 سائەت داۋاملاشتى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلى- رى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بىز- دىن چىقىم بولغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئاز بولدى، بىراق نۇرغۇن ئاتلار ئايروپىلان بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن ھۈركۈپ قېچىپ كەتتى. 7 - كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، بەش سوۋېت كۈرەشچى ئايروپىلانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بىزگە زەمبىرەك ئوقى ياغدۇرۇپ قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى. جەڭ ئىنتايىن جىددىي بولدى. ماشىجېن لېيەنجاڭ تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى، بىز تەرەپنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئازلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇئا- ۋىن لېيەنجاڭ ماجېنفۇنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق چارۋىچىلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى. خىزمەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەخمىنەن يۈز نەپەردىن ئارتۇق چارۋىچى جېبىدىغا كېلىپ ماشىجېن لېيەنى بىلەن بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسەتتى. جەڭ تۆت سائەت- چە داۋاملىشىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى تارمار بولۇپ چې-



كىندى. 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزلار ئەتراپىدا، تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى ئايروپىلان ئەۋەتىپ، جېبىدىمىزگە 2 - 3 قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بىز يۇقىرى جايغا ئورۇنلاشقان ۋە مۇستەھكەم خادا تاشلار دالدىسىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمى ئىشقا ئاشمىدى. يۇقىرىقى ئۈچ قېتىملىق جەڭدە بىز تەرەپتىن 20 نەچچە كىشى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، ئون نەچچە ئات پارتلاپ ئۆلدى. جەڭ مەيدانىنى تازىلىغاندا تاشلىنىپ كەتكەن تاشقى موڭغۇلىيە ئەس- كەرلىرىنىڭ ئوتتۇز نەچچە جەسىدى تېپىلدى. يارىدار بولغان- لارنىڭ سانى قازا بولغانلاردىن كۆپ ئىدى. بىز غەنىمەت ئال- غان بۇيۇملار تۆۋەندىكىچە:

كىچىك تىپتىكى توپتىن بىر، يېڭىك پىلىموتتىن 3، بەش ئاتار مىلتىقتىن 20 نەچچە، سىمسىز دىيەنتەي 1، ئارمىيە بايرىقىدىن بىر نەچچە؛ شاۋېي دەرىجىلىك ئوفىتسېردىن بىرسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى (لېيەنجاڭ بولۇشى مۇمكىن)؛ چېگ- را مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ (جۇڭشياۋ دەرىجىلىك ئوفىتسېرى) چۈشۈرگەن بىر پارچە بۇيرۇق، قويۇن سائىتى 1 دانە، ھەربىي خەرىتە 1 پارچە، ۋەھاكازالار. قولغا چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەر- دىن قارىغاندا، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئۈچ پىيادە لېيەن، بىر ئېغىر تىپتىكى پىلىموتچىلار لېيەنى، بىر زەم- بىرەكچىلەر پەيى، بىر تاغ توپچىلار لېيەنى، بىر ئالاقىچى- لار پەيىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. كېيىن جەڭ ۋەزىيىتى بىر ئاز پەسلەپ قالدى. تاشقى موڭغۇلىيە ھۇجۇم قىلىشنى مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۆزگەرتتى، پات - پات ئايروپىلان ئەۋەتىپ رازۋېتكا قىلىپ تۇردى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئايروپىلانى گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كىرىپ رازۋېتكا

قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرى پۇرسەت ئىزدەپ كىچىك جەڭلەرنى قىلىپ تۇردى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 20 نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭلەر بولۇپ تۇردى.

تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باش شتابنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 2 تۈەننىڭ تۈەنجاڭى خېنپەننى 2 - تۈەننى باشلاپ بەيتىك تېغىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشنى بۇيرۇدۇم ھەمدە گۇچۇڭ، جىمسار، مورى ئۈچ ناھىيە قازاق مۇستەقىل ئاتلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى داناي باي، مۇئاۋىن باشلىقى شاھادۇللانى شۇ ئەترەت ئەزالىرىدىن 150 كىشىنى ئېلىپ 2 - تۈەن بىلەن بەيتىك تېغىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ خېن پەن تۈەنجاڭ قوماندانلىقىدا ماسلىشىپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتىم. تاشقى موڭغۇلىيە قىسىملىرى بىزنىڭ ئەسكەرىي كۈچنى كۈچەيتكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ تىركىشىش ھالىتىدە تۇردى. كېيىنچە ئاز ساندا ئەسكەر ئەۋەتىپ 2 - تۈەننىڭ مۇداپىئە رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىز تەرەپتىن پۇتۇنلەي زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈلدى.

نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەشۋىقات مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى پېڭ شۆپېينى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بەيتىك تېغىدا چېگرانى قوغداۋاتقان جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن ھال سوراشقا ھەمدە مۇداپىئە رايونلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە ئەۋەتتى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارى، ۋۇ باشچىلىقىدىكى تۆت كىشىلىك ھال سوراش



گۇرۇپپىسى بەيتىك تېغىغا بېرىپ قىسىملاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارنى پىدا قىلغان جەڭچىلەرگە گۈلچەمبىرەك قويدى. جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى لۇيچى نەق مەيدانغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتىدە بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقى سىرىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاۋشىگۇاڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ بەيتىككە بېرىپ قىسىمدىن ھال سورىدى. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى ۋە فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كېلىپ، مەخسۇس بەيتىككە بېرىپ خەۋەر يىغدى. ئىچكى تاشقى ئەربابلارنىڭ شەخسىي كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بېرىشى — بۇ ۋەقەنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ۋەقە جەريانىدا ئارقا سەپ خىزمىتى بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى. شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى گۇچۇڭ 3 - تەمىنات پونكىتىنىڭ باشلىقى شۇخۇافېڭ ئاشلىق، يەم - خەشەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، گۆش، شېكەر، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. بېيشاۋۇ، جاڭجۇن چۆللۈكى قاتارلىق تەرەپلەردە يوللار ناھايىتى يامان بولۇپ، شۇخۇافېڭ يول باشلاپ ماشىنىلارنى يولغا سېلىپ، ئايىنى كۈنگە ئۇلاپ، كېچە - كۈندۈز يەم-خەشەك، ئاشلىق، گۆش، شېكەر ياغ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، بىر يېرىم يىل ئىچىدە 480 مىڭ جىڭ ئاشلىق ( شېكەر، گۆش، ياغ قاتارلىق كۆن-

دىنىڭ بۇيۇملار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ)، 3 مىليون 240 مىڭ جىڭ يەم - خەشەك يۆتكەلگەن، بۇ ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر ھورۇن يولاق تاغ باغرىغا يەتكۈزۈلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن تۆگىلەرگە ئارتىلىپ ئالدىنقى سەپكە توشۇلدى. تۆگە ئەترىتى خەتەرلىك، ئەگرى - توقاي ئاچا يوللاردىن ئۆتۈپ يىگىرمە لى يول ماڭدى.

1948 - يىلى كۈزدە، تاشقى موڭغۇلىيە بەيتىك تېغىدىن ھەربىي قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتتى. 1 - تۈمەن شۇ يىلى كۈزنىڭ ئاخىرىدا بەيتىكتىكى مۇداپىئە پوتېيىدىن قايتىپ كەلدى. چېگرا قاراۋۇل باشلىقى كەيتاڭ بۇ ئورۇننى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ۋەقە شۇنىڭ بىلەن تىنجىدى.



# «كۈرەش» گېزىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى

لى ۋېيخۇا

«كۈرەش» گېزىتى — ئازادلىق ھارپىسىدا نەشىر قىلىنغان شىنجاڭدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات «شىنجاڭ خەلقچىللىق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى.

«كۈرەش» گېزىتى شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش، ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە تەشكىللەش جەھەتلەردە تېگىشلىك رول ئوينىدى. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن يولداشلارمۇ تارىختا ئۆزىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى. ھازىر ئۇنى ئەسلىگىنىمىزدە خىجىللىق ھېس قىلمايمەن.

40 يىلنىڭ ئالدىدىكى تارىخىي پاكىتلارنى ئەسلەش ۋە ئۇنى بايان قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىگە ئۇزۇن بولدى، ئادەمنىڭ يېشىمۇ ياشلىقتىن قېرىلىققا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ ئۇنتۇۋېلىش قابىلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. بەزىبىر قىممەتلىك يادىكارلىقلارمۇ يوقاپ كەتتى، شۇڭا يېزىشقا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ خىزمەتكە بىۋاسى-

ته قاتناشقان بولغانلىقىم ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق تۈپەيلىدىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم، چۈشۈپ قالغان ۋە مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا يولداشلارنىڭ تەنقىد قىلىپ تۈزىتىپ كېتىشىنى سورايمەن.

## 1 - «كۆرەش» گېزىتى تارقىتىلغان ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە ئۇنى تارقىتىشتىكى مەقسەت

گومىنداڭ 1946 - يىلى «خەلق قۇرۇلتىيى» نى چاقىرىپ، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ پارتىيىلىرىنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، كومپارتىيىگە، 8 - ئارمىيىگە، يېڭى 4 - ئارمىيىگە، ئازاد رايونلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى 1947 - يىلى 25 - فېۋرال ۋەقەسىنى قوزغاپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن تۈزگەن تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئەخمەتجان ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق يولداشلارنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئارقىدىنلا تۇرپان، پىچان، توخسۇن ناھىيىلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى، مەزكۇر 3 ناھىيىدىكى ئىنقىلابىي ئاممىنى قانلىق قىرغىن قىلدى (سۇڭ شىلىيەن يازغان ئەسلىمىگە قارالسۇن). شۇ يىلى 9 - ئايدا يەنە شىنجاڭ خەلقچىللىق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېتىمىزنىڭ مەسئۇللىرىدىن يۈجياڭجۇ، يۈيجەنلىن، چېن باۋشەن، شېن يۈجۇ، مياۋچىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، 1948 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ بەردى.



گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش، خەلققە قارشى تۇرۇشتەك تەتۈر قىلمىشلىرى ئىنقىلابىي خەلقنى ھەرگىزمۇ قورقىتالمىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە بىز ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ «كۆرەش» ناملىق يەر ئاستى گېزىتىنى چىقىرىشنى قارار قىلدۇق ھەمدە 1948 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «كۆرەش» گېزىتىنىڭ 1 - سانىنى شاپىگىراپتا بېسىپ چىقاردۇق.

شۇ چاغدا بۇ گېزىتنى تارقىتىشتىكى مەقسەت: بىرى ئەزالىرىمىزنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دېگەن ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ھەمدە پارتىيىنىڭ ھەر خىل فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئۆگىتىش، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ۋە ئازاد رايونلارنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش خەۋەرلىرىنى ئۇقتۇرۇش تەشۋىق قىلىش، يەنە بىرى، ئەزالىرىمىزغا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەر خىل ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنى ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى جىنايەتلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلىش، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسىنىڭ ئىنقىلابىي تەدبىرى ۋە سىياسىي پروگراممىسى، ھەر خىل قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسىنى ۋە ئوتتۇرىدىكى نارازىلىقنى يوقىتىش، ئىدىيىۋى، تەشكىلىي جەھەتلەردە شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ ھەر خىل

تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئالدىرراق ئورۇنلاش ئىدى. «كۈرەش» گېزىتىنىڭ 1 - سانىدىكى بېغىشلىمىسىدا بۇ گېزىتنىڭ مەقسىتى: ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئاممىنى تەشكىللەش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئېنىق جاكالانغان.

## 2 - ماقالە ۋە خەۋەرنىڭ كېلىش مەنبەسى

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلغار گېزىت - ژۇرناللار ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئېلان قىلىدىغان خەۋەرلەرنى ئىنتايىن قاتتىق قامال قىلاتتى، ئۆزىمىزدە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا «كۈرەش» گېزىتىنى نەشىر قىلىش، تارقىتىش ئىشىدا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان ھۆججەتلىك خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. ئۇ چاغلاردا بىزدە ئازراقىنە خىراجەت بولۇپ، ياخشىراق رادىئو سېتىۋېلىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا خىزمەت قىلىدىغان يولداش تۇجېزدا يۇقىرى قاناللىق رادىئودىن بىرسى بولۇپ، تەشكىل ئۇنىڭغا شىنخۇا ئاگېنتلىقى ھەر كۈنى ئاڭلاتقان ھۆججەتلىك خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىشنى، يولداش لى ۋېنخۇانى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ بەلگىلىگەن ۋاقىتتا يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ



ئۆيىگە بېرىپ كۆچۈرۈلگەن ماقالىنى ئېلىپ كېلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىشنى ئىشلەش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەتراپىغا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈش ۋە ئۇنى تاپشۇرۇشتا ئىنتايىن سەگەك بولمىسا دۈشمەنلەر سېزىپ قالاتتى. كۆچۈرۈلگەن ماقالىلەرنى ئېلىپ كېلىشتە ئىشپىيونلارنىڭ ئەگىشىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشقا، تەسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئىشپىيونلارنىڭ ئەگىشىۋالغانلىقىنى سەزگەن ھامان بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇنى ئېزىقتۇرۇۋېتىش، زۆرۈر تېپىلسا يېنىدىكى ماتېرىياللارنى يوقىتىش ياكى باشقا كۈنى ئالاقىلىشىشقا توغرا كېلەتتى.

«كۈرەش» گېزىتىدە بىز ئېلان قىلغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى ئېلان قىلغان بۇيرۇق قاتارلىقلار مەسىلەن: «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئېلانى»، «8 ماددىلىق قانۇن - تۈزۈم» ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان «شىمالىي جۇڭگودىكى بىرلەشمە جەڭ»، «خۇەيخەي ئوپېراتسىيىسىدىكى 2 - باسقۇچلۇق غەلىبە»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ئېلان قىلغان «ۋەزىيەت توغرىسىدا بايان»، «بىزنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى پىكىرىمىز» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رادىئودىن ئېلىنغان ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى شەھىرىدە نەنلياڭدىلا شىنگۇاڭ چەكلىك ئېلېكتىر شىركىتىنىڭ توك بېرىش ئىستانسىسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى توك بىلەن تەمىنلەيتتى. بەزىدە پات - پات

كاشىلا چىقىپ توك توختاپ قالاتتى، شۇڭلاشقا بىز شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاڭلاتقان خەۋەرلەرنى تولۇق كۆچۈرۈپ ئالالمايتتۇق، بەزىدە توك توختاپ قېلىپ خەۋەرنى ئالالمايدىغان ئىشلار ھەممىشە بولۇپ تۇراتتى، بۇنىڭغا بىزنىڭ باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى.

ماقالىلەرنىڭ يەنە بىر كېلىش مەنبەسى بولسا خەۋەر ۋە شىنجاڭ خەۋەرلىرىنى يولداشلارنىڭ ئۆزى يېزىپ چىقاتتى، ئىلىدىنمۇ ماقالىلەر ۋە ئوبزورلار كېلىپ تۇراتتى، گېزىتىمىز ئوبزور ئېلان قىلىشقا باشلىغاندا ئۇنى يولداش لى ۋېيشىن يازغان ئىدى، كېيىن يولداش يۇ جىنۋۇنىڭ يېزىشى قارار قىلىندى. مەسىلەن: ئۇ «شىنجاڭ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تاللىغىنى»، «شىنجاڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىنى تېزدىن خەلققە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلايلى»، «شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ دانا تەدبىرىنى كۈتتۇۋالايلى ۋە بىزنىڭ تونۇشىمىز» دېگەنگە ئوخشاش ئوبزورلارنى يازدى. ئۇ مەخسۇس تېمىدىكى ئوبزورلارنى ناھايىتى پۇختا يازاتتى. ئۇ، ئوبزورلارنى گېزىت توختىتىلغانغا قەدەر يازدى. ئەلۋەتتە يولداشلىرىمىزنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسى شۇ چاغلاردىكىدىن ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەيسەر روھىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ماقالىلەرنىڭ يەنە بىر كېلىش مەنبەسى «ئازادلىق گېزىتى» ۋە «ئامما» ھەپتىلىك ژۇرنىلى (شۇ چاغدا ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى ئىدى) دىكى ماقالىلەرنى كۆچۈرۈپ بېسىشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئوتتۇرىسىدا پات - پات زىددىيەت ۋە سۈركۈلۈش بولۇپ تۇرغاچقا تەكشۈرۈلمەي ۋە پېچەتلەنمەي قالىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىز «ئازادلىق گېزىتى» ۋە «ئامما»



ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى تاپشۇرۇۋالالايتتۇق. بۇ گېزىت - ژۇرناللارغا بىز مۇشتىرى بولغان ئەمەس. بۇنىڭغا بىزنى مۇشتىرى بولغىلىمۇ قويمايتتى. لېكىن ئۇنى شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا ئەۋەتىپ تۇرغاچقا بىز ئۇنى ئېلىپ چىقىپ پايدىلىناتتۇق. بۇ ماتېرىياللارنى بىز ئىنتايىن قەدىرلەيتتۇق. مەسىلەن: ماۋ جۇشى يازغان «شەنشى - سۈيۈەن كادىرلار يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» قاتارلىق ماقالىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان گېزىت - ژۇرنالدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى.

يەنە «ۋېنخۇيباۋ»، «ئەدەبىي مەجمۇئەلەر» (بۇنى خەلقچىللىق ئىتتىپاقى چىقارغان) ۋە «كۆزەتكۈچى» دېگەنگە ئوخشاش گېزىت - ژۇرناللاردىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىشلەتتۇق.

## 3 - گېزىت بېشىنىڭ لايىھەسى ۋە ئويمىسى

بىز دەسلەپتە بىر قانچە قېتىم بېسىپ كۆرۈپ باقساق، گېزىت بېشى گەرچە لازىغا ئويۇپ بېسىلغان بولسىمۇ نەتىجىسى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بىرىنچىدىن، كۆرۈنۈشى ئانچە چىرايلىق بولمىدى. ئىككىنچىدىن، كىشىنى جەلىپ قىلغۇدەك بولۇپ چىقمىدى. لازىنى بىرقانچە پارچە باسقاندىن كېيىن، لازا پۇرلىشىپ يىرتىلىپ قارا داغلار پەيدا بولۇپ، خەتلەر خىرە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، قوغۇشۇن ئىشلىتەيلى دېسەك ئۇنداق چوڭلۇقتا ھەرپ قېلىپى بولمىغاچقا بىر قانچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ياغاچ ئويـ

مىدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن يولداش گو خاۋ 8 سانتىمېتىرلىق 4 چاسا ئامۇت ياغىچىغا «كۈرەش» دېگەن خەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويۇپ چىقتى. بۇنىڭدا گەرچە بېسىش سۈرئىتى ئاستا بولغىنى بىلەن خېتى ئېنىق بولغاچقا كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ گېزىت بېشىنى قوغۇشۇن بەتنى ئىشلەتكەنگە قەدەر ئىشلەتتۇق.

كېيىن ئاڭلىشىمىزچە بۇ گېزىت بېشى يېپاۋچىڭگۇڭ بېيىنىغا كۆمۈپ قويۇلغان بولۇپ، كۆپ قېتىم ئىزدەپ كۆرگەن بولساقمۇ بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى. بىڭتۇەننىڭ مەلۇم بىر كارخانىسىدىكى قۇرۇلۇش دۈيى ياۋموشەن تېغىنىڭ بېيىدا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقاندا، بىز كۆمۈپ قويغان بىر بولاق قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقنى قېزىپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئىز - دېرىكى يوق بولۇپ كەتتى.

## 4 - تەھرىرلەش، لازىغا خەت يېزىش، بېسىش

يولداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى «ئۆزى دۈشمەن ئىچىدە تۇرسىمۇ كۆڭلى ئۆز تەرىپىدە بولۇشتەك» سالاھىيەت بىلەن يۈرەتتى. ھەر بىر يولداشنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى گومىنداڭ ئورگىنىنىڭ خىزمەتچىسى ھېسابلانغاچقا، ئۇلار كۈندۈزى شۇ ئورۇندا 8 سائەت خىزمەت ئىشلەپ، ئىش ھەققى ئېلىپ شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن «قانۇنىي» سالاھىيىتى بىلەن «قانۇنسىز» ھېسابلانغان «يەر



ئاستى ئىنقىلابىي» خىزمىتىنى قوغدايتتى، بولمىسا ئىشپىيون ئۇنسۇرلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىۋاتتى ياكى ئويلىمىغان يەردىن ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىزمىتىدە دۈشمەنلەرگە قارىتا ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشنى ئۆزلەشتۈردۇق. بىرەر ئېھتىياتسىزلىق يۈز بەرسە قولغا ئېلىنىش خەۋپى بولاتتى، شۇڭلاشقا يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. تۇيۇقسىز يۈز بېرىپ قالىدىغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى كىيىم بىلەن ياتاتتۇق. يولداش لى ۋېيشىن ھەر ساندىكى ماقالىلەرنى تەييارلىۋېلىپ، ئۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ ماقالىلەرنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەسلىكىگە قاراپ ئايرىم - ئايرىم رەتكە تۇرغۇزۇپ، لازىغا يېزىشقا باشلايتتى، لازىغا خەت يېزىش ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت ئىدى، دەسلەپ يولداش لى ۋېيشىن يازدى، خىزمەت مىقدارى كۆپ بولغاچقا كېيىن ئويلىشىپ كۆرۈپ يولداش يۇ بىڭنەننى ئالماشتۇردۇق. ئۇنىڭ خېتى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. ئۇ ئەسلىدىكى خەت شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا لازىغا خەت يازدى، خەتنىڭ يېزىلىش شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن دۈشمەنلەرنىڭ خەتكە قاراپ يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇشى تەسكە چۈشەتتى. ئۇ كۈندۈزى گېزىتخانىدا 8 سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن بىز تۇرۇۋاتقان جايغا كېلىپ كىرىسىن چىرىقىنىڭ تۈۋىدە كېچە سائەت 3 - 2 لەرگىچە لازىغا خەت يازاتتى، ھەرسانىنىڭ ماقالىسىنى بىر قانچە كېچە يېزىپ جىددىي ئىشلەيتتى. كېيىن يولداش جاڭ فىن تۈزۈپ بېسىش خىزمىتىگە قوشۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالدىراشچىلىق ئەھۋالى بىر ئاز پەسەيدى. ئەپسۇسكى يولداش

يۇ بىلگەندىن ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندا رەھىمسىز كېسەل ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاياتىغا زامىن بولدى، ھايات قالغانلىرىمىز ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇپ كەتكىنىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇق، ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز.

بېسىش خىزمىتىمۇ ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، شۇ چاغلاردا بىز ئادەتتىكى شافىگراپنى ئىشلىتەتتۇق، ئۇ ماي تولۇق ئىشلىتىلىدىغان شافىگراپ بولغاچقا سۈرئىتى ئاستا بولۇپلا قالماي ماي تولۇپ لازىنى ئاسانلا يىمىرىۋېتەتتى. دەسلەپ ئاق گېزىت قەغىزىگە باستۇق، بۇنداق قەغەزگە باسقاندا قىيىنچىلىق زور بولۇپلا قالماي لازىمۇ ئاسانلا يىرتىلىپ كېتەتتى، كېيىن ئۇنى پارقىراق قەغەزگە ئۆزگەرتكەن بولساقمۇ يەنىلا دېگەندەك ياخشى چىقمىدى، باسماقچى بولغان سانى توشماي تۇرۇپ يىرتىلىپ كەتتى، بىز ئۇنى يەنە گۇەندۇزى قەغىزى (نېپىز سېرىق قەغەز) گە ئۆزگەرتتۇق. بۇ خىل قەغەز يۇمشاق بولۇپ رەڭنى ئاسانلا سۈمۈرۈۋالىدىكەن، تولۇق بېسىشقا بولىدىكەن. لېكىن بۇ قەغەزنىڭ باھاسى خېلىلا قىممەت ئىدى. بىز ئىشلىتىۋاتقان قەغەز ۋە باسما مېيىنى يولداش ۋاڭ تېيىشىڭ ئارقىلىق سېتىۋالاتتۇق، شۇ چاغدا ئۇ گومىنداڭ فىرقىسىغا قاراشلىق باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئىدى. (ئۇنىڭ مۇشۇنداق سالاھىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشپىيونلار ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايتتى). شۇنداق بولسىمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇ قەغەزنى يەنىلا «كۆرەش» گېزىتىنى قوغۇشۇن مەتبەگە ئۆزگەرتىشكە قەدەر ئىشلەتتۇق.

«كۆرەش» گېزىتىنى بېسىشنى يولداش لى ۋېيشىن بىلەن



مەن كېچىدە ئىشلەيتتۇق، ئورنى ياڭزىجياڭ يولى 143 - نومۇرلۇق قورودا ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ لېنىيىدە ئېلېكتىر چىرىقى بولغاچقا، كەچتە كىرسىن چىرىقىنى ياندۇرۇپ قويۇپ، سىرتتىكىلەرنىڭ چىراق يورۇقىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈۋت ئەدىياللار بىلەن ئىشىك - دېرىزىلەرنى ھەم ئېتىپ قويۇپ، كېچە سائەت 3 - 2 لەرگىچە باساتتۇق. بىر كېچىدە بېسىلىپ تۈگىمىسە ئۇدا 4 - 3 كېچە ئىشلەپ بېسىش، رەتلەش، تۈپلەش ئىشلىرىنى تۈگىتەتتۇق، يەنە گېزىتنىڭ بېشىغا «كۆرەش» دېگەن خەتنى بېسىپ چىقاتتۇق، مۇشۇنداق بىر يۈرۈش ئىشلار ئارقىلىق گېزىتنىڭ بىر سانىنى تەييارلاپ چىقاتتۇق.

## 5. تارقىتىش ۋە ئوقۇش

ئەزالىرىمىز ئىچىدە سوۋېتتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ، شىنجاڭ شۆيۈەنى، قىزلار شۆيۈەنى، ئۈرۈمچى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن، قىزلار گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ، يەنە شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار گەرچە چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، لى يۈنياڭ قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يەنىلا تۆۋەن ئىدى، شۇڭلاشقا گېزىتنى تارقىتىشتىكى ئاساسىي مەقسەت نەزەرىيە جەھەتتىن كۆپچىلىكنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش بولغاچقا بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى نەزەرىيە جەھەتتىكى ماقالىلەر ئىدى، خەۋەرلەرمۇ بېرىلەتتى، بۇنى ئاساسەن ئەزالار ئىچكى قىسىمدا ئوقۇيتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىچكى

قىسىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي دېموكراتىك ئىدىيىدىكى
ئىلغار ئەربابلارنىڭ ئارىسىغىمۇ تارقىلىپ باراتتى. مانا بۇ
ئوبيېكتىپ ئەھۋال گېزىتنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى كېڭەي -
تىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى 25 پارچە
60 پارچىغا كۆپەيتىلدى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا 250 پارچىغا
كۆپەيتىلدى. تارقىتىلىش مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن، گېزىت-
نىڭ مەزمۇنى ۋە نىشانى ئەسلىدىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەش،
نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن، ئەزا-
لىرىمىزنىلا تەربىيىلەپ قالماي يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنى
تەربىيىلەش، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى كۆچۈرۈپ
بېسىش ھەمدە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي نىشان
قىلىشقا يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ
تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىپلا قالماي يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
قىزغىن قارشى ئېلىشىغىمۇ ئېرىشتۇق. ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇ-
يان تەشنالىق بىلەن كۈتكەن بۇرۇنراق ئازادلىققا ئېرىشىشتىن
ئىبارەت ئۈمىدىنى قاندۇردۇق. ئازادلىق ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ
تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىگە بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسىنى ئۆستۈردۇق
ھەم ئۇنىڭغا ئىلھام بەردۇق. بىز «كۈرەش» گېزىتىنىڭ 46 -
ساننى تارقاتقان چېغىمىزدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى
تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان ئىدى، لېكىن خەلق ئا-
زادلىق ئارمىيىسى تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەن ئىدى، شۇندىن
كېيىن تارقىتىش مىقدارىنى 2000 پارچىدىن ئاشۇردۇق. شافىگ-
راپتا بېسىشنى قوغۇشۇن مەتبەئەدە بېسىشقا ئۆزگەرتتۇق، ئاخىرقى
51 - ساننى تارقاتقان چېغىمىزدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
شىنجاڭغا كىرىپ بولغان ئىدى. بۇ چاغدا گېزىتىمىز ئۆزىنىڭ



تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، نەشىردىن توختىغانلىقىنى
ئېلان قىلدى.

بىز بۇ گېزىتنى تارقىتىشتا ئەزالارنىڭ قولىغا بىۋاستە
تاپشۇرۇپ ئاندىن شۇلار بىۋاستە ئالاقىلىشىدىغان سىرتتىكى
خادىملارغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئاممىغا ئارىسىغا تارقى-
تىش، رايونلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئاممىنىڭ ئاز - كۆپ-
لۈكىگە ئاساسەن تارقىتىلىش مىقدارىنى بېكىتىش ھەمدە كون-
كرېت خادىملارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە قاراپ،
بىۋاستە ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇپ ئوقۇش،
ئۇلار ئارقىلىق بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىشىنىڭ
كۆرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندۇق.
بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئىشپىيونلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ ئارىغا كىرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ئىدى. يەنە بىرى، كىشىلەر زىچ ئورۇنلاشقان رايونلار،
ئىدارىلەر، مەكتەپلەردە مەخپىي ھالدا تارقىتىش، گېزىتنى ئىش-
خانىلاردىكى جوزىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويۇش ياكى ئوقۇ-
غۇچىلار ياتىقىغا كىرىپ يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئارىسىغا قىستۇ-
رۇپ قويۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىسىغا سېلىپ قويۇش قاتارلىق
ئۇسۇللارنى قوللاندۇق. ئىشپىيونلارنىڭ سېزىپ قېلىپ يامان
ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن
پات - پات ئورۇن ۋە ۋاقىتنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەت-
تى. بۇ گېزىت 46 - ساندىن باشلاپ، يەنى قوغۇشۇن مەتبەئەگە
ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنلا ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇ
چاغلاردا تارقىتىش تارماقلىرى بولمىغاچقا ئۆزىمىزنىڭ ئەزا-
لىرى ئارقىلىق ئاممىغا بىۋاستە تارقىتىدىغان بولدۇق. بۇنىڭ
بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىش، مەخپىي تارقىتىشتەك يوشۇرۇن

ۋاستىلەرنىڭ زورۇرىيىتى قالمىغان ئىدى.

## 6 - «كۆرەش» گېزىتىنىڭ تارىخىي رولى

(1) ئەزالارنىڭ ئىنقىلابقا بولغان تونۇشى ۋە ئىشەنچىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. ئەزالىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى زىيالىلار ئىدى، يەنە ئاز ساندا ئىشچىلارمۇ باردى، ئۇلار گەرچە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ۋە كومپارتىيىگە بولغان تونۇشىدا بەزىبىر ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى پەرق مەۋجۇت ئىدى، بولۇپمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. بۇنى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قامال قىلىش سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز «كۆرەش» گېزىتى ئارقىلىق ئۇلارغا ئىنقىلابىي ۋەزىيەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىغا بولغان ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزالىرىمىزنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەش ئىرادىسى مىسلىسىز يۇقىرى ئۆرلەپ خىزمەت ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئورۇنلىدى مەسىلەن: بىر قېتىم كەچتە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىۋاتقاندا يولداش چىن يۈچىڭنى ئىشپىيونلار سېزىپ قالدۇ، لېكىن ئۇ ئايال بولسىمۇ قىلچە تەمتىرەپ قالماي تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ھەمدە ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىگە ئەگىشىۋالغان ئىشپىيوننى تاشلىۋېتىدۇ. «كۆرەش» گېزىتىنى تارقىتىش ۋە دۈشمەن ئاخباراتلىرىنى توپلاشتا يولداش خۇرەن دۈشمەننىڭ يۈرىكىدە (شىنجاڭ گارنىزون شتابىدا) ئىشلەيتتى، ئۇ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تاۋسىيۈننىڭ ئىشخانىسىدىكى جوزىغا قويۇلغان ئەينەكنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قوياتتى ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ «قەتئىي مەخپىي» دېگەن مەخپىي ئاخباراتلىرىنى بىزگە ئېلىپ كېلىپ، بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا بېرەتتى ھەمدە «كۆرەش» گېزىتىنى دۈشمەننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى تارتمىلارغا سېلىپ قوياتتى، بۇ خىزمەت غەيرەت ۋە كۈچلۈك ئىشەنچ تەلەپ قىلاتتى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ باش شتابىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ ئەنزە پاش قىلىشنى مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى ئەزالىرىمىز پۈتۈنلەي كۆچۈرۈۋالغان ئىدى. تېنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشقا ئاز قالغاندا گومىنداڭ شتابىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار ئارخىپنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندا «كۆرەش» گېزىتىمىز دەل ۋاقتىدا ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ھالدا توساپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەزالىرىمىز ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئىشپىيونلارنىڭ ئىسىملىكىنى تىزىملاپ ئازادلىقتىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى تەييارلاپ بەردى. مانا بۇ «كۆرەش» گېزىتىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى قورالنىڭ ماددىي قورالغا ئايلىنىپ ئوينىغان رولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى. شۇ چاغدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كۈندە ئاڭلىتىپ تۇراتتى، لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قامال قىلىشى ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا شۇ چاغلاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى بېسىپ چىقىرالمايتتى، رادىئودىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشمۇ ئىنتايىن تەس ئىدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆيىدە رادىئو بولغاندىن سىرت باشقا كىشىلەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ رادىئوسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا بىزنىڭ شۇ چاغدىكى «كۈرەش» گېزىتىمىز ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ھەر ساھە ئاممىسى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە خەۋىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەم ئىلھام ئالدى، بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا بولغان ئىشەنچىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىز لەنجۇنىڭ ئازاد قىلىنغانلىق خەۋىرىنى تەشۋىق ۋەرەقلىرىدىن پايدىلىنىپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئامما ئىچىدە تېزلا تارىلىپ كەتتى. بىز كەڭ ئاممىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، زاۋۇت، كان ۋە ھەر خىل ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى قوغداپ دۈشمەنلەر ۋە ئىشپىيونلارنىڭ ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشنى چاقىرىق قىلغىنىمىزدا، بىر مۇنچە كىشىلەر بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ زاۋۇت، كان ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى قوغداپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. مەسىلەن: خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز



شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ 1 - تۈركۈمدىكى تانكا قىسمى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە شەھەردىكى ھەر قايسى ئىدارە، ئۇيۇشمىلار ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى قوللىرىدا قىزىل بايراق تۇتۇپ، خۇددى تاشقىن سۇدەك ئۇلانبايغا بېرىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى چەكسىز ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە سۆيىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق شاد - خوراملىقتا چۆمۈشىدىكى سەۋەب بۇندىن كېيىن يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىغا، يېڭىچە تۇرمۇش كۆچۈرۈۋىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەنلىكىدىندۇر.

## 7 - پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقى

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدا يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى يولداش لوجۈ مەخپىي ھالدا ئىلىغا باردى. شۇ كۈنى كەچتە پارتىيە مەركىزىي كومى[illegible]ى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم — يولداش دېڭ لىچۈن، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ۋە لوجۈنى قوبۇل قىلغان، ئۇلار يولداش دېڭ لىچۈنگە 5 سائەتتىن كۆپرەك خىزمەتلەردىن دوكلات بەرگەن. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەخمەتجان، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، لوجۈ قاتارلىق يولداشلار ئازاد رايونلار (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت) ۋە ئاقلار رايونى (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار) دىكى

خەلقلەرگە ۋاكالىتەن 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا يولدا بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسى يۈز بېرىپ قازا تاپتى، كېيىن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ 3 ۋىلايەتتىكى خەلقلەرگە ۋاكالىتەن، يولداش تۇجۇ شىنجاڭ ئاقلار رايونىدىكى خەلقلەرگە ۋاكالىتەن خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىپ، ئورتاق پروگراممىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىگە ئىشتىراك قىلدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا يولداش دېڭلىچۈن ئىلىدىن مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر ئاخشىمى يولداش دېڭلىچۈن «كۈرەش» گېزىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن يۈ جياڭجۇ، يۈي جەنلىن، لى ۋېيشىن، چىن باۋشەن، لى ۋېنخۇا قاتارلىق 5 يولداشنى قوبۇل قىلدى. بىز خىزمەتلەرنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدۇق ھەمدە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. شۇ چاغدا ئۆزىمىزنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت يەنە ماۋجۇشىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» ۋە «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن ماقالىلەرنى كېچە-



لەپ بېسىپ چىقتۇق. بۇ ۋەزىپىنى يولداش ۋاڭ تيېشىڭ، ماجۇڭسېيلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئارقىسىدا ئورۇنلاپ، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەل شىنجاڭ خەلقى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان خۇشاللىق كۈنلەردە بېسىپ تارقاتتۇق، بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا مۇشۇنچىلىك سوغا تەقدىم قىلالىغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلدۇق.

## 8 - «كۈرەش» گېزىتى خىراجىتىنىڭ تەييارلىنىشى

شىنجاڭ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى باش شتابىنىڭ بىزگە بەرگەن پۇلى چەكلىك بولۇپ «كۈرەش» گېزىتىنى ئۇزاق مۇددەتكىچە بېسىپ تارقىتىشتا ئېغىر خىراجەت قىيىنچىلىقى مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ تارقىتىلىش مىقدارى باشتىكى 25 پارچىدىن 350 پارچىغا كۆپەيتىلگەندىن كېيىن ھەر بىر سانى 16 فورماتلىق بولۇپ توپلىنىپ چىقىدىغان بولدى، ھەر سانى ئاز دېگەندە 14 بەت، كۆپ بولغاندا 30 بەتچە بولۇپ چىقاتتى. 46 ـ ساندىن باشلاپ قوغۇشۇن مەتبەئەگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن تارقىتىلىش مىقدارى 2000 پارچىدىن كۆپرەك بولدى. تارقىتىلىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارغانلىقتىن خىراجەت مەسىلىسىدە قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. يولداشلىرىمىز بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىنى تېجەپ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىشقا يەتكۈدەك تۇرمۇش پۇلى ئېلىپ قېلىپ، مۇئاشىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەزكۇر گېزىتكە خىراجەت قىلىشقا

بەردى. بەزى يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئازراق پۇلىنىمۇ تەقدىم قىلدى، بەزى يولداشلار ئۆز-لىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ تەقدىم قىلدى، يەنە بەزى-لىرى ئۆزىنىڭ بىر قانچە يۈرۈش قىممەتلىك كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ سېتىپ خىراجەت قىلىشقا تەقدىم قىلدى. گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا جاپالىق شارائىتتا ياشاۋاتقان يولداشلار قىيىنچىلىققا چىداپ بىرەر قېتىممۇ زار-لانمىدى، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن داۋاملىق خىزمەت قىلدى. بۇ قىممەتلىك روھنى ھازىر ئەسلىگىنىمىزدە ئۇ يەنىلا بىزگە ئىلھام بېرىدۇ.

## 9 - «گۈرەش» گېزىتخانىسىنىڭ ئورنى

بىزنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدە بىر قانچە جايى بولۇپ، ياڭزىجياڭ يولىدىكى 143 - نومۇرلۇق قورو شۇنىڭ بىرسى ئىدى. بىز ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغان ئىدۇق. ئۇنىڭدا ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى. سىرتتىكىسى چوڭراق بولۇپ تەخمىنەن 30 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى. ئىچكىرىكى ئۆيى كىچىكرەك بولۇپ ئاران 15 - 16 كۋادرات مېتىر كېلەتتى، تاشقىرقى ئۆيدە يولداش ماجۇڭسېينىڭ ئاپىسى ۋە سىڭلىسى بولۇپ 3 كىشى تۇراتتى، ئىچكىرىسىدە يولداش لى ۋېيشىن بىلەن مەن تۇراتتىم. ئۆينىڭ كەينىدە يەنە 60 - 70 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئارقا قورو بولۇپ 3 تەرىپى تام بىلەن ئورالغان ئىدى، ئىككى تەرىپىدە قوشنىلار ئولتۇراتتى. يەنە بىر كىچىك ئارقا ئىشىك بولۇپ بىز كىرىپ - چىقىشتا مۇشۇ ئىشىكتىن ماڭاتتۇق.



تاشقىرقى ئۆي (ئالدى كوچىغا قارايدۇ) گە يولداش ماجۇڭسېي ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى، سىڭلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنى ئائىلە ئولتۇراقلاشقان ئۆي سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنى نىقاپلىدۇق. كېيىنرەك خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، پۇل يىغىپ يەر سېتىۋېلىپ، قورونىڭ تېمىنى ئېگىز-لەتتۇق ھەمدە تاشقىرقى ئۆيگە كاڭ سېلىپ، يولداش ماجۇڭسېي ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى، سىڭلىسىنىڭ پايدىلىنىشىغا بەردۇق. مەخپىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ تېمىنى ئارا تام ياساپ، تاشقىرقى ئۆيدىكى كاڭنىڭ تۆشۈكىدىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىككى قەۋەت تېمىنىڭ ئارىسىغا ئۆتكىلى بولىدىغان قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ھېچ-نېمىنى سېزەلمەيدىغان قاراڭغۇ ئۆي شەكىللەندى. ئۇ يەرگە مۇھىم ماتېرىياللارنى ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ قويدۇق. گومىنداڭنىڭ ساقچىلىرى نوپۇس تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئۇسۇپ كىرسىمۇ ھېچنېمىنى سېزىۋالالمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت-لىرىمىزنىڭ بىخەتەر ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

بىزنىڭ تەھرىرلىك، لازىغا خەت يېزىش، بېسىش خىزمەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىچىك ئۆيدە ئېلىپ بېرى-لاتتى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تىۋىت ئەدىيال بىلەن ھەم ئېتىۋېتەتتۇق، سىرتتىكىلەر ئۆيدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالمايتتى. چىراق يورۇقىنى كۆرەلمەيتتى، ھېچنەرسىنى سېزىۋالالمايتتى. ساقچىلار كۈندۈزى نوپۇس تەكشۈرۈشكە كېلىپ قالسا، ئۇلار ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ بىزدىن گەپ - سۆز سورايتتى، كەچتە نوپۇس تەكشۈرۈشكە كەلسە يولداش ماجۇڭسېينىڭ ئاپىسىنى چىقىرىپ قوياتتۇق، ئۇ تازا تىللاپ كېتەتتى (روھىي ھالىتى

نورمال ئەمەس ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

«كۆرەش» گېزىتىنىڭ 1 - سانىدىن 45 - سانىغىچە شافىگراپتا بېسىلغىنى مۇشۇ ئۆيدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بىز كۈندۈزى گومىنداڭ ئىدارىسىدە 8 سائەت ئىشلەيتتۇق. كېچىدە بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە باشلايتتۇق، بىز بۇ خىزمەتنى لام - جىم دېمەي تا شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردۇق.

«كۆرەش» گېزىتى قوغۇشۇن مەتبەئەگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، گېزىتخانىنىڭ ئورنىمۇ خوتەن كوچىسىغا كۆچۈرۈلدى. 46 - سانىدىن 51 - سانىغىچە پۈتۈنلەي ئاشكارا تارقىتىلدى.



# كۇچا ۋەقەسىنىڭ باش ئاخىرى

لى رۇخەن

1949 - يىلى قەمەرىيە 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر، بۇگۇر قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، كۇچادىمۇ بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى پەيدا بولدى. گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق 56 - لۈيىگە قاراشلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ۋە ۋەنماتۈەننىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ قالايمىقانچىلىق، كۇچا خەلقىگە ئېغىر بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاتلىق تۈەنگە قاراشلىق 4 ئاتلىق ليەن، بىر پىلىموت ليەنى، بىر زېنىت توپ ليەنى، ئالاقىچىلار پەيىدىن بىرسى، ترانسپورت پەيىدىن بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لۈيگە قاراشلىق جەڭ مۇداپىئە توپچىلار ليەنىمۇ بار ئىدى، يەنى بۇ ئورۇندا جەمئىي 9 ھەربىي نوقتا بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىق 4 - ليەن بىلەن جەڭ مۇداپىئە توپچىلار ليەنى شەھەر ئىچىدە تۇراتتى. ئاتلىق 3 - ليەن تۈزلۈق تاغ ئېغىزى ئىچىدە تۇراتتى. تۈەن شىتابى بىلەن باشقا ليەنلەر كۇچا شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئايرودروم ھەربىي لاگېرىدا تۇراتتى. ۋەنماتۈەن شىتابى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىككى يىڭ كۇچا شەھىرىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى.

كۇچا ۋەقەسىنىڭ 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يۈز بېرىشى ھەرگىز تەسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبى بار. ۋەقەدىن ئىلگىرى، ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە نەچچە ئاي مائاش بېرىلمىگەن ئىدى. مال باھاسى كۈندە نەچچە قېتىم ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇلار مۇشۇ ئەھۋالغا راسا قايناپ تۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارغا ئىئانە پۇل بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەملەندۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇقى بولسىمۇ، بىراق كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دىڭ لىنەن ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى ئۆز چۆنتىكىگە تىقىۋالدى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە كەلگەندە پەقەت بىر قانچە قوينىلا بەردى. بۇ قويلارنى قىسىم ئادەم ئەۋەتىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كۈتۈپ بىرەر يېرىم پارچە كۆمۈش پۇلنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتـ مىدى، بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى؛ لەنجۇ، شىنىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن غەربىي - شىمال مەھكىمىسـ نىڭ پەۋقۇلئاددە خادىملىرى جاھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىـ قىدىن ئەنسىرەپ ھەممىلا يەردە پىتنە پاسات تارقىتىپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئادەملەر ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىككىنچىسى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىدە ھەقىقەتەنمۇ خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بىر ئۇچۇم ئۇنسۇرلار بار ئىدى. مۇئاۋىن تۈەنجاڭ گوبىنتيەن ئاساسەن كۇچا شەھىرىنىڭ مۇداپىئە، ئامانلىق ساقلاش خىزمىـ تىگە مەسئۇل بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەندە كېچىچە ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمىدى. بىر قانچە مۇئاۋىن ليەنجاڭ، پەيجاڭ ۋە زاپخوز قاتارلىقلارمۇ كۆرۈنمىدى. يۇقىرىقىلار 1951 -



يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا باستۇرۇلدى. بۇ ئۈچىنچى سەۋەب؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى بۇرۇن بار بولغان 2 ليەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى 1946 - يىلى شىمالىي خېبېي 26 - پارتىزانلار باش ئەترىتىدىن، شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئىشغالىيەت رايونىدا ئۇلار يېڭى 4 - ئارمىيە بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ناھايىتى قورقاتتى. بۇ تۆ- تىنچى سەۋەب. يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سىرتقى كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشىگە ئۇچرىشى ناھايىتى ئاسان ئىدى.

تاۋۇز چاغىنىدا قىسىمدا زىياپەت بېرىلدى. بۇ تۈەن شتابىنىڭ يوليورۇقى بولۇپ ئارمىيىنىڭ ئەندىيىسىنى مۇقىمـ لاشتۇرۇشتىكى بىر تەدبىر ئىدى. ئەسلىدە تۈەن باشلىقى قا- تارلىقلار ھەر قايسى ليەنلەرنىڭ زىياپىتىگە قاتنىشىپ ئوفىتـ سېرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئىرادە بىرلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا (قۇياش خېلى ئېگىز ئىدى) بەزى ليەنلەرنىڭ زىياپىتى باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى ليەنلەر تېخى ئەمدىلا زىـ ياپەتكە كىرىشكەن ئىدى. تۇيۇقسىزدىن زېنىت توپچىلار ليەنى، پىلىموتچىلار ليەنىدە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇـ نىڭغا ئۇلاپلا باشقا ليەنلەردىمۇ كەينى - كەينىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۈەنجاڭ لىيۇ چېڭشۈي بىلەن مۇئاۋىن تۈەنجاڭ لى رۇخەن تېزدىنلا گازارما سىرتىدىكى چوڭ يولغا يېتىپ باردى. ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ تولۇق قوراللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئوق ياغدۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرگە يۈگرەپ كېتىۋاتقانـ

لىقىنى كۆردى. تۇەنجاڭ بىلەن مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئۇلارنىڭ
ئالدىنى توساپ توختاشقا بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق
ئۈنۈم بەرمىدى. تۇەنجاڭ تۇەن شتابىغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن ئەپسۇسلانغان ھالدا، مەن كۈچا خەلقىگە يۈز كېلەلـ
مەيمەن، قايسى يۈزۈم بىلەن كۈچا خەلقىنىڭ يۈزىگە قارايمەن،
دەپ بىئارام بولۇپ ئۆزىنى ئېتىۋالماقچىمۇ بولدى. مۇشۇ چاغـ
دا ھەر قايسى لىيەنلەرنىڭ باشلىقلىرى يېتىپ كېلىپ ئۆز
لىيەنلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى ۋە ۋەقەنى قانداق
بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراشتى. ئىچىدە
قېلىشىچە، 2 ـ لىيەننىڭ باشلىقى لىيۇ ××، 4 ـ لىيەننىڭ
باشلىقى شۈي دىڭ، پىلىموتچىلار لىيەنىنىڭ باشلىقى
فاڭ جىڭ، زېنىت توپچىلار لىيەنىنىڭ باشلىقى لىيۇ جېڭشېڭ
قاتارلىقلار بار. مۇئاۋىن تۇەنجاڭ تاڭ شۇرۇڭ شەھەردىن تۇەن
شتابىغا قايتىپ كەلدى. كۆپچىلىك يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر
تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ مۇنۇلارنى قارار
قىلىشتى:

1. مۇئاۋىن تۇەنجاڭ تاڭ شۇرۇڭ شەھەرگە كىرىپ
ۋالىي سېيىت ئەخمەتنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى تۇەن شتابىغا
قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرى قاتار-
لىق مۆتىۋەر زاتلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تە-
لەپ قىلىندى.

2. دەرھال بىر كۈچەيتىلگەن پەي ئۇيۇشتۇرۇپ، 2 ـ
لىيەندىكى پەيجاڭ جاڭ شياۋلياڭ يېتەكچىلىكىدە تولۇق قو-
راللىنىپ، ئاتلىق كۈچا شەھىرىگە كىرىپ كۈچا كۆۋرۈكى،
يەنى قەدىمى كۆسەن كېچىكى دەپ ئاتالغان مەشھۇر چوڭ



كۆۋرۈكنى قوغداش. بۇ كۆۋرۈك پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان
بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر قانچە ئون مېتىر كېلەتتى. ئۇ جەنۇ-
بىي شىنجاڭغا مېڭىشتا ئۆتىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك ئىدى.
كۆۋرۈككە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دەرھال شۇ جايدا ئېـ
تىپ تاشلاش ھەمدە سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى
تېزدىن قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىلدى.

بۇ پەي كۆۋرۈككە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كۆۋرۈكنىڭ
غەربىي تەرىپىگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئوتنى
ئۆچۈرۈۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆۋرۈك بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىمىدى، بۇ كەسكىن تەدبىر قوللانغانلىقنىڭ نەتىجىسى.
لېكىن ناھىيىلىك بانكا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە قىسمەن
بايلارنىڭ ئۆيلىرى بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىدى. نەچچە يۈز ئائىلە
ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېغىر بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىدى. تاڭ
ئېتىشقا باشلىغاندا سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئەسكەرلەر كەينى ـ كەيـ
نىدىن قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
كىيىم ـ كېچەك، بىلەيزۈك بۇلىغان بولۇپ، يەنە بەزىلىرى
گىلەم، ئات قاتارلىقلارنى بۇلىغان. تۇەن شتابى شۇ ۋاقىتـ
نىڭ ئۆزىدىلا ئاتلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە ئاتنىڭ ھەقىقەـ
تەن شۇلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىشنى
قارار قىلدى. بىر كۈن ۋاقىتتا قالماي ئاتلارنى ئىگىلىرى
كېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ۋەقە يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن،
تۇەن شتابى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ لى رۇخەننى لۈيجاڭغا ۋەقەـ
نىڭ ئۆتمۈشىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتتى.
لۈيجاڭ لى زۇتاڭ مۇنداق يوليورۇق بەردى: ① ئەڭ زور
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىسمىنى تىنىچلاندۇرۇش، شۇ خىل

ۋەقەنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش؛ پۈتۈن جاۋابكارلىقنى لۈيجاڭ بىلەن تۇەنجاڭ ئۈستىگە ئېلىش، باشقا ھېچقانداق كىشىنى چېتىشتۇرماسلىق؛ ئۇ ئۆزى شەخسەن تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھال سورىماقچى بولدى.

ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى كەچتە شەھەردىكى نۇرغۇن قېرىنداشلار شەھەر ئىچىدىكى تۇەن شىتابىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى بوش ئۆيگە كىرىۋالغان ئىدى. تۇەنجاڭ بىلەن كۆپ يىللار بىللە بولغان خىزمەتچى ئەسكەر جاڭ × رۇڭنىڭ ھايۋانلىقى قوزغىلىپ بىر ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئىشتىن تۇەنجاڭ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 1 - لىيەننىڭ باشلىقى شياڭ چېڭشېڭنى ئەۋەتىپ، ئۇنى باغلاپ كۇچا بازىرىغا ئەكىرىپ ئاتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ غەزىپى بېسىلدى. بۇ، كۇچا ۋەقەسى جەريانىدا بىرىنچى بولۇپ باستۇرۇلغان ئادەم.

10 - ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا، سابىق ئاتلىق تۇەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى رۇخەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - كورپۇسى خەلق ھەرىكىتى بۆلۈمىنىڭ كادىرى چېن × ×، كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساۋ × ×(خۇيزۇ)، كۇچا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى × × ×(ئۇيغۇر) ۋە بىر قىسىم مۆتىۋەر زاتلاردىن تەشكىل قىلىنغان ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە تىزىملاندى. بۇ ۋاقىتتا ئاتلىق تۇەن ئاقسۇ كونىشەھەرگە يۆتكىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. ۋەنماتۇەن دىخۇاغا يۆتكىلىپ باشقىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ئاتلىق تۇەن



لۈي شتابىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىقىدا، تۇەنجاڭ تاڭ شۇرۇڭ (بۇ چاغدا تۇەنجاڭ قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ئىدى) نىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن بۇلاپ كېلىنگەن نەرسىلەر تىزىملىنىپ، كوچاغا ئاپىرىپ خەلققە قايتۇرۇپ بېرىش قارار قىلىندى. كۇچا ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش سىلىڭى تاۋسىيۈ دەرھال تولۇق ھوقۇقلۇق ھەربىي قانۇن ئەمەلدارى لىيۇ زۇنشىيەن قاتارلىقلارنى كۇچا ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. نارىسىدە قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان، دەلىل ئىسپاتى تولۇق بولغان ئاتلىق 1 - لىيەندىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ × × × (گەنسۇلۇق) نى كۇچا بازىرىغا يالاپ ئاپىرىپ ئۆلۈم جازاسى بەردى. ۋەقە يۈز بەرگەندە ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىشنى ئۈزۈپ قويغان ئالاقىلىشىش پەيىنىڭ پەيجاڭى خەن دىڭنى كوچاغا يالاپ ئاپىرىپ نەزەر بەنت قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 194 - تۇەندىكى × × × پەيجاڭنى 6 ئەسكەر بىلەن بۇلانغان نەرسىلەرنى ئاقسۇ كونىشەھەردىن كوچاغا ئاپىرىشقا ئەۋەتتى. مۇئاۋىن تۇەنجاڭ لى رۇخەن ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بىر قىسىم كىيىم - كېچەك، ئاشلىق ئاجرىتىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بەردى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئاشلىق ئاجراتتى. ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى 3 ئاي داۋام قىلدى.

# نەنسەندىكى باندىتلارنى يوقىتىش خاتىرىسى

يۈەن شيۈكەي

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 1 ـ دالا ئارمىيىمىز مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ قوماندانلىقىدا لەنجۇنى ئازاد قىلىپ مابۇفاڭ باندىتلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئارقىدىنلا تاغنى تالقان قىلىدىغان ھەيۋەت بىلەن يىڭچۇەن، شىنىڭ ۋە خېشى كارىدورىدىكى ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن قاتارلىق مۇھىم شەھەر ـ بازارلارنى ئازاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ مۇداپىئە گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋسىيۆ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان ئەپەندى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەقىقەتكە قايتقانلىق توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى، مەركەز سىلىڭيۈەن ۋاڭ جېن، سىياسىي كومىسسار شۈي لىچىڭنى 1 ـ بىڭتۇەن (ئۇنىڭغا 2 ـ جۈن ۋە 6 ـ جۈندىن ئىبارەت 2 جۈن قارايدۇ) نى باشلاپ تېزدىن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.

بىزنىڭ 17 ـ دىۋىزىيىمىز، بۇيرۇققا بىنائەن شىمالىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شەھىرى، ماناس، چىنتەي، غۇلجا، كورلا رايونىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، بۇ جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش



دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ماۋجۇشى ئارمىيىمىزدىن تەلەپ قىلغان ھەم كۈرەش ئەترىتى، خىزمەت ئەترىتى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنلىدۇق.

## 1 ـ گەنخېزىدىكى تۇنجى جەڭ

1950 ـ يىلى باھار، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى باھار بولۇپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. شەھەر ـ بازارلار ۋە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش، يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى تۇرغۇزۇش، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھەر مىللەت خەلقلىرى تىنچ ـ خاتىرجەم شارائىتنىڭ بولۇشىغا تولىمۇ ئېھتىياج ئىدى. ۋاھالەنكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى تىنچسىز ئىدى. سىياسىي باندىت ئوسمان ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 7 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزىبىر ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، فۇكاڭ رايونىدا ئاشكارا ھالدا قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى.

7 ـ ئاتلىق دىۋىزىيە ئەسلىدىكى 5 ـ ئاتلىق جۈن بولۇپ ئۇلار چىڭخەيدىن مەخسۇس شىنجاڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەكسىيەتچى ھەربىي قىسىم، يەنى چىڭخەيدىكى فېئودال مىلىتارىست مابۇفاڭنىڭ

ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق «كوزىر ئارمىيىسى» ئىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن 7 - ئاتلىق دىۋىزىيىدىكى كۆپلىگەن ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەر بۇ ئىشنى قوللايتتى، لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ قايتا تەشكىللەپ ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن نارازى ئىدى، شۇڭا ئۇلار تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى.

بىز ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن بىرگە تاش توشۇپ ئۆستەڭ ياساپ، ئوغۇت توپلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتقان چېغىمىزدا 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى فۇكاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، دوكلاتتا 7 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ 4 - پەۋقۇلئاددە يىڭىدىكى 400 دىن ئارتۇق ئادەم ئەكسىيەتچى ئوفىتسېر ماجەنلىن، جۇچاڭلىننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن توپىلاڭ قوزغاپ جۇ يۈنجېيي كوچىسىنى ۋە شۇ يەردىكى يېزا - كەنتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، كېيىن نەنسەندىكى چارۋىچىلارنىڭ قىشلىقىغا بېرىپ، ئوسمانغا ماسلىشىپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. بىز بۇ ئەھۋالنى جۈندىكى باشلىقلارغا دوكلات قىلدۇق ھەمدە 49 - تۈەن ۋە 51 - تۈەننىڭ توپىلاڭچى قىسىملارنى يوقىتىشقا ئوبدان تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ئۇقتۇردۇق. 25 - كۈنى ئەتىگەندە جۈنجاڭ لو يۈەنفا ئۆزى بىۋاسىتە تېلېفون بېرىپ، مېنى 49 - تۈەندىكى بىر كۈچەيتىلگەن يىڭ ۋە 51 - تۈەننىڭ بىر قىسىمىنى باشلاپ 5 - تانكا تۈەننىڭ ماسلىشىشى بىلەن ساتقىنلىق قىلغان بۇ قىسىمنى تېزدىن يوقىتىشقا بۇيرىدى. مەن تېلې-



فوننى قويۇپ قويۇپ دەرھال دىۋىزىيە باشلىقى چېڭ يۇ بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ (شۇ چاغدا مەن 17 - دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىدىم) 49 - تۈەننىڭ 1 - يىڭىنىڭ تۈەنگە قاراشلىق توپچىلار لىيەنى ۋە 51 - تۈەننىڭ 2 لىيەنىگە ماسلىشىپ قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى قارار قىلدۇق ھەمدە ھەربىي رايون سىلىڭبۇسىنىڭ 5 - تانكا تۈەنىنىڭ 3 بىروۋنىك ئەۋەتىپ ئۈرۈمچى - فۇكاڭ تاشيولىدا كېچە - كۈندۈزلەپ چارلاش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئارىلىقتىكى قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەگەر ساتقىن قىسىملارنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراپ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى يولۇقتۇرسا، ئۇلارنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. مەن يەنە دەرھال 49 - تۈەننىڭ باشلىقى جاڭ جياڭلىن ۋە 51 - تۈەننىڭ باشلىقى لى فىڭيۇلارغا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قىسىملارنى تېزدىن فۇكاڭغا توپلاش؛ 49 - تۈەننىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى فۇكاڭ - گۇچۇڭ تاشيولىنى توسۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ شەرقىي تەرەپتىن گۇچۇڭغا كىرىشىدىن ساقلىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش؛ 51 - تۈەننىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھازىر بار قاراۋۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلارنى ۋە چارلاش ئەترىتىنى كۆپەيتىپ، ساتقىنلىق قىلغان قىسىملارنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ھەر ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەردىم. بۇ كۆرەش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەن ئۆزۈم فۇكاڭغا بېرىپ كۆرەشكە قوماندانلىق قىلدىم.

فۇكاڭ بىر كىچىك ناھىيە بولۇپ، نوپۇسى كۆپ ئەمەس ئىدى. ساتقىن قىسىملارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ۋە قىرغىن-

چىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن كىشىلەر تەشۋىش ئىچىدە قالغان ئىدى. دۇكانلار تاقالغان، كوچىدا ھېچقانچە ئادەم كۆرۈنمەيتتى، شەھەر ئىچى چۆلدەرەپ قالغان ئىدى. بىز فۇكاڭغا بارغاندا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش ۋاڭ باكيۇ (ئۇ ئەسلىدە 49 ـ تۈەننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پېشقەدەم يولداش ئىدى.) كوچىغا چىققان بولۇپ، بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئالدىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى، بىز بۇ يەردە سىلەرنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئىدۇق......» دېدى. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا باندىتلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ: «بۇ ساتقىن قىسىملار ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىقتى، ئۇلار مال ـ مۈلۈك ۋە كالا ـ قويلارنى بۇلاپ، ئاممىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپلا قالماي، يەنە كېلىپ بىز ئەۋەتكەن ھەربىي قىسىم كادىرلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۆلتۈرگىنىنى ئاز دەپ يەنە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلىدى، بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى...... بىز ئەۋەتكەن كادىرلارنىڭ ھەممىسى ياراملىق ئادەملەر ئىدى، توپىلاڭدىن كېيىن قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئازادلىق ئارمىيە ئەۋەتكەن كادىرلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئادەملەر ئىدى. بۇ يولداشلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا بۇ باندىتلارنىڭ خەلققە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ئىدى» دەپ ئېيتىپ بەردى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىزلا ساتقىن قىسىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكىم قوزغالدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يولداشلارغا تەزىيە بىلدۈردۈم. تونۇش چىرايلار كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، بۇ يولداشلار ھە-



قىقەتەن ياخشى يولداشلار ئىدى. ئۇلار قىسىم بىلەن بىللە يەنئەندىن شىئەنگە كېلىپ، لەنجۇنى ئازاد قىلىشقا قاتناشقان، كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ئىنقىلاب ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن قان ـ تەر ئېقىتقان ئىدى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ ساتقىن قىسىملارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتتى، بىز چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ياۋۇز ساتقىن قىسىملارنى قەتئىي، پاكىزە، ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەيمىز، دېگەن خىياللار كۆڭلۈمنى كەزدى.

تاقىراق ـ تۇقۇرۇق قىلغان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى مېنىڭ چوڭقۇر خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام تۈەنجاڭ جاڭ جياڭلىن ئاتتىن چۈشۈپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ ئېگىز ـ قامەتلىك كىشى بولۇپ يېنىدا 1 ـ يىڭنىڭ باشلىقى يولداش شاۋ شېڭلىن بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. جاڭ تۈەنجاڭ: «قىسىمنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، بىرمۇ ئادەم سەپتىن چۈشۈپ قالمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. شاۋ يىڭجاڭ: «ئۇرۇش قىلمىغىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئوبدانراق ئەدىپىنى بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قانداقلىقىنى بىر تونۇتۇپ قويمىساق بولمايدۇ!» دېدى. مەن: «ناھايىتى ياخشى؛ قىسىملار بىر ئاز دەم ئېلىۋالسۇن، لېيەندىن يۇقىرى كادىرلار مەن بىلەن يەر تۈزۈلۈشىنى كۆرگىلى بارسۇن» دېدىم.

بىز شەرقىي تەرەپتىكى تاغ باغرىغا چىقىپ دۈربۈن بىلەن قارىساق 400 دىن كۆپرەك توپىلاڭچى باندىت (1000دەك ئات بار) گەنجىزىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر تاغ جىلغىسىغا يىغىلىپ

ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە تاماق ئېتىشىۋېتىپتۇ، فۇكاگغا بارىدى-
غان تاشيولدا بىر پەي ئەسكەر چارلاش ئىشىنى ئىشلەۋې-
تىپتۇ. قارىغاندا توپىلاگچى قىسىملار بىزنىڭ بۇنداق تېز
يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى يوقىتىشىمىزنى ئويلاپ باقمىغاندەك
قىلاتتى.

كۆپچىلىك بىر تەرەپتىن يەر تۈزۈلۈشىنى كۆرسە، بىر
تەرەپتىن ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، قانداق ئۇرۇش قىلىش
مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. سېكرېتار ۋاڭ باۋيۇ: «توپى-
لاگچىلار تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئوسمان
ماسلىشالايدىغانلا بولسا ئۇرۇمچىنى ئالالايمىز. ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى ناچار، ئۇلارنىڭ كارابىنى چاغ-
لىق دەپ جار سېلىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتتى. يولداش جاڭ جياگلىن
«ئۇلارنى بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرمايلا ئوجۇقتۇرىمىز» دەپ
جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا توپىلاگچى قىسىملارنىڭ ئارقا تەرى-
پىگە ئۆتۈپ، جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگەللەپ دۈش-
مەننى زور ھەيۋەت بىلەن يوقىتايلى، بۇنداق قىلغاندا گەرچە
كۆپرەك يول مېڭىشقا توغرا كەلگىنى بىلەن ئۇ يەرنىڭ يەر
تۈزۈلۈشى ئارمىيىمىزگە پايدىلىق دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا
قويدى. يەنە بەزىلەر دۈشمەنلەرنىڭ غەرب تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە
ئۈسۈپ كىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا
غەرب تەرەپكە قىسىم ئەۋەتەيلى دېدى، يەنە بەزىلەر ۋاقىتنى
قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان
ياخشى دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا قىسىمنى
3 يولغا بۆلۈپ، يېڭجاڭ ساۋشىگلىن 1 لېيەنىنى ئېلىپ يېنىك
قوراللىنىپ تېزلىك بىلەن گەنجىزدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ
توپىلاگچى باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جىلغىنى ئىگەللەپ



يۇقىرىدىن دۈشمەنگە زەربە بېرىش؛ 51 ـ تۇەننىڭ 1 لېيەنى
جىلغىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتۈپ شەرق تەرەپتىن زەربە
بېرىش، تۇەنجاڭ جاڭ جياگلىن بىلەن مەن توپچى قىسىملارنى
ۋە قالغان قىسىملارنى باشلاپ فۇكاگغا ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىش قارار قىلىندى. 3 يولغا بۆلۈنگەن قىسىملارنىڭ تېز
ھەرىكەتلىنىپ يوشۇرۇنۇش، ئۆزىنى دۈشمەنگە سەزدۈرمەسلىك،
ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن دۈشمەنلەرگە باتۇرۋەقەيسەرلىك بىلەن
زەربە بېرىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە سىگنال بېرىش ئۈچۈن 3
دانە رەڭلىك سىگنال ئوقى ۋە 10 مىنۇتقىچە توپقا تۇتۇش
ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىندى. ۋەزىپىلەر
ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بەلگىلەنگەن ئۇرۇش قىلىش پىلانى
بويىچە توپىلاگچى قىسىملارنى قورشاشقا باشلىدۇق.

دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتىدىغان قىسىمنىڭ يولى
يىراق بولغاچقا ئۇلار بىر قانچە تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇدۇل تەرەپتىن ۋە غەرب تەرەپتىن ماڭغان
قىسىملار ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان جاينى ئىگەللەپ بولغاندىن
كېيىنمۇ جەنۇب تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرگىلى بول-
مايتتى، بۇ چاغدا مەن بىر ئاز ئالدىراپ قالدىم، توپچىلار
لېيەنىنىڭ باشلىقى بىر قانچە قېتىم: «بىز ھەممە تەييارلىقلارنى
پىشۇرۇپ بولدۇق، سىز بۇيرۇق چۈشۈرسىڭىزلا توپ ئاتىمىز!»
دەپ دوكلات قىلىپ كەلدى. يولداش جاڭ جياگلىنمۇ بىر ئاز
تاقەتسىزلىنىپ: «نېمە بولغاندۇر، ساۋشىگلىنلار نېمانچە كېچى-
كىدۇ؟» دېدى. مەن دۇربۇنىمدا ئارقا جىلغىدىكى ئورمان
ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.
بۇ چاغدا يولداش جاڭ جياگلىنمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ: «ئۇلار يېتىپ
كەلدى، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەرسەك بولىدۇ.» دېدى.

مەن: «ھۇجۇم باشلانسۇن!» دەپ بۇيرۇق بېرىۋىدىم، 3 دانە بەلگە ئوقى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، دۈشمەنلەرگە پەيجىپاۋ، ليۇلىك زەمبىرەكى، يېنىك ـ ئېغىر پىلىموت، مىلتىق قاتارلىقلاردىن تەڭلا ئوق ياغدۇردى. توپىلاڭچى قىسىمنىڭ تاشيولدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان 1 پەي ئەسكىرى توپ ئوقىمىزنىڭ زەربىسىدىن تىرە ـ پىرەك بولۇپ كەتتى، پەقەت بىر قانچىسىلا جەنۇبقا قاراپ قېچىپ باندىتلار توپىغا يېقىنلاشقاندا باندىتلار باشلىقى جۇ چاڭلىن مۇداپىئە قىسىمىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ليەن ئەسكەرنى باشلاپ ئۇدۇل تەرەپتىن بىزگە ئېتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇدا 3 قېتىم بىز تەرەپتىن چېكىندۈرۈلدى، توپىلاڭچى قىسىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. جۇ چاڭلىنمۇ قايتارما زەربە بېرىش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنە غەرب تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا 51 ـ تۇەندىكى قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، ئۇدۇل تەرەپتىن ۋە غەرب تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالمىدى. شەرق تەرەپ تىك قىيا بولغاچقا چىقالمايتتى، شۇڭا جەنۇبقا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا مەن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قىسىملار ئىگەللەپ تۇرغان ئېگىزلىككە يۆتكىلىپ بېرىپ، پىلىموت، مىلتىق، ئاپتومات، گىرانات قاتارلىقلار بىلەن تەڭلا تۆۋەنگە ئوق ياغدۇردۇق، بۇ چاغدا جىلغا ئىچىدىكى ئادەملەر ۋارقىرىشىپ، ئاتلار كىشنىشىپ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ بىردەم غەربكە، بىردەم جەنۇبقا يۈگۈرۈشۈپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، دۈشمەنلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئومۇمى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردىم. ئاتاكا سىگنالى چېلىنىش بىلەنلا 3 يولدىكى ئەزىمەتلەر بەس ـ بەس



بىلەن جىلغىنىڭ ئىچىگە تېزلا بۆسۈپ كىردى. توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ كاتتىبېشى ماجەنلىن تىرىك تۇتۇلدى، توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى. پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا يوشۇرۇنۇۋېلىپ قېچىپ كەتتى. ئوق ـ دورا، ئات قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي ئولجا ئالدۇق.

بۇ قېتىمقى جەڭ ئارمىيىمىز شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭ بولۇپ، قىسىملىرىمىز باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشتى، ئۇرۇش باشلانغاندىن ئاياقلاشقىچە ئاران 3 سائەت كەتتى، «كوزىر ئارمىيە» دەپ ئاتالغان قىسىم بىز تەرەپتىن يوقىتىلدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە يولداش ساۋشىڭلىن سارغىيىپ ئورۇقلاپ كەتكەن 30 ياشلار چامىسىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ باشلىقى ما جەنلىن بولىدۇ» (مانىڭ باندىت ئەسكەرلىرى ئىچىدە كۆپلىگەن ئوفىتسېرلەر ئەپيۇن چېكەتتى) دەپ ئېيتتى. مەن ئۇنى توختىتىپ ئۇنىڭدىن: «ئازادلىق ئارمىيە قانداق ئىكەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئازادلىق ئارمىيە باتۇر، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئەزىمەت ئىكەن، سىلەر ئاتقان توپ ئوقلىرى خۇددى كۆزى باردەك بىز نەگە قاچساق شۇ يەرگە چۈشتى، ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىكەنسىلەر، قېرىنداشلار چىن كۆڭلىدىن سىلەرگە قايىل بولدى. راستىنلا قايىل بولدى......» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئارقىدىنلا: «سىلەر ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنى قۇترىتىپ ئاممىنى بۇلاپ، ئازادلىق ئارمىيە كادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىق توپىلاڭ چىقىرىپ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار» دېدىم. ئۇ تازىم قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ گۇناھىم بار، مېنىڭ گۇناھىم بار!» دېدى.

ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەن جاڭ جياڭلىنغا قالـ

دۇق باندىتلارنى يوقىتىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم جەڭ ئېتى ۋە ئوق - دورىلارنى قالدۇرۇپ، قالغان قورال، ئوق - دورىلارنى ۋە زەخمىلەنگەن ئاتلارنى يەرلىكلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇردۇم. سېكرېتار ۋاڭ باۋيۇ خۇشال هالدا: «ئەمدى كۈچەيتىلگەن خەلق ئەسكەرلىرى يېڭىنى قوراللاندۇرالايدىغان بولدۇق» دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 7 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى خەن يۈۋېن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ: «يۈەن جېڭۋېي، سىلەر گەنجىزىدا ياخشى ئۇرۇش قىلدىڭلار، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ هەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويدۇڭلار. ئەمدى هەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى باشقۇرۇشقىمۇ ئوڭاي بولىدىغان بولدى» دېدى. مەن: «يۈەن شىجاڭ، سىز هەقىقەتكە قايتقان ئادەمسىز، 7 - ئاتلىق دىۋىزىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىچىدە تەسىرىڭىز بار. سىزنىڭ دىۋىزىيە سىياسىي كومىسسارى يولداش يۈچىڭشەنگە ياخشى هەمكارلىشىپ، بۇ قىسىمنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، يولداش يۈچىڭشەننىڭ سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە مول تەجرىبىسى بولۇپلا قالماي يەنە ئۇ ئۇرۇش قىلىشتىمۇ باتۇر ئادەم، سىلەر پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئىشىنىپ، ياخشى خىزمەت قىلىدىغانلا بولساڭلار پارتىيە ۋە خەلق سىلەرگە ئۇۋال قىلمايدۇ» دېدىم. خەن شىجاڭ: «ماڭا ئىشىنىڭ، مەن جەزمەن تىرىشىپ بۇ قىسىمنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتىمەن» دېدى.

## 2 - ئورازبايغا هۇجۇم قىلىپ يوقىتىش

گەنجىزىدىكى جەڭدە توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ يوقىتىل-



غانلىقى هەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدە بىهايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىسىملار خېلىلا تۇراقلاشتى. لېكىن شىنجاڭدا ئامېرىكا، جياڭجيېشى ئىشپىيونلىرىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ئوسمان، ئورازباي قاتارلىق يەرلىك باندىتلار هەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. ئۇلار تارىختا ئەكسىيەتچى هۆكۈمرانلار پەيدا قىلغان مىللىي ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك روهىي هالىتىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، قەبىلىدىكى ئاممىنى توپىلاڭ قىلىشقا قۇتراتتى ۋە مەجبۇرلىدى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باندىتلارنىڭ باشلىقى ئورازباي ئۈرۈمچىدىكى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى سىدىق زالىك ۋە يېزا باشلىقى ۋەلى، باۋجاڭ جاجىيەن قاتارلىق ئەكسىيەتچى كاتتىباشلار بىلەن بىرلىشىپ ماناس، قۇتۇبى، ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن ئەتراپىدىكى هاك خۇمدىنى، خىلۇڭگۇ تۆگە لەڭگىرى ۋە لوۋەنشەنزى رايونلىرىدا ئاممىنىڭ چارۋىسىنى ۋە مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ توپىلاڭ قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

ئورازباي، قازاق فېئودال ئاقساقال مىڭبېشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 1945 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سېپىگە ئۆزىنى ئاتقان هەمدە شىنجاڭ مۇداپىئە گارنىزون 2 - باشقارمىسىنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقان، كېيىن جىڭخۇا قۇتۇبى ناهىيىسىنىڭ مۇئاۋىن هاكىمى (قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) بولغان هەم گودا ۋەكىلى بولغان. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە ئىلغار ياشلارنى ۋە هەر مىللەت خەلقلىرىنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەن، شۇڭلاشقا ماناس، قۇتۇبى ئەتراپىدىكى خەلقلەر ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدىكەن.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ باندىتلار باشلىقى ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ داۋاملىق خەلق بىلەن قارشىلاشتى.

ئەنسەندىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلۈكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون مېنى 51 - تۈەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ھەم 40 - تۈەننىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ ھەربىي رايوننىڭ توپچىلار تۈەنىدىكى ئېغىر توپ لىيەنىگە ماسلىشىپ، ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەرنى تەشكىللەپ ئەنسەنگە ھۇجۇم قىلىشىمنى بۇيرىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى شيۈڭخۇاڭ 1 تۈەن ئەسكەرنى باشلاپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە قاراشەھەر ئارىلىقىدا دۈشمەنلەرنىڭ جەنۇبقا قېچىپ كېتىشىنى توسايدىغان بولدى.

باندىتلارنى يوقىتىش سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت ئىدى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مەسىلىلەر مۇرەككەپ بولاتتى، شۇڭلاشقا بىز ئالدى بىلەن غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ «ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، يوقىتىش - نەپەقە بېرىشنى تەڭ يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت باندىت يوقىتىش فاڭجېنى» ھەمدە مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا قانات يايدۇرۇش، ئەگەشكەن ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش، پەيلىدىن يانمىغان ۋە قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان باندىتلارنى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئاساسىدا ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئۈزلۈكسىز قورشاپ يوقىتىش پىرىنسىپىنى ئۆگەندۇق. بۇ فاڭجېن ۋە پىرىنسىپلارغا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ



ئالاھىدىلىكى ۋە قىسىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كونكرېت سىياسەت تۈزۈپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قىسىملارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردۇق. بۇ كونكرېت سىياسەت مۇنداق:

1) ئاز ساندىكى ئىزچىل تۈردە ئەسكىلىك قىلىپ كەلگەن باندىتلارنىڭ باشلىقىدىن باشقا، ئادەتتىكى قازاق قېرىنداشلار خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن باندىتلار باشلىقى ئوراز-باي قاتارلىقلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بۇلاشقا قاتناشقانلارغا تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىپ خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپكە قايتۇرۇپ كېلىش، خەلق ھۆكۈمىتىگە مايىل بولغانلار بىلەن ياخشى ئىتتىپاقلىشىش، ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ياخشى-يامانلىق ئىپادىسىگە قاراپ ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

(1) خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلغان ھەمدە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلارغا سىياسەتنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشكە مۇمكىن بولغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش.

(2) بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇپ باندىتلارغا، ئىشپىيونلارغا ياردەم بەرمىگەنلەرگە تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپكە تارتىش، ئۇلارنىڭ چارۋا، مال - مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلىرىگە ھەرگىزمۇ چېقىلماسلىق.

(3) قەتئىي قارشىلىق قىلغانلارنى يۇمشاقلىق قىلماي

قەتئىي ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش، ئۇلاردىن بىزگە تەسلىم بولغان ياكى ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ شەخسىيىتىگە ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەيدىغان ۋە خارلايدىغان ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق، ئاممىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان چارۋا ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇشقا يول قويغاندىن باشقا قالغان نەرسىلەرگە خالىغانچە تەگمەسلىك.

2) باندىتلار تاشلاپ كەتكەن ۋە جەڭ مەيدانىدا ئولجا ئېلىنغان چارۋىلارنى ئاممىنى ئۆزلىرى كېلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئېشىپ قالغىنىنى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىكى ماددىي - ئەشيالارنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشىغا يوللاش، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلماسلىق.

3) سىياسەت جەھەتتە پەۋقۇلئاددە مەسىلە سېزىلسە ئۇنى دەرھال ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنىغا مەلۇم قىلىش، لېكىن يەككىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماسلىق.

ئەڭ ئاخىرىدا باندىتلارنى يوقىتىشقا قاتنىشىدىغان بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەردىن بۇ قېتىمقى ئورازباي قاتارلىق باندىت، ئىشپىيونلارنى يوقىتىش جېڭىدە باتۇر - قەيسەر بولۇش؛ جاپاغا، ھېرىپ - چارچاشقا چىداش، خەۋپ - خەتەردىن قورقماسلىقتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە يۇقىرىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش، باندىتلار باشلىقى ئورازباينى تىرىك تۇتۇپ نەنسەندىكى قازاق قېرىنداشلارنى ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئازاد قىلىش تەلەپ قىلىندى.



ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قىسىملارغا 3 كۈن ئىچىدە ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك، سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى ۋە ماددىي تەييارلىقلار پۈتتۈرۈلدى، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماناس، سانجى، ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتۇق. مۇئاۋىن تۈەن باشلىقى ياڭ شىنگو 5 - تۈەننىڭ 5 لىيەنىنى باشلاپ ئوتتۇرا يولغا، ۋۇ جېڭۋېي ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ 5 لىيەنىنى باشلاپ غەربىي يولغا، تۈەنجاڭ يۈسۈپوپ 45 - تۈەنىنىڭ 5 لىيەنىنى باشلاپ شەرقىي يولغا چۈشۈپ باندىتلار ئۇۋىسى - سەنداۋ ماچاڭغا يۈرۈش قىلدى. ئۈرۈمچىدە 7 - ئاينىڭ ئاخىرى 8 - ئاينىڭ بېشى تومۇز ئىسسىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. قىسىملارمۇ دېھقانچىلىققا كىرىشىپ چۆپ ئوتايدىغان ئادىراش پەسلىگە قەدەم قويغان ئىدى. بىز توپچىلار تۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئېتىزدا ئوت ئوتاۋاتقانلار، ئوتىغۇچلىرىنى توختىتىپ، بىزگە قول پۇلاڭلىتىپ: «تېز غەلىبە قازىنىشىڭلارغا تىلەكداشمىز»، «غەلىبە قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمىز» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشتى. تۈەنجاڭ يولداش جاڭ جەنباۋ (ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى) چاي ئىچىپ كېتىڭلار دەپ مېنى زورلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئالاقچىسى ماڭا بىر كۈرۈشكا سوغۇق سۇ ئەكىلىپ بېرىۋىدى، بىراقلا ئىچىۋەتتىم، جاڭ تۈەنجاڭ قىزىقچىلىق قىلىپ: «يەنە بىر ئاز قۇيۇپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز بىرقانچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن تەرلەپ، ئاغزىمىز بەكلا قۇرۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇ مەن بىلەن بىللە كەلگەن بىر قانچە يولداشنىمۇ سۇ ئىچىۋېلىڭلار دېدى. جاڭ تۈەنجاڭ يەنە: «بىزنىڭ ئېغىر زەمبىرەك لىيەنىمىز سىلەر بىلەن بىللە ماڭسا تەگرى

تېغىدىن ئۆتۈشتە قىيىنىلىپ قالدۇ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە يۈك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. مەن: «بۇ لېيەندۈينى مەن ئوبدان بىلىمەن. يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشىدا، ياڭ ماخې ئۇرۇشىدا بىزنىڭ يېڭى 4 - لۈيىمىز (17 - دىۋىزىيىسىنىڭ تەكتى ئىدى) نىڭ 771 - تۇەن (49 - تۇەننىڭ تەكتى ئىدى) بۇ 2 زەمبىرەكنى ئولجا ئالغان ئىدى. كېيىن ئېغىر زەمبىرەكچىلەر لېيەنى تەشكىللەندى. ئۇلار بىزگە ماسلىشىپ قارغايلىقتا جەڭ قىلغاندا كۈيشىڭلۇغا قارىتىپ ئۈچ دانە توپ ئاتقان ئىدى، بۇ توپلار توپ - توغرا كۈيشىڭلۇغا بېرىپ تەگدى. يوشۇنى ئالار چاغدا ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ تاغنىڭ چوققىسىغا قۇرۇۋالغان تۇەن قوماندانلىق ئورنىغا ۋە ئات تويىغا قارىتىپ ئېتىڭلار دېسەم. ئۇلار ئاتقان ئۈچ دانە توپ دېگەن يەرگە تېگىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئات بىلەن ئارىلىشىپ مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى، قىسىملىرىمىز بىرلا ئاتاكىدا ئۆتۈپ مابۇفاڭنىڭ 2 - ئاتلىق لۈيىنىڭ 3 - تۇەنىنى پۈتۈنلەي يوقاتتۇق، شاۋ جياڭ دەرىجىلىك مۇئاۋىن لۈيجاڭ چېن يىڭچۈەن، شاڭشياۋ دەرىجىلىك تۇەنجاڭ ۋاڭ تاۋنى ھەمدە 350 ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدۇق. 400 نەچچە ئۇرۇش ئېتىنى ئولجا ئالدۇق. لەنجۇ ئوپېراتسىيىسىدە 50 - تۇەن چىلىيەنشەن تېغىدىكى سەن يىڭزىغا ھۇجۇم قىلغاندا شىپۇ ئوپېراتسىيىسىدە قولدىن كەتكەن بىر ئېغىر زەمبىرەكنى قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى، قاراڭ، بۇ تەقدىرنىڭ كارامىتى بولماي نېمە؟ بۇ قېتىم سىلەرنىڭ بېرىشىڭلارنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. تىيانشان تېغىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تاغلار ئېگىز، يول تار، تاشلىق - ئورمانلىق كۆپ، ئۆلۈك بۇلۇڭ كۆپ، بۇ ھالدا زەمبىرەكلەر چوقۇم



ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئېغىر زەمبىرەك لېيەنى توپچىلار تۇەنىگە شەرەپ كەلتۈرىدۇ» دېدىم. جاڭ تۇەنجاڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «سىزنىڭ ئېغىر زەمبىرەك لېيەنىنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالغىنىڭىز ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىكەندە. ئەسلىدە سىلەرنىڭ باغلىنىشىڭلار شۇنچە چوڭقۇر ئىكەن ئەمەسمۇ، بوپتۇ، مەن ناھايىتى خاتىرجەم بولدۇم» دېدى. مەن يەنە بىر قېتىم خەيرى - خوش دېدىم. بىز ئاتقا مىندۇقتە ئىلگىرىلەپ كەتكەن قىسىملارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاتنى چاپتۇردۇق.

تاغنىڭ جىلغىسىنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭغىنىمىزدا تېرىلغۇ يەرلەر بارغانسېرى ئازىيىشقا، جىلغا بارغانسېرى تارىيىشقا باشلىدى. 10 نەچچە كىلومېتر ماڭغاندىن كېيىن قارغايلىققا ۋە ئوت - چۆپلەرگە پۈركەنگەن ياپ - يېشىل يايلاققا يېتىپ كەلدۇق. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن شامال چىقىپ ھاۋا سالقىنلاپ ئادەمگە ئارام بەخش ئېتەتتى. بىزگە يول باشلىغان قالار دېگەن كىشى: «بۇ جايلاردا توپىلاڭ بولمىغان بولسا، بۇ پەسىل تولىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتەتتى، تاغنىڭ ھەممە يېرىدە كالا، قويلار ئوتلايتتى، قاتار كەتكەن ئاق كىگىز ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ياش چارۋىچى قىز - يىگىتلەرنىڭ ناخشا ساداسى ياڭرايتتى، بۇ ناخشىلار ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى!» دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ تەسۋىرلىگەن گۈزەل مەنزىرىگە مەن راستىنلا مەپتۇن بولۇپ قالدىم. دەل مۇشۇ چاغدا ئالدىدا كېتىۋاتقان لېيەندۈينىڭ ئالغا! ئالغا! قوشۇنىمىز نەنسەنگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە دېگەن ناخشا ساداسى يېتىپ كەلدى.

## توپىلاڭچى باندىتلار باشلىقى ئورازباينى يوقىتىش

ئالدىمىزغا قارىساق، قىسىملار تاغقا چىقىشقا باشلاپتۇ، بۈگۈنكى قونالغۇ تۆگە بوينى تېغىنىڭ ئۈستى ئىدى. تۆگە بوينى دېگەن جاي نامغا لايىق جاي ئىكەن. راستىنلا تۆگە بوينىغا ئوخشاش يىراق كېتىدىغان تاغ قىرى نىشانىنىڭ پەس تەرىپىگە ئېسىلغاندەك كۆرۈنەتتى. 3 ـ تاغ قىرىدىن ئۆتكەندە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قارلىق تاغدىن بۇلۇت كۆتۈرۈلىۋاتاتتى، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن غەربىي شىمالغا قاراپ كېلىۋاتقان شامال بارغانسېرى بىزگە يېقىنلىشىۋاتاتتى، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن تاغنى بوران قاپلىدى، بىز تاغنىڭ يېرىمىغا چىقىشىمىزغا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىنلا مۆلدۈرگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن زەمبىرەكنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان خېچىر ۋە ئاتلار سەكرىشىپ، كىشنىشىپ كەتتى، كوماندىر ـ جەڭچىلەر توڭلاپ ۋە زەخمىلىنىپ قالمىسۇن دەپ كوماندىر ـ جەڭچىلەر كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بېشىنى ئوراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىسۇن دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشكە كانۋاينى ئەۋەتتىم (پانالانغىدەك جاي يوق ئىدى). تاغنىڭ چوققىسىغا چىققىنىمىزدا تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ مۆلدۈرلەر قارغا ئايلىنىپ كەتتى، ئېرە پەلتۇ كىيىۋالساقمۇ يەنىلا سوغۇق بىلىنەتتى، بوران توختىماي چىقىپ تۇرغاچقا مەزمۇت تۇرۇش تەس ئىدى. قىسىملار قونالغۇ ئۈچۈن چېدىرلىرى-نى قۇرۇشتا ئىنتايىن قىينالدى، كېيىن شەرق تەرەپتىكى تىك قىيانىڭ يېنىدا شامالنىڭ ئازراق چىقىدىغانلىقىنى سېزىپ شۇ يەرگە بىرىنچى چېدىرنى قۇردۇق، بۇ چاغدا قاراڭغۇ



چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. ئالاقىچى كېلىپ 5 ـ لىيەندىكى بىر جەڭچى توڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ دەپ دوكلات قىلدى. مەن سانىتار شياۋلياڭنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «سەن يول بويىدا كۈتۈپ تۇرغىن، بىمار كەلتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇنى چېدىرغا ئە-كىرىپ پەلتۇ يېپىپ قوي، ئازراق قايناقسۇ تېپىپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزگىن» دەپ ئېيتتىم.

قىسىملارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بورانمۇ توختاپ، بۇلۇتلار تارىدى، ھاۋامۇ ئېچىلدى. 3 ـ يىڭنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ سىلى ئارقا مۇھاپىزەتچى لىيەننى باشلاپ ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ، مېنى كۆرۈپلا: «يۈەن جىڭۋېي، بۈگۈن بىز 24 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش پەسىللىرىنى باشتىن كۆچۈردۇق، بوران، يامغۇر، مۆلدۈر-نىڭ دەردىنى تويغىچە تارتتۇق، راستىنلا قالتىس ئىش بولدى، ئەمەسمۇ!» دېدى. قارىسام ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلۈپتۇ، 2 مىلتىقنى كۆتۈرۈۋاپتۇ، يامغۇر سۈيى، قار سۈيى، تەر چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەن كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەچكە، كىيىملى-رىدىن سۇ ئېقىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ يوغان قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «يولداش جاڭ سىلى، بۈگۈن سىز يىغىۋېلىش دۈيىنىڭ دۈيجاڭلىقىنى قاملاشتۇرۇپسىز ئەمەسمۇ! ئېتىڭىزنى كېسەللەرنىڭ مىنىشىگە بەرگىنىڭىزنى ئاز دەپ جەڭچىلەرنىڭ مىلتىقىنىمۇ كۆتۈرۈۋاپسىز، قارىغاندا 9 قېتىم يارىدار بولغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، يەنە بىرقانچە قېتىملىق زىيان تارتىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك تۇرۇسىز!» دېدىم، ئۇ ئاسقاقلاپ ئاران كېتىۋاتقان ئىككى جەڭچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «يېڭى كەلگەن بۇ ئىككى يولداش، تاغ يوللىرىدا ئانچە مېڭىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، پۇتلىرى قاپىرىپ كېتىپتۇ»

دېدى. مەن: «سىزنىڭ قىلغىنىڭىز توغرا، ئەسكەرلەرنى ئاسراشتەك بۇخىل روھنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، شارائىت جاپالىق، قىيىن بولغانسېرى ئۇلارغا مۇشۇنداق كۆيۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ. تاغقا كىرگەن بىرىنچى كۈنىلا بۇخىل ھاۋا رايىغا دۇچ كەلدۇق. بۇ بىزگە بىر سىناق بولىدۇ، بىز ئورازباي بىلەنلا كۈرەش قىلىپ قالماي يەنە تەبىئەت بىلەن، قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ! بۈگۈن كەچ قونىدىغان ئۆي بولمايلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېدىر قۇرىدىغان تۈزرەك يەرنى تېپىشمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ!» دېدىم. ئۇ: «باشلىق، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭدىن زور قىيىنچىلىق بولسىمۇ بىز ئۇنى يېڭەلەيمىز» دېدى ـ دە، ئېغىر ـ ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئالدىغا قاراپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە يولداشلار تۆگە بويىنى تېغىنىڭ ئۈستىدە قوندى.

بىرقانچە كۈنلۈك جاپالىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سائەت 11 دە، بىز سەنداۋ ماچاڭنى ئىگەللىدۇق. 23 دۈشمەن ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدۇق، 45 مىلتىق، 80 ئات، 100 دىن ئارتۇق كالا، 250 تىن ئارتۇق قوي، 8 چېدىرنى ئولجىغا ئالدۇق. مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئەگىشىپ كەتكەن بوھارخان، خوش موللا، خارخان، ئايغان، باۋ سىلياڭ ساقى ۋە دۆڭسەنلىك ئۇ ئاي ھاجى قاتارلىق 10 نەچچە ئەبلە ئوسمان باندىتتىن ئايرىلىپ خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپكە ئۆتتى. باندىتلار باشلىقى ئورازباي 19 دەك باندىتنى ئەگەشتۈرۈپ تاش ئۆستەڭنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغقا قېچىپ كەتتى، ئۇلارنى قوغلاشقا كىچىك شۆبە ئەترەت ئەۋەتتۇق ھەمدە ماناس ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش گاۋچېڭ



رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قازاق خىزمەت ئۆمىكى ۋە قۇتۇبى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ۋاڭ ۋېنشۇەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خىزمەت ئەترىتى بىلەن ماسلىشىپ قازاق ئاممىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتۇق.

ئورازباي تىيانشان تېغى ئەتراپىدا قاتناش قولايسىز ئىكەنلىكى، ئارمىيىمىزنىڭ ھەرىكەتلىنىشتە قىيىنلىۋاتقانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ بىزنى ئاخماق قىلىشقا ئۇرۇندى، ئۇلار ئارمىيىمىزنى 10 ـ 5 كۈن قوغلاپ يېقىپ بولدى قىلىپ قايتىدۇ دەپ پەرەز قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ئارمىيىمىزنىڭ شەرقتىن قوغلاپ غەربتىن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنى قوغلاشنى بوشاشتۇرۇپ قويمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوسماننىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەملىشىشىنى تەلەپ قىلدى، ياردەم كەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا قارلىق تاغدىن ئۆتۈپ (تىڭگىر داۋىنىنىڭ ئېگىزلىكى 4500 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ) جەنۇبقا قېچىشقا بەل باغلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىز غەربىي سارداۋانغا كەلگىنىمىزدە بۇ يەرنىڭ 4000 مېتىردىن ئېگىز ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپتۇ، ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ ئىدى. ئۈستى مۇز تاغ، تۆۋىنى يېشىل قىيا بولۇپ، بۇ يەردە بىرەر تال ئوت ـ چۆپمۇ يوق، پۈتۈنلەي ئۇششاق شېغىل تاشلار بار ئىدى. يول مېڭىش قۇملۇقتىكىدىنمۇ تەس ئىدى، ئادەم سەل يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەندە پەسكە سېرىلىپ چۈشەتتى. بىرقانچە يۈز مېتىرلىق يانتۇ يولنى قىسىملار 2 سائەتتىن كۆپرەك ماڭدى، ئېغىر زەمبىرەك لىيەندىكى زەمبىرەكنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان خېچىر بىردىنلا شېغىلغا پېتىپ قالدى. 51 ـ تۇەندىكى

يولداشلار ئالدىدا مېڭىۋاتاتتى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر تەرەپتىن چوڭراق ياپىلاق تاشلارنى تىزىپ ماڭاتتى، زەمبىرەك لېيەندىكى يولداشلار زەمبىرەكنى چۇگۇپ ئۇن نەچچە ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭدى يېنىدا ماڭغانلار ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالغا تارتىپ ماڭدى، زەمبىرەكچىلىرىمىز بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ ئاخىرى غەربىي سارداۋانغا چىقتى. يول باشلاۋاتقان قازاق يۇرتداش باشمالتىقىنى چىقىرىپ: «بۇ يەرنىڭ يوللىرى بەكمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغاچقا، بىز قازاقلارمۇ بۇ يولدىن ناھايىتى ئاز ماڭىمىز، مېنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىممۇ تۇنجى قېتىم، سىلەرنىڭ زەمبىرەكلىرىڭلارمۇ بۇ يەرگە چىقتى. سىلەر راستىنلا باتۇر ئىكەنسىلەر!» دەپ ماختاپ كەتتى.

غەربىي سارداۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبەشتەي جىلغىسىغا كىردۇق. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بىر ئاز ياخشىراق ئىكەن، قار سىزىقىغا بەكمۇ يېقىن ئىكەن. ئېرىگەن قار سۇلىرى سۇپ - سۈزۈك تاغ سۈيى ھاسىل قىلىپ تۇرىدىكەن، 2 تەرىپىدە نېپىز مۇز قاتلىمى بولۇپ، ھېچقانداق ئوت - چۆپ يوق ئىكەن. لېكىن ھەممە يەرنى تاغ لەيلىسى قاپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سېرىق گۈلى، يېشىل يوپۇرمىقى كىشىنى بەكمۇ جەلپ قىلاتتى، بىز بىلەن باندىت يوقىتىشقا كەلگەن تەرجىمان مېك (شىبە مىللىتىدىن): «تاغ لەيلىسى ياخشى نەرسە، تۇتقاقلىق كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ. ئاياللار بالا تۇغقاندا قىزىتمىسى ئۆرلەپ بالا ھەمرىيى چۈشمىسە بىر تۈپ قار لەيلىسىنى قايناتىپ سۈيىنى ئىچكۈزسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ......»دېدى. ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەنلا ھەممىمىز بىرقانچىدىن قار لەيلىسى ئۈزۈۋالدۇق، مەن ئۈزگىلى بارغاندا قار لەيلىسى ئۆسۈپ چىققان تاش ئارىلىقىدا يەنە نېپىز مۇزلارنىڭ بارلىقىنى، لېكىن قار لەيلىسىنىڭ



قاتتىق سوغۇقتىن قورقماي، مۇشۇنداق 4000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىزلىكتىكى تاغدا بىرەرتال گىيا ئۈنمەيدىغان تاش ئارىلىرىدا تىك ئۆسۈپ، گۈل ئېچىلغانلىقىنى سەزدىم، ھەقىقەتەنمۇ ماختاشقا ئەرزىيتتى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزمۇ جاپادىن، خەۋپ - خەتەردىن، قان ئېقىشتىن، قۇربان بولۇشتىن قورقماي تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، 4000 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان ئېگىز تاغدا ئوچۇقچىلىقتا قونۇپ كۆرەش قىلغانلىقى، قار لەيلىسىگە ئوخشاپ قالماستىن، بەلكى قار لەيلىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ!

چېدىرغا قايتىپ كەلگەندە ئاشپەز بەنسىنىڭ بەنجاڭى لاۋلى كىرىپ: «بۈگۈن تاماق يېيىشىمىز تەس بولىدىغان بولدى، بۇ يەردە سۇ قىس ئەمەس ئىكەن لېكىن يېقىلغۇ قىلغۇدەك ھېچنىمە يوق ئىكەن، ئوچاققا نېمە قالارمىز؟» دەپ دوكلات قىلدى، مەن: «ئالدىرىماڭ، بۇ يەردە ئات - كالىلارنىڭ تېزىكى بەك كۆپ ئىكەنغۇ، بۇلار ياخشى يېقىلغۇ، بىز ئۇزۇن سەپەردە ئوتلاقتىن ئۆتۈشىمىزدە تېزەك قالغان ئىدۇق. ئۇ ياخشى كۆيىدۇ» دېدىم - دە، كانۋاي چىنباۋ بىلەن بىرگە بىر تاغارنى ئېلىپ، كالا تېزىكى تەرگىلى تۇردۇم. مەخپىي ئىشلار خادىمى يولداش جاۋجيۇ بىزنىڭ تېزەك تېرىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ: «يەن جىڭۋېي كالا تېزىكى تېرىۋاتىدۇ، كالىنىڭ قۇرۇپ قالغان تېزىكىنى يېقىلغۇ قىلغىلى بولىدىكەن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەلدى. بەزىلىرى كىيىملىرىگە يىغدى. يەنە بىرقانچەيلەن كىرلىككە قۇرۇق تېزەك يىغدى. باشقا لېيەندىكىلەرمۇ قوماندانلىق ئورگىنىدىكىلەرنىڭ كالا تېزىكى يىغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ ھەرىكەتلەندى. بىردەمدىلا ئوچاق ئالدىغا چارۋا

ماللارنىڭ قۇرۇپ قالغان تېزەكلىرى يىغىلىپ كەتتى، لى بەنجاڭ خۇشاللىق بىلەن: «كۆپچىلىك تېزەك يىغىپ بەردى. ئەمدى يېقىلغۇدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق» دېدى.

باندىتلار مەنتۇباي، دولۇن سارداۋىنىنىڭ خەتەرلىك جاي ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئارمىيىمىزنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ چېكىندۇرۇلدى. ئورازبايغا ماسلىشىش ئۈچۈن باندىتلار باشلىقى سىدىق ئوغلى خەمىتنى 100 نەچچە باندىتنى باشلاپ، ئوراز باينىڭ سەنمۇجاڭى ئابلا ھەسەننىڭ يول باشلىشى بىلەن تىڭگىر داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئارمىيىمىزنى توسۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بىز 4000 مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدىغان ئەبىشتەي داۋىنىدىن ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن ئاشقاندا جياۋلۇگۇ جىلغىسىغا باردۇق. بۇ جىلغا تىڭگىر داۋىنىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتىكى بىردىن - بىر ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول بولۇپ، ئابلا ھەسەن 70 نەچچە باندىتنى باشلاپ بۇ يەردە بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزنى توسىدى، بىرىنچى ئوق ئېتىلىشى بىلەنلا تاغ بېلىدىكى قورام تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ يوشۇرۇن ئوق چىقىرىپ تۇردى. ئۇلارنى سېزىۋېلىش ناھايىتى تەس ئىدى. مەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ ئالدىنقى مۇھاپىزەتچى لىيەنىگە «بىر تەرەپتىن ئىزدەش، بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەش، دۈشمەن سېزىلگەن ھامان قوغلاپ يوقىتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىم. كېيىن ئوق ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. مەن بىرقانچەيلەننى ئېلىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا باردىم. بۇ يەر ئېگىزگە جايلاشقان بولۇپ ئۇرۇش مەيدانىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. دۈشمەننىڭ ئازراق ئەسكەرلىرى



تاغ بېلىدە تۇرۇپ يوشۇرۇن ئوق چىقىرىپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم ئادەم ۋە ئاتلىرى جىلغىدىكى 2 چوڭ تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى، ئۇلار ئوغرىلىقچە ئوق چىقىرىپ قوياتتى. سىياسىي كومىسسار ۋۇتيې بىرقانچە لىيەننىڭ باشلىقلىرىغا: «بىر لىيەن ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىڭلار، يەنە بىر لىيەن غەرب تەرەپتىكى تاغ قىرىدىن دۈشمەننىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ قىسىپ ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، يەنە بىر لىيەن شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىڭلار...» دەپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يولداش ۋۇتيې مەندىن: «مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «سىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلارغا قوشۇلىمەن، چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، بۇ باندىتلارنى تېزرەك يوقىتىش كېرەك. توپچىلار لىيەنى يۇقىرىغا چىقىپ ياردەم بەرسۇن. 51 - تۈەندىن بىر لىيەن شەرق تەرەپتىن سىلەرگە ماسلاشسۇن» دېدىم. بۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىكى قىسىملارمۇ ئالدى تەرەپكە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى.

قىسىملىرىمىز يېپىلىپلا دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى، تاغ بېلىگە يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەر قىسىملىرىمىزنىڭ تاغقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغرىلىقچە چېكىنىشكە باشلىدى. تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەنلەر نەچچە ئېغىز ئۆيدەك كېلىدىغان 2 چوڭ تاشتىن پايدىلىنىپ يەنىلا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن ئېغىر زەمبىرەك لىيەنىنىڭ باشلىقىغا: «دۈشمەنلەر چوڭ تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ چىقمايۋاتىدۇ، مىلتىق ئىشلىتىشكە بولمايدىكەن، گىرانات ئاتسا يەتمەيدىكەن. ئەمدى ئۆزەڭلەرنى بىر كۆرسىتىپ

قويمىساڭلار بولمايدىغان بولدى» دېدىم. ليەنجاڭ خۇشاللىق بىلەن: «كۆيدۈرگۈچ بومبا ۋە تالاپەت يەتكۈزىدىغان بومبىدىن بىردىن ئېتىپ دەل جايىغا تەككۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى. مەن: «ياخشى» دېدىم.

تۇنجى تالاپەت يەتكۈزگۈچى بومبا ئېتىلىپ گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئوق دۈشمەنلەر توپىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. دۈشمەنلەرنىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرى 4 تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قىسىملىرىمىز يېنىك ئېغىر پىلىموت ۋە مىلتىقلار بىلەن ئوق ياغدۇرۇۋىدى، ئۇلار ئارقىسىغا قايتتى، بۇ چاغدا 2 - پاي كۆيدۈرگۈچ بومبا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئادەم ۋە ئاتلارغا ئوت تۇتۇشۇپ ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى قىسىملىرىمىز تەڭلا دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى، دۈشمەنلەرنىڭ بەزىلىرى جۇۋا ۋە تېرە ئىشتانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، بەزىلىرى ئۆتۈكلىرىنى سېلىۋېتىپ جان تىكىپ تاغقا قاراپ قېچىپ ھەرقايسىسى ئۆز جېنىنى ياقىغا ئېلىشقا ئۇرۇندى. مەن قىسىمغا قوغلاپ زەربە بېرىش شۆبە ئەترىتىدىن 3 نى تەشكىللەشكە بۇيرۇدۇم ھەمدە ئالاھىدە مەرگەنلەرگە قېچىۋاتقان دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدىم. 3 سائەتكە بارمايلا كۈرەش ئاياقلاشتى. جاھىل دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، باندىتلارنىڭ باشلىقى سىدىقنىڭ قول ئاستىدىكى «قەھرىمانى» ئورازباينىڭ سەنمۇجاڭى ئابلا ھەسەن تىرىك قولغا چۈشتى.

ئۇنى يولداش توختى بىزنىڭ قوماندانلىق ئورنىمىزغا يالاپ ئېلىپ كەلگەندە ئۇ تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ بېقىپ، دادىللىق بىلەن: «سىلەرنىڭ توپ ئوقۇڭلار ھەقىقەتەن قالتىس



ئىكەن. خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىزنى ھېچيەرگە قاچۇرمىدى» دېدى ۋە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى.

چياۋلۇڭ جىلغىسىدىكى ئۇرۇش تىڭگىر داۋىنىنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، باندىتلار يەنىلا نىيىتىدىن يانمىدى، باندىتلارنىڭ باشلىقى خەمىت دادىسى سىدىققا: «ئازادلىق ئارمىيە كەلدى، ئادەم ۋە قورال - ياراقلارنى تەشكىللەپ قارشىلىق قىلىڭلار!» دەپ خەت يازغان. ئۇلار 100 دەك ئادەم يىغىپ تىڭگىر داۋىنىدا مۇداپىئەلىنىپ تۇردى (بۇ داۋان 4500 مېتر كېلىدۇ) ۋە قىيالىقلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۈزلۈكسىز تۆردە بىزگە ئوق ئېتىپ تۇردى. 51 - تۇەنىمىزنىڭ 5 - ليەنىدىكى جەڭچىلەر روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، ئۇلار تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئەترىتىگە قاتنىشىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلىپ، تىڭگىر داۋىنىغا بىرىنچى بولۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشتى. جەڭچىلەر تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قاپقارا تۇمانغا قارىماي مېڭىش تەس بولغان ئەگرى - بۈگرى يوللاردىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى، يەر تۈزۈلۈشىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ھۇجۇمنى باشلىدى. جەڭچىلەر تاغ ئۈستىدە ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن نەپەسلىنىشتە قىينىلىپ قېلىشىغا قارىماي باتۇرلارچە ئىلگىرىلىدى. ئۇشتۇمتۇت جەنۇب تەرەپتىن شىددەتلىك ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ 40 - تۇەننىڭ شەرق تەرەپتىكى ئوتكەن داۋىنىدىن ئايلىنىپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان ئاتلىق ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ ئوق ئاۋازى ئىدى. دۈشمەنلەر بىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن قىسىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئوق كۈچىنىڭ شىددەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شىشىخالا جىلغىسىغا قاچتى.

40 ـ ۋە 51 ـ تۈەندىن ئىبارەت ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان قېرىنداش قىسىملار تيانشان تېغىنىڭ چوققىسىدىكى تىڭگىر داۋىنىدا ئۇچراشتى. يولداشلار قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە قۇچاقلاشتى، «ياشىسۇن غەلىبە!»، «ياشىسۇن غەلىبە!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشتى، قىزىل بايراق تىڭگىر داۋىنىغا قادىلىپ شامالدا لەپىلدەپ ئاسماندا جەۋلان قىلىپ، بەكمۇ چىرايلىق ۋە ھەيۋەت كۆرۈنەتتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە 51 ـ تۈەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنگە ماسلىشىپ كىچىك خالات جىلغىسىنى ئىشغال قىلىپ باندىتلارغا شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بەردى. قاش قارايغان چاغدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ئالدى بىلەن چوڭ خالات داۋىنىدىن ئۆتۈپ باندىتلار مەجبۇرلاپ ئېلىپ كەتكەن 850 تىن كۆپرەك كىگىز ئۆيلۈكنى ئازاد قىلدى، ئورازباينىڭ 3 خوتۇنى ۋە قىزى ئەسىرگە چۈشتى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تيانشان تېغىنىڭ ئىچكىرى قىسمى سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ، كېچىسى قېلىن قار ياغدى، بىرمۇنچە چېدىرنى قار بېسىۋالدى. 40 ـ تۈەن بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ بىرقانچە ئون ئېتى توڭلاپ ئۆلۈپ ئالدى، بىز ئىككى ئايدىن بۇيان داۋاملىق دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدۇق، تاغ يوللىرىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى مەجبۇرى كېتىۋاتقان ئاممىنىڭ بىرقانچە ئون مىڭ چارۋىسى يەپ تۈگەتكەن ئىدى. بىزنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىمىزغا ئازراقلا يەم ـ خەشەك بېرىلەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن جان ساقلايتتى. شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار قېلىن چۈشكەندىن كېيىن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تەس بولۇپ قالدى.



ئەتىسىگەندە 40 ـ تۈەندىكى قىسىملار بىز تۇرغان جايدىن ئۆتۈۋاتقاندا تۈەنجاڭ يۈسۈپوپ ئالاھىدە كېلىپ: «بىزنىڭ ھەربىي ئاشلىق ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر بەن ئەسكەر ۋە ئاشلىق ئارتىلغان بىرقانچە ئۇلاقلىرىمىز مۆكۈنۈپ تۇرغان دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، دۈشمەنلەر 11 ئادىمىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، قورسىقىنى يېرىپ، كۆزىنى ئويۇۋاپتۇ، ئۇلار بەكلا رەھىمسىزلىك قىلدى. ئوزۇقلۇق ئاشلىقىمىز چاتاق بولدى. قاراڭ، جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلگەن ئاتلارنىڭ گۆشى بىلەن غىزا قىلىۋاتىدۇ» دەپ دوكلات قىلدى. مەن: «ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەيدىغان نەرسىدىن قىسىلىۋاتىمىز. ئاممىنىڭ كالا ـ قويلىرى ئۇلارنىڭ جان تومۇرى، ئۇنى ئېلىشقا بولمايدۇ، بىز ئىلاجىسىز تاغ ئۆچكىسى ئېتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق، تۈنۈگۈن يول باشلىغۇچى قالار دېگەن قازاق كىشى 90 جىڭدىن كۆپرەك كېلىدىغان ئارقاردىن بىرنى ئېتىپ ئەكىلىپ بەردى، تەمى مەززىلىك ئىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جەڭچىلەرنى جەزمەن ئاسرىشىمىز، ئاممىۋى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشىمىز لازىم......» دېدىم. يۈسۈپوپ: «بىرمۇنچە يولداشلىرىمىزنىڭ ئايىغى تېشىلىپ قالغان ئىدى. ئازراق كالا تېرىسى، ئات تېرىسى تېپىپ كېلىپ چورۇق قىلىپ كىيىۋالدى بۇ نەرسە يېنىك بولغاچقا تاغقا چىقىشقا ئەپلىك ئىكەن» دېدى. مەن: «ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن 51 ـ تۈەن جياۋلۇڭگۇ جىلغىسىدا جەڭ قىلىۋاتقاندا بىرمۇنچە كىشىلەر يالاڭاياق يۈرۈپ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن تەرجىمان مىڭ بىزگە ئات ـ كالا تېرىسىدىن چورۇق قىلىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ھەممە كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە چورۇق ياساشنى ئۆگىتىپ قويدى. بىرمۇنچەيلەن

ئۇنى كىيىپ كۆرگەندىن كېيىن راستلا راھەت ئىكەن دېيىشتى» دېدىم. ئاخىردا يەنە: «سىلەرنىڭ تۈەنىڭلار بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى، ھەرىكەتتە تېز، تەشەببۇسكار بولدۇڭلار، قىسىم جاپاغا چىداپ مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى، بۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل يەنىمۇ جاپالىق بولۇشى مۇمكىن، بىز قىيىنچىلىقنى ئۈزلۈكسىز يېڭىشىمىز لازىم» دېدىم. يولداش يۈسۈپ: «خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم ياخشى ئىشلەيمىز!» دەپ گېپىنى تۈگىتىپلا 40 - تۈەنىنىڭ ئارقا مۇداپىئەلىيەنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى. بىزمۇ تىڭگىر داۋىنىدىن قايتا ئۆتتۇق.

ئارمىيىمىز 2 ئايغا يېقىن قوغلاپ يوقىتىش ئارقىلىق، ئەنسەندىكى باندىتلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاپ بولدى. مەجبۇرىيەت ئاستىدا باندىتلارغا ئەگەشكەن قازاق قېرىنداشلاردىن 1100 كىگىز ئۆيي پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى، 60 مىڭغا يېقىن كالا - قوي قايتۇرۇپ كېلىندى، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، ماناس، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى قايتىپ كەلگەن قازاق قېرىنداشلارغا قايتىدىن چارۋىچىلىق مەيدانى ئايرىپ بەردى، قىشلاقلىرىنى تەڭشەپ بەردى. ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

ئوراز باي ئاخىردا تىرىك قولغا چۈشتى، ئۇ 1951 - يىلى ئوسمان بىلەن بىللە ئوچۇق سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

(ياڭ جىڭيۇ خاتىرىلىگەن)



# دۇجۇگيۇەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

لى مىڭجاڭ

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا مەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىدا ئىشلەيتتىم. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئارىلىشىش دائىرەم كەڭ ئىدى. دۇجۇگيۇەننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىدىن بىر ئاز خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

دۇجۇگيۇەن ئەپەندى تىيانشان تېغىدىن 3 قېتىم ئۆتكەن بولۇپ، دەسلەپتە شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بويىچە كېلىپ شەخسىي زىيارەتتە بولغان، بۇنىڭدا ھېچقانداق سىياسىي مەقسەت يوق ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىلىملىك دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىغان ئىدى. ئۇ يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن دۇجۇگيۇەننى ئۆزىگە تارتتى. دۇجۇگيۇەن ئاخىرقى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە بالا - چاقىلىرىنى بىللە ئېلىپ

كەلدى. ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقچى ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شېڭ شىسەي «دۇجۇڭيۈەن شەنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىگە قوشۇمچە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى» دېگەن بۇيرۇقنى جاكالىدى. كىشىلەر بۇ توغرىلىق ئاستىرتتىن غۇلغۇلا قىلىشىپ، شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەننى ئېزىزلەپ ئاتالمىش «ئون چوڭ دوكتور» دىن ئارتۇق كۆرۈپ كەتتى، راس تېپىلمايدىغان ئۆلىما ئوخشايدۇ، دېيىشتى. كىمنىڭمۇ ئويىغا كەلسۇن، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. تەخمىنەن 1942 - يىلى 10 - ئايلاردا، شېڭ شىسەي تۇيۇقسىزلا دۇجۇڭيۈەننى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىكتىن قالدۇرغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە شىنجاڭ شۆيۈەنگىمۇ باشقا ئادەمنى يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى روھىي، جىسمانىي جەھەتتە بوغۇلۇشقا ئۇچراپ بارا - بارا ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئىشقا كىشىلەر: دۇ ئەپەندىنىڭ تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولماي تۇرۇپ تۇيۇقسىز بۇ خىل بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشى زادى نېمە سەۋەب؟ دەپ ھەيرانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشتى. كېيىن ئاڭلىشىمچە بۇ ئەھۋالنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىدىغان بىرەيلەن: دۇجۇڭيۈەن بىلەن شېڭ شىسەي ئاساسلىقى سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى، دېگەن گەپنى قىلغان ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەممەيلەنگە ئايان بولۇۋاتقان ئىش شۇكى، شېڭ شىسەي چايانىجەز، رەھىمسىز، گۇمانخور، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان، ئادەم سىغ-



دۇرمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى بولسا كۆڭلى تۈز، ئادىل، ئىز پۈكمەس ئادەم ئىدى. كۆپ قېتىم زور سىياسىي مەسىلىلەردە شېڭ شىسەي بىلەن پىكرى بىر يەردىن چىقماي كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلاشقان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ يىغىنلىرىغا دۇجۇڭيۈەن دائىم ئاغرىق باھانىسى بىلەن قاتناشمايتتى. بۇ شېڭ شىسەيدە گۇمان پەيدا قىلدى. شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەننى ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلاندى ۋە دۇجۇڭيۈەننىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەت - چەكلىرىنى ئامانلىق ساقلاش ئورۇنلىرىغا تەكشۈرتۈپ، دۇجۇڭيۈەننى چۇڭچىلىك بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدى. ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن پايدىسىز بولۇپ قېلىشىدىن ھەمدە ئۆزىگە ئوڭۇشسىزلىق كەلتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئوجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن. بىراق شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەننىڭ جەمئىيەتتىكى مەشھۇر زات ئىكەنلىكىنى، مەملىكەت ئىچىدە ۋە شىنجاڭدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۆزى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەخپىي تەشكىلاتى بولغان «بەشيۈلتۈز ئۇيۇشمىسى»غا يول كۆرسىتىپ، «بەشيۈلتۈز ئۇيۇشمىسى» دىكى شېرىكلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. ئۇلار، دۇجۇڭيۈەن «بەشيۈلتۈز ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ زور سىياسىي ئىشلارغا كۆپ ئارىلاشقان، يەنە كېلىپ ھازىر ئۇنىڭدا گۇمان بار، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئىزىنى تۈۋاقلاش كېرەك دېگەن قارارغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالدى بىلەن خىزمىتىدىن ئېلىپ

تاشلىدى، ئارقىدىن نەزەربەنت قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. سىرتتىكى جامائەتچىلىكتىن ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ ئۇنى ئاغرىپ ئۆلدى، دەپ ئاشكارا جاكالىدى. شېڭ شىسەينىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە، دۇجۇڭيۈەن ئەپەندىگە ئاخىرى زەھەرلىك قول تەگدى.

1943 - يىلى 3 - ئاينىڭ بىر كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى تۈن كېچە سائەت 12 ئەتراپىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر پويىزدا توساتتىن دۇبەن مەھكىمىسى خىزمەت بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ، شېڭ شىسەي ئولتۇرغان ھويلىنىڭ سىرتىدا توختىدى. ماشىنىدىن ئىككى ئادەم چۈشتى، بىرى، شېڭ شىسەينىڭ ئىشەنچىلىك مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولۇپ، يەنە بىرى ئۈستىگە يالاڭ ھەربىي كىيىم كىيگەن، بويى ئېگىز، سېمىز كەلگەن ھەربىي مەكتەپنىڭ ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بىر ساندۇق بار ئىدى. ئۇلار مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى باشلىقىنىڭ كەينىدىن ناھايىتى ئىتتىك مېڭىپ مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەيمۇ يېتىپ كەلدى. مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىدىكى ئۇزۇنچاق جوزا ئۈستىدە چوڭ 4 دانە ئەينەك پەتنۇس بولۇپ، ئىككى پەتنۇسقا ماناس ئالمىسى، يەنە ئىككى پەتنۇسقا ئىلىدىن چىقىدىغان لىمون ئالمىسى تىزىلغان ئىدى، ئۇلاردىن باشقا يەنە 4 دانە ئەينەك تەخسە بولۇپ، بۇلاردا بامبۇك سانچىمىسى، چاي پىيالە، كۈلدان قاتارلىقلار قويۇلغان ئىدى. شېڭ شىسەي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى سىرتقا چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ شەخسەن نازارەت قىلىپ ئۆگىتىشى ئارقىسىدا ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دەرھال ئىشقا كىرى-



شىپ ئاغزىغا ماسكا تارتىپ، قولىغا پەلەي كىيىپ، كىچىك ساندۇق ئىچىدىن ئوكۇل سېلىش سايمانلىرىنى چىقاردى، كىچىك قەغەز قاپتىن بىر دانە «يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاستا تەسىر كۆرسىتىدىغان زەھەرلىك ئوكۇل» نى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى سۇيۇقلۇقنى شپرىتسقا تارتىپ، شپرىتستىكى سۇيۇقلۇقنى بىر دانە چوڭ ھەم چىرايلىق پىشقان لىمون ئالمىسىغا ئۇردى. ئاندىن ئالمىنى پاكىز سۈرتۈپ پوستىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. شېڭ شىسەي بۇ ئالمىغا مەخپىي بەلگە سېلىپ ئەينەك پەتنۇسقا سېلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى، چۈش ۋاقتى سائەت 2 ئەتراپىدا، ئىككى نەپەر قوراللىق مۇھاپىزەتچى دۇجۇڭيۈەننى نەزەربەنت قىلىنغان جايدىن شېڭ شىسەينىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن شېڭ شىسەي دۇجۇڭيۈەندىن ئانچە - مۇنچە ھال - ئەھۋال سورىدى، شېڭ شىسەي كۆرۈنۈشتە ناھايىتى بىخارامان ئىدى. ئۇ: بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى ئىكەن، كۆڭلۈم ناھايىتى خۇش، سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ ئالاھىدە چاقىرتقان ئىدىم. مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تەككۈزۈڭ، دېدى. گەپ نەزەربەنت قىلىنغان ئەھۋالغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي ساختىپەزلىك بىلەن: بۇرادەر، كۆپ ئازار يېدىڭىز، چۇڭچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت ئالاقىلىرىڭىزدا ھېچقانداق مەسىلە يوق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رەسمىيەتلىرىڭىز تەييار بولسا پۈتۈن ئائىلىڭىزنى چۇڭچىڭگە ئۇزىتىپ قويىمىز، دېدى. ئارقىدىنلا يەنە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: ئالمىغا ئېغىز تېگىڭ، دەپ ئۆز قولى بىلەن تەخسىدىن بىر دانە چوڭ

چىرايلىق ئالمىنى ئېلىپ قەلەمتۇراچ بىلەن سويۇپ 4 پارچە قىلىپ تىلىپ تەخسىگە قويۇپ، ئۈستىگە بامبۇك ياغىچىنى سانچىپ، دۇجۇڭيۈەنگە ئىككى قوللاپ تۇتتى، دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئالمىدىن ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئىككى بۆلەك يېدى. شېڭ شىسەي گەپ قىلغاچ قەلەمتۇراچنى ئېلىپ تام تۈۋىدىكى جاۋۇردا قولىنى يۇدى ۋە تەخسىدىن يەنە بىر لىمون ئالمىنى ئېلىپ ئاخلاپ پارچىلاپ تەخسىگە قويۇپ، بامبۇك ياغىچىغا سانچىپ يېدى. ئۆز ئارا بىرەر سائەت پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم. سىزنى تاماققا تۇتۇپ قالالمىدىم. ئەپۇ قىلىڭ دېدى. دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى خوشلاشقاندىن كېيىن يەنىلا نەزەربەنت ئورنىغا قايتىپ كەتتى. تەخمىنەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى كېچىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى، بېشى قېيىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ بەدەن ئەزايى بوشاپ كەتتى، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى، ئارقىدىن توختىماي ياندۇرۇپ ئىچى سۈردى. شېڭ شىسەي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يالغاندىن كۆيۈنگەن بولۇپ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمىنى مەخسۇس بىر دوختۇرنى ئېلىپ كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بىراق قايتا - قايتا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ھوشىدىن كېتىپ، ئۇزۇنغا قالماي ناھەق ئۆلۈپ كەتتى.

1984 - يىلى 8 - ئايدا ئاقسۇدا يېزىلدى.



# يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن ھايات

## ھەقىقەتكە قايتقان گېنېرال جاڭ فېڭيى ھەققىدە ئەسلىمە

**چېن شىمىڭ**

گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يولداش جاڭ فېڭيى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولۇپ كەتتى، ھازىر بۇنىڭغا 15 يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھاياتى يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن ھايات، سەمىمىيلىك بىلەن پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغان ھايات.

گېنېرال جاڭ فېڭيى سابىق گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىنجاڭدىكى تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى. ھەقىقەتكە قايتىشقا تەييارلىق قىلىشتىن تا ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ، باشتىن - ئاخىر تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى تەرەپتە تۇرۇپ، تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەرگە پائال ياردەملىشىپ كۆپلىگەن ئالاقىلىشىش، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. لۇ، ما، يې قاتارلىق كىشىلەرگە شەخسى ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن كۆپ قېتىم سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۆت مىليون خەلقنى نەزەردە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيگەن، كوممۇنىستنىڭ

پرىنسىپىنى ھىمايە قىلغان ئىزچىل ئىپادىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتى بەردى. ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايون مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خۇگيەنچى سۇ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ مۇشۇنداق مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

مەن كەسپىي جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گېنېرال جاڭ فېڭيى بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

1946 - يىلى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمالنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندا تەختىكە چىقىپلا لەنجۇ تىنچلىق گېزىتىنى چىقىرىشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە بۇ گېزىتنى تىنچلىقنى مۇراجىئەت قىلىدىغان، ئەمچىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، دېموكراتىك قۇرۇلۇشقا جامائەت پىكرى توپلايدىغان ئىستىھكامغا ئايلاندۇرماقچى بولدۇق. جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋاڭ سىچېڭنى گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. پىشقەدەم گېزىتچى، جاڭ جىجۇڭ گۇاڭشىدىكى ۋاقتىدا مۇناسىۋەتتە بولغان «گۇيلىن كۈچ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ئوۋياڭ مىينانى گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئوۋياڭ مەن كۈچ گېزىتىدە ئىشلىگەن



ۋاقتىمدىكى كونا ئىشدىشىم ئىدى. ئۇمېنىڭ لەنجۇ تىنچلىق گېزىتىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن مۇخبىرى سۈپىتىدە شىنجاڭغا بېرىپ لەنجۇ تىنچلىق گېزىتى ئۈچۈن ۋەزىيەت يارىتىپ ئوخشىمىغان نۇقتىدىن جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى فاڭجېننىڭ پايدا - زىيىنىنى سىستېمىلىق خەۋەر قىلىشىمنى ئۈمىد قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. 1947 - يىلى 4 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ۋە مەسئۇت سەبرى، ۋاڭ زېڭشەن، رەھىمجان، ليۇمىڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇزېرۇڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈردى. شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ھەممە ئەزالارنىڭ تۇنجى قېتىم كوللېكتىپ ھالدا سىرتنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە چىققاندەك بۇ چوڭ ئىش توغرىسىدا ئەھۋال ئۇقۇشقا بارغىنىمدا، شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەرتىپكە سېلىپ قايتا تەشكىللەنگەن 9 - ئاتلىق بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى، قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى جاڭ فېڭيى بىلەن كۆرۈپ ئۇچرىشىپ تۇردۇم. جاڭ فېڭيى ئۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان ئىدى. ئۇنىدىن باشقا مەن يەنە ئۇنىڭ بۇرھان شەھىدى بىلەن بولغان شەخسىي ئاغىنىدارچىلىقىنىڭ ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، شېڭ شىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن دوستلار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇلار قەشقەردە كۆرۈشتى. مەن ئەسلىدە ئۇ ئارقىلىق بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ كۆزدىن كۆچۈرۈشكە چىقىش ئىشىنىڭ بىر قىسىم ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئاز - تولا ئۇقۇپ باقماقچى بولغان ئىدىم.

ئەپسۇسكى، جاڭ فېڭيى كونا ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى سىياسەتۋازلاردىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىيلەرنىڭ ۋەزىپىسى زېمىننى قوغداش، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، مەن جاڭ ۋېيبەي ئەپەندىنىڭ ھەربىيلەر ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك دېگەن قاڭچېنىنى ھىمايە قىلىمەن دەپ سىلىقىنە ماڭا ئېيتتى.

جاڭ جىڭجۇڭ قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە مەن لەنجۇ تىنچلىق گېزىتىگە ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېلېگرامما ئەۋەتىپ جاڭ جىڭجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدىم. مەملىكەت بويىچە پەقەت تىنچلىق گېزىتىلا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدى. كېيىن جۇڭياڭشې ئاگېنتلىقى مەن تىنچلىق گېزىتىگە ئەۋەتكەن مەخسۇس تېلېگراممىنى ئومۇملاشتۇرۇلغان خەۋەرلەر قاتارىدا ئېلان قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن ۋاڭ سىچىڭ، ئوۋ ياڭمىڭلار گېزىتخانىدىن ئايرىلدى، يې جۇنزۇ گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولدى. مەنمۇ تىنچلىق گېزىتىدىن ئايرىلدىم.

گېنېرال جاڭ فېڭيى مۇلايىم، چىقىشقاق، كەم سۆز ئادەم ئىدى، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆتتۇرىمىزدىكى بېرىش-كېلىشلەر قويۇقلاشقاندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ فېڭيىنىڭ كاللىسى سەگەك، ئىشنى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزدىم. مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن ئىدى، بىر قېتىم سۆزلىشىۋاتقىنىمىزدا ئۇ ئۆزىنىڭ قۇمۇلنىڭ جىڭشىدا بارىكۆل گارنىزون قوماندانى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى كىچىك سودا بازىرىنى كۆرگىلى كۆپ قېتىم بارغانلىقىنى، جىنشۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى زورلۇق-زوم-



بولۇق قىلغانلىقىدىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىسيان كۆتەرگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا كۆپرەك كۆرۈپ ئويلىنىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە: بىزنىڭ ۋەزىپىمىز زېمىننى، چېگرىنى قوغداش، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن ئىدى.

ئۆتكەندە بىرسى مېنىڭدىن، بىر ئەسلىمىدە جاڭ فېڭيى قەشقەردە خۇاڭ جىڭۋۇنى يۆلەپ ئۆستۈرۈپ شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە سايلام ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان دەپ يېزىپتۇ. ئىش زادى قانداق بولغان ئىدى؟ دەپ سوراپ كەپتۇ، مەن بۇنداق دېسە جاڭ فېڭيىغا ئۇۋال بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردىم.

شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال پۈتۈن شىنجاڭدىكى يەتتە رايوندا ۋالىي، ھاكىم سايلىمى ئېلىپ باردى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى خۇاڭ جىڭۋۇ، ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى ×× ھاجى. ئۇ، يەرلىك كونسېرۋاتىپلار گۇرۇھىغا مەنسۇپ ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى يەرلىكتىكى كونسېرۋاتىپ كۈچلەرنى قوللاپ ھەم ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىنقىلابىي ئىلغار كۈچلەرگە زەربە بېرەتتى، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى ئىش ئەمەس ئىدى. ھەممە نەرسە ئۆز خىلى بىلەن بولىدۇ-دە! شۇڭلاشقا مانا بۇ خۇاڭ جىڭۋۇ ھاجىنى شۇ چاغدىكى 42-جۈننىڭ باشلىقى يۈننەنلىك مۇسۇلمان ياڭ دېلياڭ ياقتۇرۇپ قالغان. ئومۇمىي سايلامدا خۇاڭ جىڭۋۇ ھاجى ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەي ھەممىنى بىرلا دوغا تىكىۋەتمەكچى بولدى، بۇ ئىشنى ياڭ دېلياڭ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىۋېلىپ ئىچىدە ساقلىدى. كېيىن شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قەشقەرگە سايلامغا نارازىچىلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتكەندە بۇ

توغرىدىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ، شۇ چاغدىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى ئىزدەپ بارغاندا ياڭ دېلياڭ ئاقسۇدىكى ھەربىي شتابقا كېتىپ قالغان ئىكەن (ھەربىي شتاب تېخى قەشقەرگە كۆچمىگەن بولۇپ كونىشەھەردە بىر قوماندانلىق شتابىلا بار ئىدى)، سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر جاڭ فېڭيىنى تاپقان. شۇنىڭ بىلەن جاڭ فېڭيى ياڭ دېلياڭنىڭ كاپالىتىگە كەتكەن. شۇ چاغدا بىز بەزىلەرنىڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئالدىدا جاڭ فېڭيىنى چېقىشتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق.

جاۋ شىڭگۇاڭ 1946 - يىلى قىشتا مۇئاۋىن باش قوماندان قوشۇمچە 42 - جۈننىڭ جۈنجاڭى سۈپىتىدە ياڭ دېلياڭنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنى شەخسەن ئۆزى سورىدى. جاۋ شىڭگۇاڭ جاڭ فېڭيىنى ئەتىۋارلايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرى جاڭ فېڭيىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان بولۇپ تۈەنجاڭ، گارنىزون قوماندانى، شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى، قىسمىدىكى ئوفىتسېرلار ۋە جەڭچىلەر ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيتتى. يەنە بىرى، جاڭ فېڭيى ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىپ، ھەربىي شتاب بىلەن لۈي شتابىنىڭ ھەربىي مۇداپىئەدىن كۆچۈش مەسىلىسىدە بۇيرۇققا قەتئىي بويسۇنىدىغان ئىدى. جاۋ شىڭگۇاڭ جاڭ فېڭيىنىڭ ئىشتا كەسكىن بولۇشتەك ئىستىلىنى ناھايىتى ياقتۇراتتى، يەنە ھاجىتى چۈشسە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ جاڭ فېڭيىنىڭ گومىنداڭ گۇرۇھى ئىچىدىكى ئۆز يېقىنلىرىدىن باشقىلارنى يېكىلەيدىغانلىق ئەھۋالىغا قاتتىق سەسكىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.



ئۇ قايتا - قايتا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى قېپقېلىشقا نەسىھەت قىلىشمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، بۇ ئەھۋالدا جاڭ جىجۇڭ، جاڭ فېڭيىنى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجياڭ ئۇنۋانلىق مەسلىھەتچىسى دەپ ئېلان قىلدى. جاڭ فېڭيىنىڭ ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشى ئۇنىڭ سىياسىي قاينامغا كىرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. كېيىن تاۋشىيۈ ئۇنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلغاندا ئۇ تەمىنلەش 1 - شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇشنى تاللىدى.

1948 - يىلى يازدا مەن باش شتابقا يۆتكەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە پات - پات مېھمانغا بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم.

ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن مەن ئۇنى تەبرىكلەپ بارغان ئىدىم. ئۇ چاغدا تىيانشاننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. لېكىن بىز گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تاۋشىيۈ بىلەن ئالاقە قىلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇنىڭ بىلەن بىز ئازاراق تاڭ نۇرى كۆرگەندەك بولدۇق. لېكىن ئىستىقبال روشەن بولمىغاچقا بىئارام بولدۇق، بۇ ھەقتە مەن ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى سوراپ باققان ئىدىم. ئۇ ئىنتايىن قەتئىي ھالدا: سىلەر يوقىلاڭ خىياللاردا بولماڭلار، كوچا خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەڭلار، تاۋ ئەپەندى سىلەرنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىڭلار دەپ تاپىلىدى.

«بىر قانچە كۈن ئاۋۋال لەنجۇ جۇڭياڭشېنىڭ شۆبە ئاگېنتلىقىنىڭ باشلىقى، لەنجۇ مىڭگو گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ چېگرىدىن قېچىپ تازا رەس-

ۋاسى چىقىپتۇ، سىلەر ھەرگىز يېنىكلىك قىلماڭلار» دېدى. ئۆزى توغرىلىق بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى. گېنېرال جاڭ فېڭيىنىڭ قەدىرلىك مېھرى شۇكى، ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىپ يۈرمەيتتى، ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى توغرىلىق ئويلاپ باقمايتتى.

گېنېرال جاڭ فېڭيى 1905 ـ يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇاڭخې ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ئاپەت كۆپ بولىدىغان شەرقىي شىمالدا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. 1931 ـ يىلى ياپون مىلىتارىزمى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنى قوزغاپ، 18 ـ سېنتەبىر كۈنى لياۋنىڭنى بېسىۋالدى، 19 ـ سېنتەبىر كۈنى جىلىن قولدىن كەتتى، ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق باستى، قان ۋە كۆز ياشلار توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن جاڭ فېڭيى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرەش سېپىگە ئاتلاندى، 1932 ـ يىلغا كەلگەندە شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولغان، 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئۈچ يوقىتىش سىياسىتى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى تۈپەيلىدىن شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاشلىق ۋە ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ قوراللىق كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان قىسىملارنىڭ بىرمۇنچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە چېكىندى. ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەردىن 13 مىڭدىن ئارتۇق كىشى باشقىلارنىڭ پاناسىدا جان بېقىشنى خالىمىغان جىن رۇنچىڭ لۇيجاڭنىڭ باشلامچىـ



لىقىدا شىنجاڭغا كەلدى. بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا گېنېرال جاڭ فېڭيى ھاياجانلانغان ھالدا: چىڭ دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ بىر قەبىلىسى (تۇرغۇت قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ) بايقال كۆلىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشىدە تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قالمىغان ئىكەن، شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىيلەرمۇ قاتتىق سوغۇققا قارىماي سىبىرىيىدىن ئۆتۈشىدە تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قالمىدى. دۆلەت مۇنقەرز بولسا ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ۋەتىنىدىن ئايرىلغان يېتىملارنىڭ ھالىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ دېگەن ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ رەھبەرلىك ئورنىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ بېرىلىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقاچقا كۆپىرەك كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا ئانچە پۇرسەت بولمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاران بىر ـ ئىككى قېتىم باردىم. ئېسىمدە قېلىشىچە ئوقچىلارغا قارشى كۈرەشتىن كېيىن مەن ئۇزۇن ئۆتمەي قارامايدىن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ھەمدە مەندىن قانداق؟ پەشۋا يېمىگەنسىز؟ دەپ سورىدى. ئۇ يەنە ماڭا: ياپونغا قارشى مەزگىلدە چېن تەنچيۇنىڭ بىر قېتىم سۆزلىگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئىدىم. چېن تەنچيۇ: ئېتىقاد كۈچ دېمەكتۇر دېگەن ئىدى. ھازىر بۇ سۆزنى ئويلىسام ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن. ئېتىقاد بولغاندىلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بولىدىكەن، دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

# چېڭ يەنچيۇ شىنجاڭدا

## جاڭ ۋېنجۇڭ

سەنئەت ئۇستازى چېڭ يەنچيۇ ئەپەندى جىڭجۇ تىياتىرىنى ئويناشتا ئۇزاقتىن بۇيان داڭ چىقىرىپ كەلگەن سەنئەتچى بولۇپ، ئايالچە رول ئالىدىغان مېي لەنفاڭ قاتارلىق تۆت ئاتاقلىق ئارتىسنىڭ بىرسىدۇر. ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر مەزھەپ بولۇپ، ناخشىنى يېقىملىق ۋە سىلىق ئېيتاتتى، ھەرىكەتلىرى سىپايە ھەم جانلىق ئىدى، سەھنە ئۈستىدە جىددىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ماھارەت كۆرسىتەتتى. بولۇپمۇ تراگېدىيىلىك تىياتىرلارنى ئويناشتا جىڭجۇ تىياتىرى ساھەسى بويىچە داڭق چىقارغان ئىدى. 1950 ـ يىلى كۈزدە چېڭ يەنچيۇ ئەپەندى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى. چېڭ يەنچيۇنىڭ چېگرا رايونغا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزدىنلا پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ كەتتى. يادىمدا قېلىشىچە، چېڭ يەنچيۇ ئەپەندى كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى گېنېرال تاۋ سىيۈ غەربىي چوڭ زالدا ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەرگەن ئىدى. زىياپەت سورۇنىدا كۆپچىلىك ئۇنىڭ چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ



بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. چېڭ يەنچيۇ ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەلىپىنى ئىلاجىنىڭ بېرىچە ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن. بۈگۈنكى كاتتا زىياپەتكە بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى رەھبىرىي يولداشلارغا بىر ئابزاس چاڭچىلە ناخشىسى ئېيتىپ بېرەي دېۋىدىم، بىراق بۇ قېتىم سازچى ئالغاچ كەلمەپتىمەن. شۇڭا ساز تەڭكەش قىلمايلا ئېيتاي» دېدى. گېنېرال تاۋ سىيۈ: «يەنىلا ساز تەڭكەش قىلغان ياخشى» ــ دېدى. ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەن تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مەسئۇل يولداشلار تىيانشان داخۇيتاڭدا لى شىفۇغا ساز تەڭكەش قىلىپ بېرىدىغان لى مولىننى چېڭ يەنچيۇ ئەپەندىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ بىر نەچچە ناخشىنى ئۇلاپ ئېيتىۋەتتى.

ھەربىي رايون تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ماخەنبىڭ شىنجاڭ ئازاد بولغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چېڭ يەنچيۇ ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزسەك، دېگەن تەكلىپنى بەردى. چېڭ ئەپەندى بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. چېڭ ئەپەندىگە ماسلىشىپ 9 ـ كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ جۇڭخەن بىرگە قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. بۇ قېتىمقى ناخشا كېچىلىكى شۇ كۈنى كەچتە غەربىي چوڭ زالدا ئۆتكۈزۈلۈپ كەيپىيات ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى. بۇ قېتىمقى كېچىلىكتە ئاساسەن «فېنخۈەن» تىياتىرىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىش بەلگىلەنگەن بولۇپ. چېڭ يەنچيۇ ليۇ يىنچۈن رولىنى، جاڭ جۇڭخەن شۆرېنگۇي رولىنى ئالدى. چېڭ ئەپەندى ئۆز رولىنى پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن بېرىلىپ ئوينىدى. جاڭ جۇڭخەن ناخشىنى ئېنىق ۋە مۇڭلۇق قىلىپ ئېيتىدىكەن،

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدا يۇپەي ئېقىمىدىكى ساقاللىقلارنىڭ خىسلىتى بار ئىكەن.

تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چىڭ يەنچيۇ ئەپەندى جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش، جايلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلارنى زىيارەت قىلىش، مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ قېتىمقى سەپەر مېنىڭ ھاياتىمدىكى ناخشا ئېيتىش شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان سەپەر بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ بۇ ئۇزۇن مۇساپىلىق سەپىرىمدە ئورۇنلىغان ئويۇنلىرىمنى ئۇنتۇمايمەن» دېدى.

چىڭ يەنچيۇ ئەپەندى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مەدەنىي تۇرمۇش شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كېلىپلا بىگۇتۇەن تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ خەنشىڭغا پىشقەدەم سەنئەتچىلەرگە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇ يەنە بىگۇتۇەن ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىدىكى يولداشلار ۋە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش جاڭ نەيپىڭ بىلەن بىللە لى يۈچۈن ئەر - خوتۇن، چىڭ باۋچىڭ، چىڭ چۇنبۇ، گاۋ شياۋشەن، گاۋ شيۇيەن قاتارلىق ئارتىسلارنى يوقلىدى. ئۇ تىيانشان داخۇيتاڭدىكى ئارتىسلارنىڭ تېخى تامامەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ماخېنبىڭ، ۋاڭ خەنشىڭ بۇجاڭلار بىلەن بىللە ئارتىسلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدى. چىڭ يەنچيۇ ئەپەندى ماخېنبىڭ بۇجاڭغا: «ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش



ئۈچۈن بىر نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇپ چېگرا رايون خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدىم. سېتىلغان بىلەت كىرىمىنى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار سەنئەتچىلەرگە ئىئانە قىلماقچىمەن» دېدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە ھەربىي رايوندىكى مۇئاۋىن مۇدىر زېڭ دى بىلەن بىگۇتۇەندىكى لى چۇەن مۇدىرلار ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ماخېنبىڭ بۇجاڭ تەكلىپ بىلەت تارقىتىشنى بىكار قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرى، چىڭ يەنچيۇ ئەپەندى تىيانشان داخۇيتاڭدا «فېنخۇەن»، «جېنجۇغا قايتىش» ۋە «13 سىڭمىل» قاتارلىق ئويۇنلارنى رەسمىي ئويناپ چىقتى. «13 سىڭمىل» چىڭ يەنچيۇ ئەپەندىنىڭ شاگىرتى لى دېنلىن ئاساسىي رولنى ئېلىپ چىقتى. ئويۇن قويۇلغان ئۈچ كۈن ئىچىدە سەنجياۋدىغا ماشىنىلار توشۇپ، يايمىچىلار قايناپ كەتتى. رەڭگا - رەڭ چىراقلار يېقىلغان بولۇپ، تاماشىبىنلار ئالدىقاچان تىيانشان داخۇيتاڭى ئالدىغا يىغىلىپ ئويۇننىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. كۈنلۈك بىلەت كىرىمىنى لەن يۈچۈن، چىڭ چۇنبۇ قاتارلىقلار مەسئۇل بولۇپ ساناپ چىقىپ، چىڭ يەنچيۇ ئەپەندىگە دوكلات قىلدى ۋە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار سەنئەتچىلەرگە قۇتقۇزۇش پۇلى سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرىلدى.

چىڭ يەنچيۇ ئەپەندى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۈرۈمچىدىكى ئىشتىن سىرتقى چاڭچىلە تەشكىلاتلىرىدىكى جاڭ چېڭشياڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى. چىڭ يەنچيۇ: «شىنجاڭدا جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن، ئامما ئارىسىدىكى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك، قالتىس ئادەملەر بار ئىكەن! مەن شاڭخەيگە بارغاندا ئالدى بىلەن ئىشتىن سىرتقى چاڭچىلە ھەۋەسكارلىرىنى

يوقلايمەن» دېدى. جاڭ چېڭشياڭ چىن يەنچيۇ ئەپەندىدىن چېڭ يەنچيۇ مەزھىپىنىڭ ناخشا كۈيىنى ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، چېڭ ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ: «چېڭ يەنچيۇ مەزھىپى دېگەن نېمىكەن! بۇنداق بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئەمەسمەن، ھەرقانداق ئارتىسنىڭ ئۆزىگە لايىق شەرتى بولىدۇ، مېنىڭ ئاۋازىم ياخشى ئەمەس، كىچىكىمدە ھەممە مەزھەپنى ئۆگىنىپ قاملاشتۇرالمىدىم. پەقەت بۇرۇن بوشلۇقى ئارقىلىق ئورتاق ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ، ئاۋازىم يەتمەسلىكتەك كەمچىلىكنى تولدۇرۇپ كەلدىم، بۇنى بىر مەزھەپ دەپ ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېدى. چېڭ ئەپەندى مانا شۇنداق كەمتەر ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سەنئەت ئۇستازى بولۇشقا مۇناسىپ. چېڭ ئەپەندى يەنە جىڭجۇ تىياتىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلىشنى تەكىتلىدى. شىنجاڭنىڭ جىڭجۇ تىياتىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ جىڭجۇ ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەتتە بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.



# ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىينى سېغىنىش

لۇگۇيسېڭ

يولداش خۇاڭ ۋېنبىينىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 18 يىل بولۇپ قالدى. مەن 1943 - يىلى ساق 6 ئاي ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. ئۇنىڭ ھاردىم - تالدىم دېمەي تىرىشىپ ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، قىيىنچىلىققا قارشى جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، جۇڭگو خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ماڭا ئىنتايىن زور تەربىيە بولغان ئىدى. مەن ئۇنى ئىزچىل تۈردە سېغىنىماقتىمەن ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئۆگەنمەكتىمەن.

1958 - يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قەدىمقى نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ 4 - قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغدا مەن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيىسىدە ئىشلەيتتىم، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىن يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ بۇ خېتىنىڭ ماڭا يازغان ئاخىرقى قېتىملىق — «ۋىدالىشىش» خېتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادى ئېسىمگە ئالمىغان ئىدىم.

مەن ئۆتكەن يىل، بېيجىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا يولداش خۇاڭ ۋېنبىينىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت ئىن-

قىلابىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئاللىقاچان زىيانكەشلىككە ئۇچراپ،
ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن قاتتىق قايغۇ ـ
ھەسرەتكە چۆكتۈم، ئوغلى خۇاڭ لېي(ھازىر مەزكۇر ئىنىستىتۇت ـ
نىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىلىقىنى ئۆتۈمەكتە) ھەم نەۋرىسى
خۇاڭ جىسۇ (مەزكۇر ئىنىستىتۇتنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلى ـ
مەكتە) لەرنىڭ ئۈچ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا، يولداش خۇاڭ ۋېن ـ
بىيىنىڭ كۆرەش قىلغان پۈتۈن ھاياتىنى سەۋرچانلىق بىلەن
تونۇشتۇرۇپ بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلار خاتىرە قىلىش
ئۈچۈن، مەرھۇم يولداش خۇاڭ ۋېنبىيىنىڭ يازغان «غەربىي
شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى توپلىمى» دېگەن كىتابى
ۋە مەرھۇمنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن مېنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىم تېخىمۇ قوزغالدى.

ھازىر كىشىلەر قەدىمقى ئىدىقۇت ۋە كېرورەن دۆلەتلى ـ
رىنىڭ خارابىلىرى ئۈستىدە ھەمىشە گەپ ـ سۆز قىلىشىدۇ، لې ـ
كىن يولداش خۇاڭ ۋېنبىيىنىڭ بۇ ئورۇنلارنى ھەممىدىن بۇرۇن
تاپقۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز.
ئۇ بۇنىڭدىن باشقا، كۈسەن، ئودۇن، كېنىگىت قاتارلىق قەدىم ـ
قى كىتابلاردا يېزىلغان خاتىرىلەردىن تېپىلغان ئەھۋالغا
ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، نۇرغۇن
تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىپ، كۆرۈنەرلىك تەتقىقات مۇۋەپپەقى ـ
يەتلىرىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە
غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

يولداش خۇاڭ ۋېنبىي 1917 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتې ـ
تىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە قال ـ
دۇرۇلغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاسسىنت، لېكتور، تەتقىقاتچى ـ
لىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، كېيىن يەنە بېيجىڭ قىزلار سى ـ



فەن ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتى،
سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق
مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ـ
دىن كېيىن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ
تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن،
ئوقۇۋاتقان ھەمدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان چاغلىرىدا، 19 ـ ئەسىر ـ
نىڭ ئاخىرقى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە تەۋە ـ
لىكىگە ئۆتكەن ۋېنگرىيىلىك ئىستېيىن ۋە شۋېتسىيىلىك
سۋېن خېدىنلارنىڭ كۆپ قېتىم چېگرا رايونلىرىمىزغا تىمىسقى ـ
لاپ كېلىپ، كۆپلىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز ۋە قىممەتلىك
ئەسەرلىرىمىزنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىپ، چەت ئەللەرگە تارقىتىۋەت ـ
كەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە ئىنتايىن دىققەتتە بولغان ۋە
غەزەپلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت
قوزغالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدىمقى يادىكارلىقلارنى
تەتقىق قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، چېگرا رايونلىرىنىڭ شانلىق
مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراشتىن
ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان ئىدى. 1943 ـ
يىلى جايلارغا تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان بىر قېتىملىق
سەپىرىمدە، تەسىرلەنگەن ھالدا ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى:
«چەت ئەللىك ئىستېيىن ۋە سۋېن خېدىنلار بىپايان چۆل ـ جەزىرە
ۋە ناچار ئىقلىم شارائىتىدا، ئەرۋاھلارنىڭ تەھدىتى ئالدىدا،
نۇرغۇن ھەمراھلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئېلىمىز ـ
نىڭ مەدەنىيىتىنى تالان ـ تاراج قىلىش قارا نىيىتىدىن ۋاز
كەچمەي، شىنجاڭ دائىرىسىگە قايتا ـ قايتا كېلىپ، نۇرغۇن
قەدىمقى مەدەنىي مىراسلار بار جايلارغا باردى، بىز جۇڭگولۇقلار
بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يۈرسەك بولامدۇ؟ شاكىچىك، سەن تېخى

ياش خەلقىمىز ئۈچۈن شۆھرەت قازىنىشىڭ لازىم! بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز شىنجاڭنىڭ 1:500.000 ماسشتابلىق خەرىتىسى بولۇپ، بۇنى ئىستېئىن ھىندىستانلىق بىر كىشىنى ياللىۋېلىپ ئۆلچەپ سىزدۇرۇپ چىققان، بىز جۇڭگولۇقلار بۇنى نومۇس، دەپ بىلمەيمىزمۇ؟ ۋاھالەنكى بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلساق بولمامدىكەن؟» ئۇ سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ماڭا يەنە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. 1930 - يىلى يولداش خۇاڭ ۋېنبي سىۋېن خېدىن بىلەن بىللە لوپنۇر كۆلى بويىدىكى كېرورەن خارابىسىغا بارغاندا، سىۋېن خېدىن قۇم دۆڭ ئۈستىگە ئۆز دۆلىتى بايرىقىنى قادىغان. بۇنى كۆرگەن يولداش خۇاڭ ۋېنبي: «بۇ جۇڭگونىڭ زېمىنى، چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلەت بايراقلىرىنى قادىشىغا يول قويۇلمايدۇ.» دەپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. بىز جۇڭگو خەلقىگە شان - شۆھرەت كەلتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي مىراسلىرىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىز لازىم. يولداش خۇاڭ ۋېنبي مۇشۇنداق دېگەن ھەمدە مۇشۇنداق ئىش قىلغان ئىدى.

يولداش خۇاڭ ۋېنبي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شىنجاڭغا قاراتقان، پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، دالا تۇرمۇشىغا كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلغان ئىدى. ئۇ 1927 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سىۋېن خېدىن رەھبەرلىكىدىكى غەربىي شىمال ئىلىم - پەن خادىملىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلگەن چاغدىن ئېتىبارەن، 1966 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بولغان 39 يىل ئىچىدە،



شىنجاڭغا تۆت قېتىم كېلىپ، 38 مىڭ 281 كىلومېتىر مۇساپە باستى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم باسقان 18 مىڭ 830 كىلومېتىر، 2 - قېتىم باسقان 6 مىڭ 525 كىلومېتىرلىق مۇساپە ھەممىدىن قىيىن - جاپالىق بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا، شىنجاڭغا كېلىشتە تۆمۈر يول بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تاشيولمۇ يوق ئىدى. يول يۈرۈشتە ئاساسلىقى تۆگە، ئېشەك مىنىشكە توغرا كېلەتتى؛ شارائىتى ياخشىراق جايلاردا، ھارۋىدا ئولتۇراتتى. قۇملۇقلار ۋە چۆل - جەزىرىلەردە يۈرگەندە، ئىچىدىغان سۇ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يېقىلغۇلار بىللە ئېلىپ يۈرۈلەتتى. يولداش خۇاڭ ۋېنبي ھېچقانداق جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايتتى، ھەر قېتىم سىرتقا چىققىنىدا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى — قاپاقتا سۇ ئېلىۋالاتتى. قەغەز، سىيا ۋە قەلەملەرنى ئېلىپ يۈرۈپ، يادنامىلەر يازاتتى. ئۇ بۇ ئادەتنى تاكى 1943 - يىلى قاتناش غول لىنىيىلىرىدە ماشىنا قاتنىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. 1928 - يىلى قىشتا كەلگىنىدە، ئون دانە تۆگە سېتىۋېلىپ، قاقاس چۆل - ئادەمزات ئىز باسمىغان قۇملۇقتا 33 كۈن يول يۈرۈپ، مىڭبىر جاپالارنى چېكىپ، شاھياردىن خوتەنگە بارغان چاغدىكى ئەھۋال ھەممىدىن قىيىن بولغان ئىدى. ئۇ شۇ قېتىمقى ئۇلۇغ ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسام، دېگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئۇ 1930 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، قۇرۇق تاغ ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە بېرىپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى 1930 - يىل يېزىپ چىقىپ، بېيپىڭدا چىقىدىغان بىر ژۇرنالدا

ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ ئىلمىي ئىشلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىشلەش يولىدا تىرىشىپ، 1965 - يىل 9 - ئايدا ماقالىسىنى يېڭىباشتىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئېلان قىلدى.

ئۇ 1934 - يىلى 6 مىڭ 525 كىلومېترلىق يول يۈرۈپ، 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئىدىقۇت، كىرورەن خارابىلىرى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى نۇرغۇن ئاسارە - ئەتىقىلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى.

يولداش خۇاڭ ۋېنبى 1943 - يىلى يازدا، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، ئەرلىزىنخې، دۇنخۇاڭ ۋە شىڭشىڭشيالار ئارقىلىق، 3 - قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، شۇ قېتىمقى سەپىرىدە، شىمالدا جىڭشى (ھازىرقى بارىكۆل)، غەربتە مورى، چىتەي، فۇيۈەن (ھازىرقى جىمسار)، فۇكاڭ، دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخو، جىڭ، غۇلجا، بورتالالارغا باردى؛ يەنە ئايلىنىپ دۆربىلجىن، چۆچەك، بۇرچىن ھەم چىڭخۇا (ھازىرقى ئالتاي) غا باردى. بۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئىستېيىننىڭ 1.500.000 ماسشتابلىق خەرىتىسىدە ئۆلچەنمىگەن بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىغە كەلتۈرگەن شان - شەرىپى بولىدۇ.

ئۇ 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۇخسۇن، قاراشەھەر، كۇچا، شاھيار، ئاقسۇ، ئاۋات، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا باردى، قايتىشىدا، چارقىلىق، كورلا قاتارلىق جايلارغا باردى. كېلەركى يىلى تۇرپان، قۇمۇل ئارقىلىق، ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. بۇ قېتىم ماشىنا بىلەن يۈرگەچكە ئالدىنقى 2 قېتىمغا قارىغاندا، قولايلىقراق بولدى. يولداش خۇاڭ ۋېنبى بۇ ئوڭاي شارائىتتىن



پايدىلىنىپ، كۆپرەك خىزمەت ئىشلەش يولىدا، پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا تىرىشتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، بارىكۆلگە ماڭايلى، دەپ تۇرغىنىمىزدا، يولداش خۇاڭ ۋېنبى قاتتىق تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئۇ شۇ چاغدا يېشى 50 كە بېرىپ قالغان بوۋاي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ يىل داۋام قىلغان قۇملۇقتىكى ناچار ھاۋادا ھەپىلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئورۇقلاپ كۆرۈمسىز بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈپ ئونۇۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىسلەر قۇمۇلدا قېلىپ، سەل - پەل دەم ئېلىۋېلىپ، داۋالىنىپ ماڭسىلا دەپ دەۋەت قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا جاسارەت بىلەن خىزمەتنى ئىشلەۋەردى. بىر قاپاق سۇ، قەغەز ۋە سىيا - قەلەملىرىنى ئېلىپ، تىيانشان بۇتخانىسىغا بېرىپ تامغا ئويدى ۋە يادنامىلار يازدى. ئۇ يەنە تەكشۈرۈش ئارىلىقىدىكى چاغلاردا، ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ھەر مىللەت خەلقىغە شىنجاڭنىڭ تارىخىي - جۇغراپىيىسىگە دائىر بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردى. 3 - قېتىمقى سەپىرىدە، جەمئىي 10 مىڭ 781 كىلومېتر مۇساپە باستى.

4 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا مەرھۇم يولداش خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «غەربىي شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە «1957 - ۋە 1958 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە خاتىرە» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى كۆرۈپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن. ئۇ شۇ قېتىمقى سەپىرىدە تەخمىنەن 2 مىڭ 145 كىلومېتر مۇساپىنى باستى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ باسقان 38 مىڭ 281 كىلومېترلىق مۇساپە نېمە دېگەن ئۇزۇن مۇساپە ـ ھە!

يولداش خۇاڭ ۋېنبى غەربىي شىمالدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدە، ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىدىن نۇرغۇن دوست تۇتتى. ئۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يولباشلامچىلىرى ۋە تەرجىمانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشمىغاندا، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىلمى جەھەتتە، لوپنۇر كۆلى كۆچمە كۆل دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ناھايىتى ئوبدان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، گېئولوگلارنىڭ 4 ـ ئىرادىكى يەر قاتلىمىنىڭ پىلاتفورما ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىزلىنىش ماتېرىياللىرى يەتكۈزۈپ بەردى.

يولداش خۇاڭ ۋېنبى ئۆمۈر بويى ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ئىشلىگەن پىشقەدەم ئالىم ئىدى. ئۇ ئىلمىي خىزمەت بىلەن ھەر يىلى شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئەمەلىي، مۇكەممەل بولۇپ، قەدىمقى ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرنى ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ھازىرقى يەر تۈزۈلۈشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئېلىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە يېزىلغان خاتىرىلەردىن پايدىلىناتتى، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى مۇتلەق توغرا، ئىشەنچلىك بولۇپ چىقاتتى. ئۇ ـ ئىدىقۇت خارابىسىنى ئۈچ قېتىم، كىروران خارابىسىنى ئىككى قېتىم قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ «غەربىي شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى توپلىمى» دېگەن كىتابىنىڭ كوپىيىسىنى



قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ، نەچچە ئون يىل ئۆزگەرتىپ چىقىپ، ئاندىن شاڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇردى.

1966 ـ يىلى، بۇ بوۋاي ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ كېسەلچان بولۇشىغا قارىماي ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك قېنىنى ۋەتىنىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بالايى ـ ئاپەتكە يولۇقۇپ، ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ بېيجىڭ ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدىكى ئۆيىگە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدۇ. ئۇنىڭغا ئېگىز قەغەز قالپاق كەيگۈزۈپ سازايى قىلىندۇ. بۇ ھاقارەت دەستىدىن قاتتىق ئازابلانغان بوۋاي 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتىدۇ. يولداش خۇاڭ لېينىڭ ئېيتىشىچە، خۇاڭ ۋېنبى پايتەخت دوختۇرخانىسىدا، داۋالىنىۋاتقان چاغدا، قان بېسىمى، يۈرەك سوقۇشى نورمال بولغان، باشقا كېسەللەر كۆرۈلمىگەن. پەقەت ئىلگىرى غەربىي شىمال قۇملۇقلىرىدا ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەپ كەتكەنلىكتىن بەدەن قۇۋۋىتى تولا خوراپ كەتكەن. ئەگەر ياخشىراق داۋالىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىلمىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ يەنە ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشى، ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپىلەرنى قوشۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلارنى ئورۇنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن! دېگەن. شۇڭلاشقا، يولداش خۇاڭ لېي دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قويماي، 12 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن «غەربىي شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى توپلىمى» دېگەن 240 مىڭ خەتلىك ماقالىنىڭ كوپىيىسىنى تاماملاپ چىقىپ، 1981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشردىن چىقاردى. 50 يىل ۋە 12 يىل، بۇ ئىككىسىنى قوشساق ئۇ كىشىلىك

ھاياتىدا چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ، خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئوغلى يولداش خۇاڭ لىپى ۋە نەۋرىسى يولداش خۇاڭ جىسۇلار ئۇنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ دەل رېئاللىقتىكى يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك ئىش ئەمەسمۇ؟

يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭدىن قالغان نېمە مىراس بار؟ يولداشلار بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شەھەر رايونىنىڭ دۇڭچاڭ كوچىسىدىكى يولداش خۇاڭ لىپى ئائىلىسى ئولتۇرۇۋاتقان 3 - نومۇرلۇق ئىنتايىن قىستىلاڭ بىر قەۋەتلىك ئۆينى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ باقسا، بىر نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ كىتاب جاۋەنلىرى، ماتېرىيال ساندۇقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەرھۇم يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ قولىيازمىلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن. مانا بۇ مۆلچەرلىگۈسىز بايلىق ئەمەسمۇ!

11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شيادىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1979 - يىل 1 - ئايدا ئۆتكۈزۈلدى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدىمۇ تەزىيە يىغىنىغا قاتناشتى، مەرھۇمنىڭ جەسەت كۈلى باباۋشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىغا قويۇلدى.

يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ماڭا بەرگەن تەربىيىسى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەن 1943 - يىلى ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە تەلىم ئېلىپ، 2 - يىلى گېنېرال تاۋسيۈنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار



ئىرادىسى ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى ئۆگىنىپ، ئون دانە تۆگە ياللىۋېلىپ، يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭ بايان قىلغان سۈيتاڭ دەۋرىدىكى تۈيۈخۇن يولى، دەپ گۇمان قىلىنغان لىنىيە بىلەن دۇنخۇاڭدىن يولغا چىقىپ، گاس ئويمانلىقى (ئادەتتە لىيەنىسخەن، دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق، ئالتۇن تاغنى بېسىپ، قەدىمكى ۋىلايەت پىشامشاندىن چارقىلىققىچە ئارىلاپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىدا قېپقالغان بوشلۇق تولدۇرۇلدى (مەن شۇ چاغدا يازغان تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى 1945 - يىلى × - ئاينىڭ × كۈنلىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان). كېيىن مەن خىزمەت بىلەن شىنجاڭدا قېپقالدىم. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا گېئولوگىيە ۋە كانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا 30 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ تەلىمىگە مەنسۇپ، شۇنداقلا يولداش خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئىشلەشتەك روھىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ ماقالىنى مەن ئۆزەمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىمنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن يېزىپ چىقتىم.

1984 - يىل ئۆكتەبر

# فۇكاڭ ئاق هارىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى

## خې جاۋشىن

ئازادلىقتىن ئىلگىرى فۇكاڭ ئاق هارىقى مەملىكىتىمىزدىكى 8 خىل مەشھۇر هاراقلارنىڭ قاتارىدا ئورۇن ئالالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يۈز يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭدا ئۆز نامىنى يوقاتماي فۇكاڭ تارىخىدا پارلاق سەھىپە قالدۇردى.

فۇكاڭ ئاق هارىقىنى ئىشلەش ۋە تىجارەت قىلىش ھەققىدە بىزدە ھېچقانچە تارىخىي خاتىرىلەر يوق. فۇكاڭنىڭ ناھىيە تەزكىرىسىدە يېزىلىشىچە: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە فۇكاڭدا هاراق ياساش باشلانغان بولۇپ، شىنجاڭدا خېلى داڭق چىقارغان.» خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇن نەچچە نەپەر يەرلىك ئاقساقاللار تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا، 1842 - يىلى فۇكاڭدا ئاق هاراق ئىشلەش كارخانىسىنىڭ پەيدا بولۇپ، 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا هاراق ياسايدىغان سودىگەرلەر چېگرا رايونىنىڭ ئۆزگىرىشچان سىياسىي ۋەزىيىتىدە، ئاخىرقى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى، مىلىتارىست شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى بىر مەھەل گۈللىنىشىنى ۋە گومىنداڭنىڭ



زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ خىلمۇ - خىل ئازابلارنى تارتتى.

فۇكاڭ ئاق هارىقىنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتۇشىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. ئەينى زاماندا فۇكاڭنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولغان كۆممە قوناق ئاق هاراق ئىشلەش ئۈچۈن مول خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى. ئازادلىقتىن ئاۋۋال فۇكاڭدا تېرىلىدىغان ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە كۆممە قوناقنىڭ يەر ھەجمى پۈتۈن تېرىلغۇ يەر ھەجمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگەللەيتتى، بولۇپمۇ جيۇيۇنجيې، دۇڭ بايۇن، شىيۇن، ۋۇيۇن ئەتراپلىرىدا (ھازىرقى تيەنچى گۇڭشېسىنىڭ شىيۇن ۋە ۋۇيۇن دادۇيلىرى) كۆممە قوناقنىڭ يەر ھەجمى پۈتۈن يەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيتتى. خام ئەشيانىڭ تولۇق بولۇشى ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق رول ئوينىدى. 1842 - يىلى تەسىس قىلىنغان تۇنجى هاراق ياساش كارخانىسى چىڭ دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 1932 - يىلغا كەلگەندە تۆت كارخانا بولۇپ كۆپەيدى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ ئېشىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 159 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1935 - يىلدىن كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە فۇكاڭنىڭ ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىشى گۈللىنىپ روناق تاپتى. شېڭ شىسەينىڭ قامال قىلىش سىياسىتى تۈپەيلىدىن، بازاردا پەقەت شىنجاڭ ماركىلىق هاراقلا سېتىلاتتى، بۇ فۇكاڭ هارىقى ئۈچۈن ياساش، تەمىنلەش، سېتىش جەھەتلەردە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ چاغدا هاراق ياساش كارخانىسى بەشكە كۆپىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئېشىپ،

يىللىق مىقدارى 440 مىڭ جىڭغا يەتتى. خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 68 نەپەرگە يەتتى (ۋاقىتلىق ياللانما ئىشچىلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس). بىراق 1945 - يىلىدىن كېيىن ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش خارابلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتتى. گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 - جۈنى ۋە مەركىزىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىغا ئېھتىياجلىق يەم - خەشەك جىددىيلىشىپ كېتىپ، دېھقانلاردىن سېتىۋالىدىغان بولۇپ، يەتمىگىنىنى ھاراق ياساش كارخانىسى تولۇقلاپ بېرەتتى. مەسىلەن، 1945 - يىلى لوخۇەنجاڭ 500 دادەن (بىر دادەن 400 جىڭغا تەڭ) سېتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ناھىيىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە يەنىلا ئورۇنلانمىغان، مۇشۇ سەۋەبتىن شىنجاڭ دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈ لوخۇەنجاڭنى بەش كۈن نەزەربەنت قىلىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىغان باۋجاڭلارغا ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇڭگۇەندىكى «دېشىڭلۇڭ» ھاراق ياساش كارخانىسىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى كۆممە قوناقلارنى پېچەتلەپ ئۆزلىرى زورلۇقچە سېتىۋالغان. گومىنداڭنىڭ فۇكاڭدا يەرلىك كېنەر، مۆتىۋەر زات دەپ تونۇلغان لوخۇەنجاڭنىڭ ھاراق كارخانىسىغا تۇتقان بۇ خىل قاتتىق پوزىتسىيىسىدىن، بىز باشقا ھاراق كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ يېتىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئىقتىسادىي زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ھاراق تىجارىتىگىمۇ ئەجەللىك زەربە بولدى. مەسىلەن: 1948 - يىلى، ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە ھەر بىر دادەنىنىڭ باھاسى 22 يۈەن (شىنجاڭنىڭ كونا پۇلى) ھېسابلىنىپ تەمىنات ئىدارىسىغا سېتىپ بېرىلگەن. ئەركىن با-



زاردا ھەر بىر دادەنىنىڭ باھاسى 35 يۈەنگە ئۆرلىگەن. يۇقىرىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش خىراجىتى چۈشكىچە باھا ئۆرلەپ، 35 يۈەنگە ئاران 8 كۈرە بېرىلگەن. يەنە كېلىپ بيۇروكراتلارنىڭ قاتمۇ - قات قامال قىلىشى بىلەن خەلققە ھېچنېمە قالمايتتى. «فابى» جىن «يۈەنجۈەن» پۇللىرىنىڭ قىممىتىنىڭ تايىنى يوقلۇقىدىن خەلق ئۇنى كېرەكسىز قەغەز ئورنىدا كۆرەتتى. ئۇ چاغلاردا سودىگەرلەر كۈمۈش تەڭگىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلاتتى، شۇ چاغلاردا پەيدا بولغان «كۈمۈش تەڭگە جاراڭلايدۇ، مال باھاسى ئۆرلەيدۇ» دېگەن قوشاق، مال باھاسىنىڭ قالايمىقانلىقى ۋە ھەددىدىن زىيادە ئۆرلىگەنلىكىگە قىلىنغان ھەقىقىي تەسۋىردۇر.

يەرلىك ھۆكۈمەت ھەربىي ئاشلىقنى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن، ئېغىر باج ئالغاندىن سىرت يەنە كېلىپ ھاراق ياساش كارخانىلىرىنى پېچەتلەپ تاشلىدى. پېچەتنى مالىيە باج تارماقلىرى چاپلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشكە بولمايتتى، بولمىسا جازا كۆرۈپ جەرىمانە ئالاتتى. 1945 - يىلى «دېشىڭلۇڭ» ھاراق ياساش كارخانىسى مالىيە باج تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي پېچەتنى يىرتىپ تاشلاپ ھاراق ياسىغانلىقى ئۈچۈن 500 دادەن گاۋلياڭ جەرىمانە قويۇلغان ئىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، فۇكاڭنىڭ ھاراق ياساش ئىشلەپچىقىرىشى خارابلىشىپ، تىجارىتىمۇ كاساتلاشتى. 1947 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاران تۆتلا ھاراق ياساش كارخانىسى قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ 247 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئامان قالغان بۇ تۆت كارخانا ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە كەينى - كەينىلەپ تاقىلىپ كەتتى.

پۈتۈن فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ھاراق ياساش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى چوڭ پەرق قىلمايتتى. سۈپەت جەھەتتە بولسا جيۈيۈەنجيېدە ياسىلىدىغان ئاق ھاراق ئەڭ مەشھۇر ئىدى. بۇنداق بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئۈسكۈنە، خام ئەشيا، تىجارەت، باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بار ئىدى. ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئۈسكۈنىلەر ناچار قالاق بولسىمۇ، بىراق قايتا ئىشلەش مەشغۇلاتى ناھايىتى ئىنچىكە ئىدى. بۇغداي، گاۋلياڭ، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئىشلىتىش نىسبىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ھەرگىز ناچار خام ئەشيالارنى ئىشلەتمەيتتى. ھاراق ياساشتا ئېچىتقۇ ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ چاغلاردا تېرمومېتىر يوق بولۇپ، ھاراق ياسايدىغان ئۇستا كېچە - كۈندۈز قازان بېشىدا تۇرۇپ گىرادۇسىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن تەڭشەپ تۇراتتى. ئۇندىن قالسا ئىدىشقا قاچىلاش بولۇپ، ئېچىتقۇ بىلەن خام ئەشيانىڭ نىسبىتىدە قىلچىمۇ نېرى - بېرى بولۇپ كېتىشكە بولمايتتى. پېچەت ئىدىشقا قۇيغاندا ئاز - ئازدىن قۇيۇش، لېكىن تېز ۋە تەكشى بولۇش تەلەپ قىلىناتتى، تېمىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. قازاننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كونترول قىلىشتا ۋە ھاراقنى كۆيدۈرۈپ ھاراقنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتىمۇ زادى بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھاراقنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن چىققان خىلمۇ - خىل رەڭلەر ئارقىلىق ئىشلەش سەنئىتىدىكى مەسىلىلەر كۆزىتىلىدۇ. ئەگەردە مەلۇم بىر خىل رەڭ كەم بولسا، ئوتنىڭ قانداقلىقى ياكى تېمپېراتۇرىنىڭ قانداقلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايقىۋېلىش مۇمكىن، مەسىلە كۆرۈلسە دەرھال تۈزىتىش



مەشغۇلاتى ئىشلىنىدۇ. يەنە بىرسى سۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، سۈپەتكە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇنىڭ ئىنتايىن ساپ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شورلۇق سۇ ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن سۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. خۇسۇسەن، يەرلىك ئۇسۇلنىڭ ھەر بىر ھالقىلىق يېرى ئىنچىكىلىك ۋە تېزلىكنى تەلەپ قىلاتتى، ھەرگىز قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇشقا بولمايتتى. يەرلىك ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتىنىڭ قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلمىسا سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ فۇكاڭ ئاق ھارىقى، بولۇپمۇ جيۈيۈەنجيېنىڭ ئاق ھارىقى رەڭ، پۇراق، تەم جەھەتتە ئىنتايىن ياخشى بولۇپ سۈزۈك، خۇشپۇراق ۋە مېزىلىك ئىدى. ئاخىرقى چىڭ دەۋرىدىن، «ۋاڭ، گۇڭ، ئۆلىما بەگزادىلەر تولۇن ئاي كېچىلىرى ۋە سەھەرلەردە ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر قەدەھ ئوتلاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشەتتى».

ھاراق ياساش سەنئىتى جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھاراق ياساش كارخانىسى قۇرغان ۋاڭ لىيۇدىن تارتىپ 1930 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كەلگەن ئۇستىسىغىچە بولغان ھەر قايسى دەۋردىكى ھاراق ياساش ئۇستىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىر يۈرۈش ھاراق ياساش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. بىز نۇرغۇن ئاقساقاللار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ياخشى ھاراق ياساشتا زۆرۈر بولغان مۇنداق يەتتە خىل مۇھىم سەنئەتنى يەكۈنلىدۇق: (1) ئادەم چېچەن بولۇش؛ (2) ئاشلىق ئوبدان بولۇش؛ (3) سۇ تاتلىق بولۇش؛ (4) ئېچىتقۇ ئوبدان بولۇش؛ (5) ئۈسكۈنىلەر تازا بولۇش؛ (6) ئىدىش نەم بولۇش؛ (7) ئوت سۇس بولۇش.

فۇكاڭ جيۇيۇنجيې ئاق ھارىقى توغرىلىق بەزى قىزىقارلىق ئەپسانىلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلاردا كىشىلەرنىڭ بۇ ھاراقنىڭ سۈپىتىگە بەرگەن باھاسى ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ پادىشاھى دەۋرىدە، ۋاڭ لىيۇنىڭ ھاراق ياساش كارخانىسى ھازىرقى ۋۇيۇن دادۇيىنىڭ بېيخۇ دېگەن يېرىدە بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر ھاراق ياساش كارخانىسى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر خىزىر بۇ يەرگە شاراب ئىچىشكە كەپتۇ. ئۇ بىر غېرىدىر شاراب ئېلىپ ئىچكەندىن كېيىن يەنە بىر غېرىدىر ئېلىپ تولا قىسمىنى ئۇتلىۋېتىپ قالغان ئازاراغىنى يېنىدىكى قۇدۇققا تۆكۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ، شۇندىن ئېتىبارەن مۇشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن ھاراق ئىشلەيدىغان ۋاڭ ليۇ-داڭق چىقىرىپتۇ، كىشىلەر بۇنى خىزىرنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى دېيىشىدىكەن. 1979-يىلى مەن لياۋنىڭغا تۇغقان يوقلاشقا بارغىنىمدا، 1933-يىلى شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال پىدائىلار ئارمىيىسىنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلار فۇكاڭنىڭ جيۇيۇنجيې ئاق ھارىقىنى تىلىدىن چۈشۈرمەي ماختىشىپ كەتتى ۋە يۇقىرىقى ئەپسانىۋى چۆچەكنى تېخىمۇ ئەپسانىلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە فۇكاڭغا ئائىت بەزى قىزىق ئىشلارنى، مەسىلەن، ئېسىل پۇراقلىق ساپ ئاق ھاراق ۋە شېڭ شىسەينىڭ فۇكاڭ دۈڭگۈەن يۇشۇمياۋ بۇتخانىسىدا تېنىگە داۋا تىلەپ ئىلاھقا باش ئۇرغانلىقىدەك ئىشلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇلار يەنە: «فۇكاڭدا ئۈچ كارامەت بار، بىرسى ھاراق، بىرسى لازا، يەنە بىرسى ئات ئوغرىسى» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇ فامىلىلىك بىر



چال بولۇپ شېڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى چيۇ سىلىڭنىڭ يېقىن خىزمەتچىسى بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغلاردا چيۇ سىلىڭ زىياپەت ئۆتكۈزگەندە سوۋېت ھارىقىدىن باشقا يەنە فۇكاڭنىڭ جيۇيۇنجيې كوچىسىدا ئىشلەنگەن ئاق ھاراقتىن ئايرىلالمايدىكەن.

يۇقىرىقى ئەپسانىلەر ۋە قىزىق ئىشلار جيۇيۇنجيېنىڭ ئاق ھارىقىغا بىر خىل ئاجايىپ تۈس كىرگۈزىدۇ. بىراق ھاراق ياساشنىڭ 7 خىل ماھارىتىدە كۆرسىتىلگەن سۇ تاتلىق بولۇش كېرەك دېگەن سۆزنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. فۇكاڭدا بوغدا كۆلىنىڭ سۈيى بار. چوڭ-كىچىك بوغدا كۆلىنىڭ سۈيى ئېتىز-ئېرىقلارغا قويۇلۇپ يەر ئاستىغا سىڭىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ھەر خىل ئېلېمېنتلار بار. ھاراق ياساش كارخانىلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەر ئاستى سۇنىڭ يۆنىلىشى بويىچە قۇدۇق قازغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدۇق سۈيى ساپ، تەمى تاتلىق بولۇپ، ھاراق ياساشتىكى ئېسىل ماتېرىياللاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. 1944-يىلى جيۇيۇنجيېنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپتە لو خۇەنجاڭ ئاچقان ھاراق ياساش كارخانىسى، غەربىي دەرۋازا تەرەپتە گاۋ جېيچىڭنىڭ ھاراق ياساش كارخانىسى بار بولۇپ، گەرچە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولمىسىمۇ، لېكىن لو خۇەنجاڭنىڭ ئىشلىگەن ھارىقىنىڭ سۈپىتى گاۋ جېيچىڭنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بايىقى ئەپسانىدە تىلغا ئېلىنغان ھاراق پەرىشتىسى ھاراق تۆككەن قۇدۇقنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىمكانىيەت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇدۇقنىڭ بوغدا سۈيى ئۆتىدىغان يەردە ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

فۇكاڭ ئاق ھارىقى بازىرى ئىتتىك ماللاردىن ئىدى. 1863-يىلدىن ئاۋۋال شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سېتىلغاندىن باشقا، ھاراقنى

سېۋەتكە قاچىلاپ تۆگىگە ئارتىپ گۇچۇڭ، ئالتاي، تاشقى موڭ-
غۇل قاتارلىق جايلارغىچە ئاپىرىپ ساتقان. 1875 - يىلىدىن
كېيىن سۇجۇ (هازىرقى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن دېگەن يېرى»
غىچە ئاپىرىپ سېتىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى
ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ كۆپىنچە
شەرقتە گۇچۇڭغىچە، غەربتە دىخۇاغىچە بولغان يەرلەرگە
ئاپىرىپ سېتىلغان. دىخۇانىڭ كوچىلىرىدا، قاۋاقخانىلىرىدا
فۇكاڭ ئاق هارىقى سېتىلىدۇ، دېگەن ئېلانلار چاپلانغان ئىدى.

فۇكاڭدىكى هاراق ياساش كارخانىلىرى ناھىيە شەھىرىنىڭ
دۇڭگۈەن، جيۇيۈنجيې، زىنچۈەنزى دېگەن 3 جايىغا جايلاشقان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخى بىر - بىرىگە
ئوخشاشمايدۇ. هاراق ياساش كارخانىلىرىنىڭ بەزى خوجايىن-
لىرى فۇكاڭدىكى داڭلىق مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ، تارىختا خېلى
بىر مەزگىل دەۋر قىلىپ باققان. ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە بايان
قىلىمەن:

(1) فۇكاڭنىڭ ناھىيە شەھىرىدە ئىككى هاراق ياساش
كارخانىسى بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ شىمالىدىكى (يەنى
هازىرقى ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى) يۈشىڭكۈي ناملىق
كارخانا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ خان دەۋرىدە قۇرۇلغان،
ئۇنىڭ خوجايىنى لى فامىلىلىك (ئىسمى ئېنىق ئەمەس) بى-
رەيلەن بولۇپ، ئۇ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە، يەنى
1914 - يىلىغىچە باشقۇرغاندىن كېيىن جيا پىڭشەن ئۆتكۈ-
زۈۋالغان، جې جۈرېڭ مۇپەتتىش بولغان (ئۇلارنىڭ ھەممىسى
سەنشىلىك). ئۇلار 1921 - يىلىغىچە باشقۇرغان. 1922 - يىلى-
غا كەلگەندە ۋاڭ چيۈن ئۆتكۈزۈۋالغان، تاۋ مىڭيۈ مەبلەغ
قوشۇپ شېرىكلەشكەن (تاۋ شىنجاڭدىكى 3 ياش ئەزىمەتنىڭ



بىرسى)، 1933 - يىلى فۇكاڭدا ئۇرۇش بولغاندا توختىغان.
1935 - يىلى لى جېرۇ ئۆتكۈزۈۋالغان (لى خېبېيلىك ئىدى)
لى 2 يىل باشقۇرۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، 1937 - يىلىدىن 1938-
يىلىغىچە شې پاڭزا ئۆتكۈزۈۋالغان، شې دىخۇا شەھىرىدىكى
دېشىنخې ناملىق سودا سارىيى تەۋەلىكىدە ئىدى. 1939 - يىلى-
دىن 1940 - يىلىغىچە لى جىڭۋېن باشقۇرغان بولۇپ، ئۇ ياڭ-
زېڭشىن، جىن شۇرېن هاكىمىيىتى دەۋرىدە ئۆتكەن دېڭ فامىلىلىك
كونا دەللالغا تەۋە ئىدى. شېڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلغان
دەۋردە بۇ ئادەم قولغا ئېلىنىپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان،
هاراق ياساش كارخانىسىمۇ ئاسىيلارنىڭ مال - مۈلكى سۈپىتى-
دە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىل-
گەن ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نامى يۈخماۋ قىلىپ ئۆزگەرتىل-
گەن ئىدى. 1941 - يىلى خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
بۇ كارخانىنى ئەن يۇشەن، شى جەنجىن، شۈ ۋەنلىڭ، سۈي
ۋېنبىڭ تۆتەيلەنگە سېتىپ بەردى. بۇ تۆتەيلەن 40 مىڭ
يۈەن (شىنجاڭ پۇلى) پاي قوشۇپ، تۇڭ شېڭچۈەن نامىدا
بەش يىل تىجارەت قىلىپ 1945 - يىلى تارقىلىپ كەتتى،
1946 - يىلى بۇ كارخانىنى گو شىيۈگە سېتىپ بېرىپ ياڭ
جىڭمىڭنىڭ باشقۇرۇشىدا 1949 - يىلى ئازادلىققا چىققانغا
قەدەر تەن شۈنچۈەن نامىدا تىجارەت قىلدى.

ئىككىنچى بىر هاراق ياساش كارخانىسى شەرقىي دەرۋا-
زىنىڭ جەنۇبى (هازىرقى يېمەك - ئىچمەك لاۋازىمەت شىر-
كىتى رەسمىخانىسى ئورۇنلاشقان جاي) دا بولۇپ، نامى دې-
شىڭلۇڭ ئىدى. ئۇ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇرۇلغان
بولۇپ، ئاساسەن ياغپۇرۇشلۇق ۋە جۇڭيى دورىلىرىنى سېتىش
بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1936 - يىلى ئۇنىڭ خوجايىنى ۋاڭ نۇڭ-

گۇەن هاراق ئىشلەش خىلىنى كۆپەيتىپ، كۆپ خىل تىجارەت ئاساسىدا ئايرىم ھېسابات ئېلىپ باردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس بولۇپ، 1949 - يىلىغا كەلگەندە ئاران 13 يىل بولغان ئىدى. بۇ كارخانىغا ۋاڭ نۇڭگۇەن مەبلەغ سالغان، ۋاڭ چىچى (كونا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشىككە قارايدىغان بوۋاي)، كاڭ رۇبو، لى چىڭۋېن قاتارلىقلار پاي قوشقان ۋە بىرلىكتە باشقۇرغان، جاڭ ۋەنيۈەن جىڭلى بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن كاڭ رۇبو، لى چىڭۋېنلار قوشقان پېيىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن خې بىڭۋۇ دېگەن كىشى پاي قوشقان. ئۇلار 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارقىلىشىپ كەتكەن. 1942 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە ۋاڭ شۈلى (ۋاڭ نۇڭگۇەننىڭ ئوغلى) يالغۇز باشقۇرغان.

بۇ ئىككى ئائىلىلىك هاراق كارخانىسى 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تىجارەت قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قالاق ئىدى، قول مەشغۇلاتى ئاساس قىلىناتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە ھەر ئايدا 20 ئىدىشتىن 24 ئىدىشقىچە هاراق ئىشلەيتتى، ھەر بىر ئىدىش ئۈچۈن 2 دادەن 4 كۇرە (ھەر بىر دادەن 400 جىڭ) خام ئەشيا، 8 كۇرە ئېچىتقۇ كېتەتتى، ھەر بىر ئىدىشقا 250 كىلودىن 350 كىلوغىچە هاراق قاچىلاشقا بولاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغىچە ۋە 1933 - يىلدىن ئاۋالقى مەزگىللەردە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 43 مىڭ جىڭغا بارغان بولۇپ، 1935 - يىلدىن كېيىن بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ هاراق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدا سەل كۆپىيىش بولغان، يىللىق ئىشلەپ-



چىقىرىش مىقدارى 130 مىڭ جىڭغا يەتكەن. 1945 - يىلدىن كېيىن تۆۋەنلەپ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 110 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قالغان. بۇ ئىككى كارخانىدىكى خىزمەتچى-خادىملارنىڭ سانى 20 نەپەر ئىدى (مەدىكارلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس).

هاراق ياساش بىلەن شۇغۇللانغان نۇرغۇن جىڭلىلار ئىچىدە گو شىيۇ بىر مەزگىل داڭق چىقارغان. 1946 - يىلدىن 1949 - يىلىنىڭ دەسلەپكىچە بولغان مەزگىلدە گو شىيۇ ياش قامەتلىك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن، باردى - كەلدى ئىشلىرىغا ماھىر بولغان. ئۇ هاراق ياساش ئىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە ياغ ئىشلەش كارخانىسى قۇرغان ۋە باشقا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دىخۇا بىلەن گەنسۇ، لەنجۇ ئارىلىقىدا تۇختىماي قاتناپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەلدارلار سوزۇنلىرىدىمۇ كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ، دىخۇادىكى ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشقان، ماشىنا سېتىۋالغان ھەمدە ۋاكالەتخانە قۇرغان. ئەينى زاماندا گومىنداڭنىڭ تەمىنات ئىدارىسىدىكى ئەمەلدارلار ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن قامداپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ دىخۇا شەھىرىدىكى ۋە فۇكاڭ ناھىيىسىدىكى سودا ساھەسىدە نوچى ئادەم بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر-تىرىشچانلىقلىرىغا باقماي، ئۇنىڭ هاراق ياساش كارخانىسى ئاخىرى يەنىلا يېپىلىپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق پۇلى بىلەن بوغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىنىپ، فۇكاڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە جازاغا ھۆكۈم قىلىندى.

( 2 ) جيۇيۇنجيېڭ ئاق هارىقى ئەڭ داڭلىق بولۇپ،
ئۇنىڭ كارخانىسىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان. 1942 ـ يىلى ـ
دىن ئېتىبارەن ۋاڭ لىيۇ ( شەنشىلىك ) ھاراق ياساش كارخا ـ
نىسى قۇرغان، ئورنى ۋۇيۇنخۇانىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە
( هازىرقى تىيەنچى گۇڭشې ۋۇيۇن دادۇي بېيخۇدا ) بولۇپ،
ۋاڭ سىيۇ ھەم جىڭلى بولغان، ھەم هاراق ياساش ئۇستىسى
بولغان، ياسىغان هاراقىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، شىمالىي
شىنجاڭدا داڭقى بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەپسا ـ
نىۋى چۆچەك دەل مۇشۇ هاراق ياساش كارخانىسى ئۇستىدە
بولغان. 1863 ـ يىلىدىن كېيىن، تۇدېلىن ئۆزىنى چىڭ جىن
ۋاڭ ( مۇسۇلمان شاهى ) دەپ ئاتىدى، ياقۇپبەگ ئۇرۇمچىگە
هۇجۇم قىلىپ كىردى. شۇنداقلا بەيخۇيەن شىنجاڭغا كىرىپ
گومىدىنى بېسىۋالدى. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى دەستىدىن
فۇكاڭ خەلقى قاتتىق ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. هاراق ياساش
كارخانىسىمۇ ئىشتىن توختىدى، 1879 ـ يىلىغا كەلگەندە
لياڭ كۇي جيۇيۇنجيېنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە هاراق ياساش
كارخانىسى، ياغ كارخانىسى قۇرۇدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
مىقدارى يۇقىرى بولۇپ تا سۇجۇغىچە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ
ھەمدە سۇجۇدا هاراق دۇكىنى ئاچىدۇ. لياڭ كۇينىڭ ئۆزى
سۇجۇ بىلەن فۇكاڭ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كارخا ـ
نىسى مىنگونىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يېپىلغان. 1910 ـ
يىلىدىن كېيىن جيۇيۇنجيې شەرقىي دەرۋازىنىڭ شىمالىدا (ها ـ
زىرقى تيەنچى گۇڭشې قول هۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى قورو ـ
سىدا) هاراق ياساش كارخانىسى قۇردى. لى يۇ ياشانغان
ئادەم بولۇپ، بالىلىرى ئالىقاپ، كارغا كەلمەس ئىدى. 1915 ـ
يىلى ئۇئۆزىنىڭ هاراق ياساش كارخانىسىنى لوخۇەنجاڭغا سېتىپ



بەردى. لو تىجارەت قىلىشتا پەملىك بولۇپ قوشۇمچە دېهقاند ـ
چىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، قىسمەن خام ئەشيا ئۆزىدىن
بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۇ بۇ ئىش بىلەن 35 يىل شۇغۇللانغان)
1947 ـ يىلىغا كەلگەندە لو ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى
كۆزدە تۇتۇپ، كارخانىنى جىڭلى ۋاڭ فۇتۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بەر ـ
دى، بۇ كارخانا 1949 ـ يىلى ئازاد بولغاندا تاقالدى.
1941 ـ يىلى، جيۇيۇنجيې غەربىي دەرۋازىنىڭ جەنۇبىي
تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق ماشيۇسەينىڭ هويلىسىدا ( هازىرقى
تيەنچى گۇڭشې جيۇيۇنجيې ئاشلىق پونكىتى ئائىلىلىكلەر
قوروسىدا) بىر هاراق ياساش كارخانىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا
ۋاڭ شىنفاڭ (ئۇ تيەنجىنلىك بولۇپ ئۆزى دىنخۇادا تۇراتتى)
جىڭلى بولدى، بىراق يېرىم يىلدىن كېيىنلا توختاپ قېلىپ
كېيىنچە گاۋ جېچىڭغا سېتىپ بېرىلدى. گاۋ ئۆزى جىڭلى
بولدى. بۇ كارخانىغا دىخۇا شەھىرىدىكى تۆت سودىگەر ۋە
گاۋنىڭ ئۆزى پاي قوشقان، ھەر بىر پاينىڭ سانى 2 مىڭ
يۈەن بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. مۇشۇن ـ
داق ئازغىنە مەبلەغ بىلەن 5 يىل باشقۇرغاندىن كېيىن، ھېچقانچە
پايدا بولماي، قوشۇمچە چوشقا بېقىشقا كىرىشتى. 1946 ـ يىلىغا
كەلگەندە يېپىلىپ قالدى.
يىز ئەمدى هاراق ياساش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان
فۇكاڭنىڭ يەرلىك كىنەزى، ئاتاقلىق مۆتىۋەر لوخۇەنجاڭ توغرى ـ
سىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:
فۇكاڭدا هاراق ياساش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ
ئىچىدە ئەڭ ئاتاقلىقى لوخۇەنجاڭ هېسابلىنىدۇ. لونىڭ دادىسى
ئەسلى شەنشىلىك بولۇپ، 1870 ـ يىلى گومىدىن فۇكاڭغا
سەرگەردان بولۇپ ئېقىپ كەلگەن، دۇڭبايۈەندە دېهقانچىلىق

بىلەن شۇغۇللانغان، لوخۇەنجاڭ 1890 - يىلى فۇكاڭدا تۇغۇلۇپ، ياشلىق دەۋرىدە تۇرپان ناھىيىسىدىكى تېلېگراف ئىدارىسىدا تېلېگرامچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1915 - يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ھاراق ياساش كارخانىسىنى باشقۇرغان، لو ئېغىر ئادەم ئىدى، كىشىلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ 1933 - يىلدىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ئەمەلدارى بولغان. 1938 - يىلى ئېچىلغان شىنجاڭ سەنمىنجۇيى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا فۇكاڭ ۋەكىلى بولغان. 1945 - يىلدىن كېيىن بىر يىل كەنت باشلىقى بولغان. بۇ چاغدا لو خۇەنجاڭنىڭ نامى ۋە مال - مۈلكى كۈنسايىن ئېشىپ بىر مەزگىل داڭق چىقارغان ھەمدە فۇكاڭ ناھىيىسى بويىچە مەرتىۋىلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر قېتىم يېڭى ھاكىملار ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا ھامان لو خۇەنجاڭنى يوقلايتتى، دىخۇادىن كەلگەن ئەمەلدار، بايلارمۇ شۇنداق ئىدى. لو جامائەت ئىشلىرىغا قىزغىن قاتنىشاتتى ھەمدە فۇكاڭدىكى سەنگۇڭ - سىگۇڭ دەريالىرىنىڭ سۇ سىستېمىسى بىلەن تونۇش بولۇپ، ئەگەردە دېھقانلار سۇ ئۈستىدە جېدەل چىقارسا ياكى ئائىلە ماجراسى تۇغۇلسا ئۇ قىزغىنلىق بىلەن زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۆز ئائىلىسىدىكى ياللانما ئىشچىلارغا نىسبەتەنمۇ بىر قەدەر مۇلايىم بولۇپ، باشقا يەر ئىگىلىرىگە ئوخشاش ۋەھشى ئەمەس ئىدى. مەسىلەن،، ھاراق ياساش كارخانىسىنىڭ ئىشچىلىرىدىن دۇڭ سۇنخۇ، لى چۈنسەي قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ يېشى 50كە يەتكەن بولۇپ تېخى ئۆيلەنمىگەن بولغاچقا، لو ئۇلارغا كېلىن تېپىپ ئۆيلەپ قويغان، ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى شۇ چاغدا ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. گەرچە ئۇ فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن كۈچى-



نىڭ بېرىچە خىزمەت قىلسىمۇ، بىراق خوجايىنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى. بەزىدە ئەسكەرلىككە ئادەم ئەۋەتىش، ئاشلىق يىغىش ۋە باشقا ئۆشرە - زاكاتلار دەستىدىن جېنى جاق توياتتى.

1947 - يىلى، ئۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنىڭ ھاراق ياساش كارخانىسىنى ۋاڭ فۇتۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۆزى بولسا دىخۇا شەھىرىدە بىر يۈرۈش قورو - جاي سېتىۋېلىپ تەنها ياشىدى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن فۇكاڭ جيۇيۈنجيېگە قايتا كۆچۈپ كەلدى. ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، لو خۇەنجاڭ يەر ئىگىلىرى ئارىسىدا تەشۋىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىشقا قاتنىشىپ، ئاشلىق يىغىش خىزمىتى جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، 1950 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتە ئۇ ئۆزىنىڭ دىخۇادىكى ئۆي جايىنى 150 سەر ئالتۇنغا سېتىپ ئىئانە قىلدى. جيۇيۈنجيېدىكى ياغ كارخانىسىنى 2 - رايوننىڭ خىزمەت ئورگىنى قىلىپ ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى شىنجاڭ گېزىتىدىمۇ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇ يەنە ئىككى مىڭ يۈەنلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ ج ك پ 2 - رايونلۇق كومىتېتىغا ۋە سىغەن مەكتەپكە تەقدىم قىلدى. ئۇ 1965 - يىلى ۋاپات بولدى.

(3) زىنچۈەنزىدىكى ھاراق ياساش كارخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلىپىدە قۇرۇلغان بولۇپ، سەنشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن بىرەيلەن خوجايىن ئىدى، لى بائېر جىڭلى ئىدى. كارخانا يۇڭتەي دەپ ئاتىلاتتى. 1933 - يىلى جاۋ جۈنچىڭ جىڭلى بولدى. 1939 - يىلى جاڭ فامىڭنىڭ

بىرەيلەن جىڭلى بولدى. 1944 - يىلىدىن كېيىن لى جىنگوي جىڭلى بولدى. 1948 - يىلى سەنشى ئازاد بولغاندىن كېيىن كارخانا خوجايىنىنىڭ نەۋرىسى فۇكاڭغا كېلىپ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېپقېلىپ، كارخانىنى گاۋ يۈكشىڭغا سېتىپ بەردى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئۇنى ۋۇ تىڭيۈن، ۋاڭ ۋەنباۋ ئىككەيلەن بىرلىشىپ باشقۇردى. كېيىن تەمىنات كوپېراتىپى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1933 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە 45 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1935 - يىلىدىن كېيىن 72 مىڭ جىڭغا يەتكەن. 1945 - يىلى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 75 مىڭ جىڭ بولغان. خىزمەتچىلەردىن 12 كىشى بار ئىدى (ياللانما ئىشچىلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس).

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى بىلەن فۇكاڭدا ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىش تامامەن توختىدى. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلار فۇكاڭ ئاق هارىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سەپلىرىدە ۋە تەمىنات كوپېراتىپلىرىدا خىزمەت قىلىدۇ، بەزىلەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتى.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا شى جەنجىڭ، لياڭ شۇمۇ، ۋاڭ فۇتۇڭ، ۋاڭ شۇلى، ياڭ جېچىڭ، دۇڭ سۇنفۇ، گو شىيۈن قاتارلىق بوۋايلار ياردەم قىلدى.

1984 - يىلى 6 - ئاي



# ئۈرۈمچىدە تىياتىر ۋە ئەلنەغمىنىڭ تەرەققىياتى

جاڭ ۋېنجۇڭ

## جىڭجۇ تىياتىرى

شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئاۋۋال «جىڭجۇ تىياتىرى» شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە يوق دېيەرلىك ئىدى. 20 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قىسىم جىڭجۇ ئارتىسلىرى كېلىشكە باشلىدى. خېبېي باڭزىدىكى «جىلىبەن» دە جىڭجۇ تىياتىرى قوشۇپ ئوينالغان بولۇپ، تېخى مۇستەقىل بىر جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلمىغان ئىدى.

ئۈرۈمچىگە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن جىڭجۇ تىياتىر ئارتىسى — جى شاۋپۇ بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە بېيجىڭدىكى داڭلىق جىڭجۇ تىياتىر ئارتىسى لى جىرۇينىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ كېيىن سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، ھەزىلكەش ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولغان، ئۇ ئۇزۇنغىچە بېيجىڭ جىڭجۇ تىياتىرى ئۆمىكىنىڭ نەشپۇتلۇك قورۇسىدىكى شاگىرتلار ئارىسىدا ياشىغان ھەم لى جىرۇينىڭ ئۆزى

بىۋاسىتە ئۆلگە كۆرسىتىپ ئۆگىتىشى نەتىجىسىدە جىڭجۇ سەنئەت بىلىمى جەھەتتە پۇختا يېتىشىپ چىقىشقا باشلىغان. ئۇ 20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاۋۋال «تيەنلىبەن» گە كىردى، كېيىن «جىلىبەن» گە كىرىپ جىڭجۇ ھەۋەسكارلىرى ۋە خېبېي باڭزى ئارتىسلىرىغا ھەمراھ بولۇپ جىڭجۇ ئويۇنىنى ئوينىدى. ئوينىغان ئويۇنلىرىدىن: «ئايال گۇناھكارنى يالاپ ئېلىپ مېڭىش»، «قارا تەشتەك خاتىرىسى»، «يولۋاس جىلغىسىدا يېتىش» قاتارلىقلار بار. ئۇ تىياتىر ئويناش بىلەن بىللە يەنە ئۆزىگە شاگىرت قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىدە جىڭجۇ تىياتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆرتكە بولدى. كېيىن ئۈرۈمچىدە جىڭجۇ سەھنىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ھەزىلكەش ۋاڭ دېكې، ساقاللىقلار رولىنى ئېلىپ چىققۇچى ئەن يۈليەن قاتارلىقلار ئۇنىڭ تالانتلىق شاگىرتى ئىدى.

جى شاۋپۇدىن كېيىنرەك ئۈرۈمچىگە كەلگەن جىڭجۇ ئارتىسلىرىدىن چىن يۈچياۋ، چىن يۈلۈ ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن بولۇپ، بۇلارمۇ نەسىپۇتلۇك قورودىن چىققان مۆتىۋەرلەردىن ئىدى. بۇ ئاكا ـ ئۇكا قاتارلىق بىر قانچە كىشى جىڭجۇ ئارتىسى ئىدى. چىن يۈچياۋ مەخسۇسلا گۈەنگۇڭ توغرىسىدىكى تىياتىرلارنى ئوينايتتى، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ناھايىتى جايىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى تىياتىر سەھنىسىدە «ھايات گۈەنگۇڭ» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. چىن يۈلۈ ئەر چامباشچىلارنىڭ ناخشىسىنى ئېيتاتتى ۋە رولىنى ئالاتتى، ئۇنىڭ ماھارىتى چىن يۈچياۋدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئاكىسى بېيجىڭدىكى ئاتاغلىق چامباشچى بولۇپ، ئۇ «چوڭ يۈلۈ» دەپ ئاتىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ چىن يۈلۈنى «كىچىك يۈلۈ» دەپ



ئاتايدىغان بولدى. چوڭ يۈلۈ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم رەسمىي ئوينىغان ئويۇنى «گۈللۈك كېپىنەكنى تۇتۇش» دېگەن چامباشچىلىق تىياتىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمشاق كالتەك ماھارىتى ھەممە ئادەمنى قىزىقتۇردى. چىن يۈلۈنىڭ ئېگىز ئېسىلغان يۇمشاق كالتەك ئۈستىدە ئۆزىنى بوشىتىپ مۇللاق ئېتىشى، چايقىلىپ تىنىك تۇرۇشى خۇددى «ھاۋادا ئۇچۇدىغان ئادەم» گە ئوخشايتتى، ئۇ ئورۇنلىغان ئاجايىپ ئويۇنلار ئاممىنىڭ قىزغىن ماقتىشىغا ئېرىشتى.

20 ـ يىللاردىن 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئىچكىرىدىن كەلگەن جىڭجۇ ئارتىسلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە چاڭچىلە ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىرگە ھېسابلىغاندا خېلى كۆپ بولۇپ قالاتتى. چاڭچىلە ھەۋەسكارلىرى ئىچىدە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن يىن جيەنچىڭ، ۋاڭ زىيۇ، گوڭچىن، ياڭ رۇيفېڭ، ليۇ ۋەنچۈەن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار شۇ چاغلاردا «كالتەكلەپ ساندۇقتىن چىقىرىش»، «گۆھەر تاشپاقىغا ھاراق تۇتۇش»، «تۆت يىگىتنىڭ ئاپىسىنى يوقلىشى» قاتارلىق ئويۇنلارنى بىرلىشىپ ئوينىغان ئىدى.

30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بىر قىسىم شەرقىي شىماللىق پىداكارلار قوشۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەملەر جىڭجۇ تىياتىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىلىرى يەنە سەھنىگە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتەتتى. مەسىلەن: جۇ يۇخې، فەن جىنسەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتاغلىق تىياتىر ھەۋەسكارلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ياردىمى بىلەن «جىلىبەن» گۇاڭمىڭ تىياتىرخانىسىنى ئاچقان ئىدى. شەرق شىمال پىداكارلىرى بىلەن ۋاڭ يامىن ئىسىملىك جىڭجۇ

ئوينايدىغان ئايال ئارتىس بىللە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پې گۇاڭيۈەن (باگزى ئارتىسى)، مېي لەنفاڭ ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈپ ئوينىغان «قىز بالىنىڭ ئىلاننى ئۆلتۈرۈشى» دېگەن جىڭجۇنى ئورۇنلىدى. بۇ خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش ئاساسىي تېما قىلىنغان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، ئىلغار ئويۇن ئىدى.

30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مېي لەنفاڭ مەزھىپىدىكى ئايال جىڭجۇ ئارتىسى ۋېي ياچيۇ ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ۋېي پىيچيۇ ئىككىسى خېنەندىن يولغا چىقىپ لەنجۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ «جىلىبەن» گە قاتنىشىپ، گۇاڭمىڭ تىياتىرخانىسىدا مېي لەنفاڭ مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى «زالىم پادىشاھنىڭ خانىش بىلەن ۋىدالىشىشى»، «كۈمۈش رومكا»، «جىننتاكىنى ئۆلتۈرۈش»، «تەبرىكتىن كېيىن ئوردىنى تالاش» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. ۋېي ياچيۇ يەنە بىرىنچى بولۇپ ئۈرۈمچى تىياتىر سەھنىسىدە دېكراتسىيە ئىشلىتىپ قويۇلىدىغان سەھنە ئەسىرى «ئالتۇن قامچا خاتىرىسى» نى قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە «مولۇننى ۋەلىئەھدىگە تېگىشىش» دېگەن كۆرۈنۈشتە قىشلىق ئوردىنى كۆيدۈرگەن چاغدا سەھنە ئۈستىدىكى ئوت يالقۇنى تازا ئەۋج ئېلىپ كىشىگە راستەكلا تۇيۇلدى، شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە ھەيران قېلىشتى.

ۋېي ياچيۇ شۇ چاغدا 30 ياشلار ئەتراپىدا ئىدى، ئۇنىڭ سوپى زىلۋا، ئۆزى كېلىشكەن، ئاۋازى يېقىملىق بولغاچقا، بەزىبىر نوپۇزلۇق ئەمەلدارلارنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىشكە باشلىدى. بۇ بىر تۈركۈم تۈرقى ئىنسان قىلىقى



ھايۋانلارنىڭ تەھدىت سېلىش ۋە ئازدۇرۇشىغا نىسبەتەن ۋېي ياچيۇ قىلچە بوش كەلمىدى. بىر - بىرلەپ رەت قىلدى ۋە ئەيىبلىدى.

كېيىن بۇ نوپۇزلۇق ئەمەلدارلار ئۆشتۆمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ۋېي ياچيۇغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلدى. كونا جەمئىيەتتە يامان ئادەملەر جاھان سورايدىغان، پۇقرالار بالايى - ئاپەتكە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئايال سەنئەتكار. ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا پالاندى.

1937 - يىل شېڭ شىسەينىڭ ئوفىتسېرلەر مەكتىپى، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش نامىدا ئوفىتسېرلەر مەكتىپىدە جىڭجۇ ئۆمىكىنى قۇردى. بۇ ئۆمەك ئوفىتسېرلەر مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە 14 - 13 ياشلىق زاپاس ئوقۇغۇچىلارنى تايانچ قىلىپ ئويۇن قويۇشقا كېرەكلىك جابدۇقلارنى سېتىۋالدى ھەمدە پىششىقەدەم جىڭجۇ ئارتىسى شاڭ جىڭگۇينى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلدى. بۇ ھەربىيلەشكەن جىڭجۇ ئۆمىكى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ 3 يىلدا ئورۇنلىنىدىغان ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شىنشىڭ تىياتىر سەھنىسىدە ۋە شىنجۇڭ تىياتىرخانىسىدا رەسمىي ئويۇن قويۇشقا باشلىدى. قويغان ئويۇنلىرىدىن «فامىن ئىبادەتخانىسى»، «ساۋساۋنى تۇتۇپ قويۇپ بېرىش»، «ئالتۇن مۇنبەر» قاتارلىقلاردا بۇ ئۆمەكنىڭ مەبلىغى كۆپ، ئۆزى رەتلىك بولغاچقا بىر مەزگىل تازا دەۋر سۈرۈپ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1940 - يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ئاشكارا ھالدا

گومىنداڭغا ئۆزىنى ئېتىشى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىدى، ھەربىيلەردىن تەشكىللەنگەن بۇ جىڭجۇ ئۆمىكىمۇ ئۈن-تۈنسىز غايىب بولدى.

1939-يىلى، ئۈرۈمچىدە تۇنجى كەسپىي جىڭجۇ ئۆمىكى بارلىققا كەلدى. بۇ تىياتىر ئۆمىكى 30-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «مۇھاجىرلار ئۆمىكى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار دەسلەپتە ئىلىغا ئورۇنلىشىپ ئىلگىرى-كېيىن غۇلجا، سۈيدۈڭ (قورغاس) ئەتراپىدا ئويۇن قويۇشقا باشلاپ تيەنجىن ياڭلىيۇچىڭلىق زاتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كېيىن «شىنمىن تىياتىر ئۆمىكى» قۇرۇلدى. 1939-يىلى كۈزدە چاڭچىلخانىدىكىلەر بىلەن زىددىيەت بولۇپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھازىرقى 1-ئاۋغۇست تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئورنىدا شىنشىڭ تىياتىرخانىسىنى قۇردى. بۇ چاڭچىلە ئۆمىكى، جىڭجۇ تىياتىرى، پىڭجۇ تىياتىرى، خېبېي باڭزى قاتارلىقلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال چاڭچىلە ئۆمىكى بولۇپ جىڭجۇ قويۇشنى ئاساس قىلاتتى.

«مۇھاجىرلار ئۆمىكى» نىڭ ئارتىسلىرى بىر قەدەر رەتلىك بولۇپ، ئىچىدە ئاتاغلىق ئارتىسلاردىن ئالا-چىپار يۈزلۈكلەر ۋە سەت كۆرۈنۈشتىكىلەرنىڭ رولىنى تەڭ ئېلىپ چىقالايدىغانلاردىن چېن باۋچىڭ، ئايال رولىنى ئالغۇچى مىڭ يۈشيەن، دېن يۈلەن، چامباشچى لو گۇيچۈن، ليۇ شىڭكۇي، ساقاللىقلار رولىنى ئالىدىغان بەي رۇڭچۇ قاتارلىقلار بار ئىدى. «مۇھاجىرلار ئۆمىكى» ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، باشقا تىياتىر ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ياپونغا



قارشى ئورۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ نەق پۇل يىغىپ ئىئانە قىلدى. بۇ مەزگىللەردە ھەرقايسى تىياتىر ئۆمەكلىرى «ياپونغا قارشى ئورۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى»، «تەيجى كەنتى»، «ۋەتەننى قوغدۇش ئۈچۈن جان پىدا قىلىش»، «يولدىشىنى ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا نەسىھەت قىلىش»، «لوگوچياۋ كۆۋرۈكى»، «ساتقۇننى تۇتۇش»، «پەنەر چىراقنى چېقىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى قويدى.

1944-يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى تارماقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتكۈزۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىش، ھايانكەشلىك قىلىش شامىلى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ، مال باھاسى ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى جىددىيلىشىشكە باشلىدى. «مۇھاجىرلار ئۆمىكى» ئامالنىڭ يوقىدىن ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

1945-يىلى ياپون قاراقچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى «مۇھاجىرلار ئۆمىكى» غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يېرىم باھادا ئويۇن قويۇپ، تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۈتۈۋالدى. بۇ كۈنى «ما چيەنلۇڭنىڭ چەتكە چىقىشى» دېگەن ئويۇننى قويۇپ بەردى. ئويۇن باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا گومىنداڭنىڭ 9-جۈنگە قاراشلىق ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە مەلۇم قىسىمدىكىلەر ئورۇن تالىشىپ توقۇنۇشۇپ قېلىپ، ئاۋۋال تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدە مۇشلىشىپ كەتتى، كېيىن كوچىغا چىقىپ جېدەل قىلىشتى. تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولغان گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال مۇئاۋىن جاڭگۇەنگە قاراشلىق پەۋقۇلئاددە تۇەننىڭ 1-ليەنىدىكى ئەسكەرلەر

دەرھال لىيەن شتابىغا بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. 1 - لىيەننىڭ باشلىقى جۇ × × نەق مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرماقچى بولغاندا قورالنىڭ ئاغزى پەسرەك بولۇپ قېلىپ ئوق يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا تېگىپ كېتىپ مەملىكەتنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ۋەقە پەيدا بولدى.

ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ساۋاقدىشىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېزدىن مەكتەپكە قايتىپ 400 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىپ، مىلتىقلىرىنى بەتلەپ شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، مۇئاۋىن جاڭگۈەن تۇرۇشلۇق جايىنى قورشىۋالدى. بىرمەيدان كۆرەش قىل ئۇستىدە قالغان ئىدى. گارنىزون قوماندانلىقى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويدى. تەكرار تەنپەن قىلىش ئارقىلىق ئاخىرىدا ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك ئۈچ تەلەپنى ئورۇنلاپ بېرىپ، چېكىنىپ چىقىش كېلىشىمىنى ھاسىل قىلدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن شىنشىڭ تىياتىر ئۆمىكىمۇ ئويۇن قويۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆمەكنىڭ باشلىقلىرى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق تۇتقۇن قىلىنىپ بىرقانچە كۈن سولاپ قويۇلغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى، ھەتتا شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكىمۇ خەۋپتىن قورقۇپ ئويۇن قويۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

1946 - يىلدىن باشلاپ «مۇھاجىرلار ئۆمىكى» نىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ تاقىلىپ قالاي دېگەن چاغدا



گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى (كېيىن سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى) نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر باشقارمىغا قاراشلىق سىياسىي خىزمەت دادۈيىدىكى جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ شتابىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنشىڭ تىياتىر ئۆمىكى «تىيانشان داخۇيتاڭ» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەك قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىپ، ئارتىسلارغىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇقىم ئىش ھەققى بېكىتىلدى.

تىيانشان داخۇيتاڭنىڭ ئۈرۈمچىدە مەيدانغا چىقىشى بىلەن تۈگىمىشىپ كېتىۋاتقان جىڭجۇ تىياتىرى قايتىدىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. مۇھاجىرلار ئۆمىكىدىكى ئەسلىدە بار ئارتىسلاردىن باشقا يۇقىرى ھەق بىلەن يەنە يېڭىدىن بىر تۈركۈم يەنىمۇ قابىلىيەتلىك داڭلىق ئارتىسلار تەكلىپ قىلىندى. مەسىلەن، لەنجۇدا ئۈچ پىلىك دەپ ئاتالغان جاڭ نەيپىڭ، لى يۆپىڭ، جاڭ يەنپىڭلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئويۇن قويدى. ساپلا مۈڭگۈزلۈكلەرنىڭ رولىنى ئالىدىغان ۋاڭ رونەن، چامباشچى چېن چۈنپۇ، يۇقىرى ئاۋازدا كۈلگۈچى گاۋ شياۋسەن، ئەرخوتۇن، قارا كىيىملىك يۇ سۇچيۇ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بەزى چاڭچىلە ھەۋەسكارلىرى ئىئانە يىغىش ئۈچۈن ئويۇن قوياتتى. بەزىلىرى تەكلىپكە بىنائەن رەسمىي ئارتىسلىققا ئۆتكەن ئىدى. 1947 - يىلى قىشتا شىنجاڭ گارنىزونى باش شتابىنىڭ سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى چېن چۈنپۇنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ ئىچكىرىدىكى جىڭجۇ ساھەسىدىكى پىشقەدەملەردىن بىرىنچى دەرىجىلىك سەنئەتچى لى شىيۇ، «چىرايلىق مايمۇن پادىشاھى» دەپ نام ئالغان لى ۋەنجۈنگە ياردەمچى رول ئالغۇچى لەن يۆجۈن، ئايال رولىنى ئالغۇچى مېي سۇجۇەن قاتارلىق

لارنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. بۇلار سەھنىگە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئالغاچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن سەھنىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 30 نەچچە كوللېكتىپ ئورۇن ۋە ئىدارە بىرلىشىپ چوڭ بىر دېكوراتسىيە تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تىيانشان داخۇيتاڭىنىڭ ئابرويى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى. لى شىفۇ، لەنيۆجۈن، مېي سۈجۈەن قاتارلىقلار ئوينىغان «ۋالىنى تەكلىپ قىلىش»، «تۆت جىنشى» «كالتەكلەپ ساندۇقتىن چىقىرىش»، «خەنشىننى قوغلاش»، «ئەرشىنى قالايمىقان قىلىش»، «قاشتېشى بىلەيزۈكى تېپىۋېلىش» قاتارلىق تىياتىرلار ئۈرۈمچىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ باسقۇچنى جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ شىنجاڭدا گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

1949 ـ يىلى ئەتىيازدىن كېيىن، ئىچكىرىدە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولدى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئومۇميۈزلۈك ھالاكەتكە يۈزلەندى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى يامانلىشىپ، جەمئىيەت ئەنسىزلىشىپ ئىشلار ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ھېچكىم ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى خالىمايتتى. بۇ چاغدا تىيانشان داخۇيتاڭى تۇيۇق يولغا كەپقالدى. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى زالنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىمۇ ئىگەللىمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزىدە «گۈەنسەيىنى پالتا بىلەن چېقىش»، «يىپ ئىگىرىش» قاتارلىق شەھۋانە، پەس تىياتىرلارنى قويۇپ تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلدى. ئارتىسلار يوقسۇللۇق ۋە كېسەل قوشلاپ كەلگەن قىيىن شارائىتنى ۋە تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى چىشىنى چىشقا چىشلەپ ئۆتكۈزدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.



تىيانشان داخۇيتاڭى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار بىلەن بىللە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 ـ بىڭتۇەننىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە قاراشلىق جىڭجۇ ئۆمىكىگە قوشۇۋېتىلدى. بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش، ئۆزگەرتىش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۇ يەنە ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1952 ـ يىلى ئۈرۈمچى 1 ـ رايون (تىيانشان رايونى) دىكى بىر قىسىم ياش تىياتىرھەۋەسكارلىرى شىجيا قوروسىدا (ھازىرقى چۈنجۈڭ تىياتىر خانىسىنىڭ ئورنىدا) ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ كىچىك تىپتىكى دراممىلارنى تەييارلاپ قويۇشقا باشلىدى. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھايات گېزىتىدىكى «ئامېرىكا ـ قەغەزيولۋاس» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى جاڭ چىڭشياڭ «خەنچېڭنى ئازاد قىلىش» دېگەن جىڭجۇغا ئۆزگەرتىپ ئۇدا 7 ـ 6 مەيدان قويغاندا نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە «يۈنلۇشەن» قاتارلىق بىرقانچە زامانىۋى جىڭجۇ تىياتىرىنى تەييارلاپ قويۇپ جەمئىي 2000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىگە ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىلدى.

تىياتىر ئۆمىكى ھەر قېتىم ئويۇن قويۇپ تاپقان كىرىمىنىڭ بىر قىسمىغا كىيىم ـ كېچەك، سەھنە جاھازلىرىنى سېتىۋالدى، كۆپ قىسمىنى تىياتىرخانىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلەتتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سودىگەر جاڭ دىڭفېڭ ۋە مۇزىكىچى جياياۋچۈەندىن 3000 يۈەن قەرز ئېلىپ بىر يۈرۈش كونىچە چاڭچىلە ساندۇقى سېتىۋېلىپ ئەنئەنىۋى جىڭجۇ ئويۇنلىرىنى ئويناشقا شەرت ھازىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى ئارتىسلارنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن

بولغانلىقتىن بىرقەدەر كىچىكرەك بولغان ئۆز ۋەنىدە پەقەت ئويۇنلارنىلا قويالىدى.

1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار پۇل چىقىرىپ لەنجۇدىن ساقاللىقلار رولىنى ئېلىپ چىققۇچى كەسپىي ئارتىس ياڭ باۋ-رۇي، ئايال رولىنى ئالغۇچى ۋاڭ خۇيچىڭ قاتارلىق 7 كىشىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار رەسمىي ئويۇن قويغاندىن كېيىن قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىپ ئەھۋال ياخشىلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ھەم ئىشتىن سىرت، ھەم كەسپىي خاراكتېرلىق تىياتىر ئۆمىكى پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا چياۋسىتيەن ئۆمەك باشلىقى، جاڭ چىڭشياڭ، ليۇ يىننەنلەر مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلىدى.

شۇندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئىشتىن سىرتقى جىڭجۈ تىياتىر ئۆمىكى شەھەر پارتكومىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ ئۆمىكى قۇرۇلدى. ئۆمەكنىڭ ئەسلىدىكى باش ئۆمەك باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى ئىستېپا بەردى. شۇ چاغدا 1 - رايونلۇق يۆتكەش - توشۇش ئىشچىلىرى ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى، پىشقەدەم ئارتىس يولداش جاۋدېفېڭ بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ تىياتىرخانىسىنىڭ ئىسمىنى بېكىتىشتە، ئىشتىن سىرتقى كەڭ جىڭجۈ ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇ ئۆمەكنى قۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە «ئاممىۋى تىياتىرخانا» دەپ نام بېرىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بىڭتۇەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دۆلەت ئىچىدە نامى چىققان جىڭجۈ سەنئەتكارلىرىدىن ماۋۇ لىياڭ، جاڭ لىجۈەن، ۋاڭ يىڭپىي، لۇيارۇ، يۈمىڭكۈي،



لوخۇيلەن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاتاقلىق ئارتىسلار شىنجاڭنىڭ جىڭجۈ تىياتىر سەھنىسىگە چىقىپ، چېگرا رايوننىڭ سەنئەت بېغىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق گۈلگە ئايلىنىپ قالدى.

## چىنچياڭ ناخشىسى

چىنچياڭ مۇزىكىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ئەلنەغمە تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرۈدىغان بولساق ئۇنى جىڭجۈ تىياتىرىنىڭ ئاساسچىسى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقالغانلىقىغا ئۇزۇن زامان بولدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئۈرۈمچىگە ئارتىسلار كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇلار يول بويىدا كالتەك ئۇرۇشۇپ غەزەلخانلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغاچقا شۇ چاغدا «غالتەك ئويۇنى» دەپ ئاتالغان. 1890 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان پىشقەدەم چىنچياڭ سەنئەتچىسى ۋۇجەنتاۋ دېگەن كىشى ئۈرۈمچى قىزىل تاغ بۇتخانا يىغىلىشىدىن پايدىلىنىپ بىكار يۈرۈۋاتقان چىنچياڭ سەنئەتچىلىرىنى يىغىپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى چىنچياڭ چاقچىلە ئۆمىكى - «شىنشىڭ چاقچىلە ئۆمىكى» نى قۇرغان. ئۇلارنىڭ قىزىل تاغ ئىبادەتخانا يىغىلىشىدا قويغان ئويۇنى قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن.

20 - ئەسىردىن كېيىن، شەنشى يۇرتداشلار جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، «شىنشىڭ چاقچىلە ئۆمىكى» شەنشى، گەنسۇ، شەنشىلىك چىنچياڭ ئارتىسلىرى بىلەن بىر-

لىنىپ «سەنخي ئۆمىكى» گە ئۆزگەرگەن. سەنخي چاغچىلە ئۆمىكى ئۇزۇلۇكسىز تۈردە شەنشى، گەنسۇلۇق يۇرتداشلار جەمئىيىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. 1917 ـ يىلى ۋە 1925 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سەھنە جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان.

30 ـ يىللاردا سەنخي چاغچىلە ئۆمىكى داشىن كوچىسىدىكى جۇڭجۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارقا قورۇسىدا «تىيانشان تىياتىر ئۆمىكى» نى قۇردى. بۇ چاغدا خېبېي باڭزىنىڭ «جىلىبەن» مۇ جۇڭجۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىدىكى قورودا شىنشىن تىياتىر ئۆمىكى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن داشىن كوچىسىدا كۈندە تىياتىر قويۇلۇپ تۇرۇلغاچقا جۇڭجۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى ئۈرۈمچىنىڭ تىياتىر مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە تىياتىرخانىنىڭ سىرتىنى ئاددىي يېمەك ساتىدىغانلار ئورىۋالاتتى پەنەر گاز چىراقلار ھەممە ياقنى يورۇتۇپ بەك ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى.

بۇ چاغدا، ئۈرۈمچىنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە تازا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان چىنچياڭ ئارتىسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «تىيانشان تىياتىر ئۆمىكى»گە توپلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە نام چىقارغانلاردىن چىن يۈكۈي، شۈي يۈۋمەي، يۇشياۋ، ليۇخۇيفاڭ، ليۇفېڭيىڭ قاتارلىقلار بار.

چىن يۈكۈي بولسا ھەر تەرەپتىن ماھارەتلىك ئارتىس بولۇپ، قويۇق بومبو ساقاللىق، مەيدىسى تۈكلۈك ئىدى، شۇڭلاشقا بەزىلەر ئۇنى ئۇيغۇر دېيىشەتتى، يەنە بەزىلەر ئۇنى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىپ كەلگەن «چەن داجىڭ» نىڭ ئۆزى دېيىشەتتى. بۇ ئادەم ئاتاقلىق چىنچياڭ داجىڭ



بولۇپ، شىنجاڭ چۈيزى تىياتىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇيالايتتى، سونباي، 3 تارلىق چالغۇ غىجەك قاتارلىق چالغۇ، ئەسۋابلىرىنى چالالايتتى.

تىيانشان تىياتىر ئۆمىكىدە 30 ـ يىللاردىن باشلاپ ئارتىسلار سەھنىگە چىقىدىغان بولدى. ليۇخۇيفاڭ دەسلەپ خېبېي باڭزىنى دوراپ ئېيتقان بولسا، كېيىن چىنچياڭ ئېيتىشقا ئۆزگەرتتى. يەنە ليۇفېڭيىڭ ئىسىملىك ئارتىس بولۇپ، ئۇ يۈيشياڭنىڭ شاگىرتى ئىدى. يۈيشياڭ بىر مەزگىل «تىيانشان تىياتىر ئۆمىكى» دە ئۆمەك يېتەكچىسى بولغان، ئۇ قىزلارنىڭ رولىنى ئالىدىغان بولۇپ، ئاتاقلىق چىنچياڭ ئارتىسى ھېسابلىناتتى.

1939 ـ يىلدىن باشلاپ «تىيانشان تىياتىر ئۆمىكى» دە بۆلۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلىدى، بىر قىسىم ئارتىسلار سانجىغا كەتتى. قېپقالغانلىرى «چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسى تىياتىر ئۆمىكى» گە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۆمەك يېتەكچىسى لى خېڭشىن قوشۇمچە چامباشچىلىق ۋە ھەزىلكەش روللىرىنى ئالاتتى. ئۇ شەنشىلىك بولۇپ، لەقىمى «قىزغانچۇق» ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە شاگىرتى يەن ۋەنچىڭنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسى ئىچىگە كىرىپ ئارتىس بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شاگىرت قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا دەرس بەردى. 39 ـ يىلدىن كېيىن تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى بىلەن لى خېڭشىن ئۆمەكنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئارتىسلارنى باشلاپ ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسى تىياتىرخانىسىنى 2 گە بۆلۈپ، ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدىكى تىياتىرخانىغا ئۆزگەرتىپ «شىنجۇڭ تىياتىرخانىسى» نى قۇردى.

«شىنجاڭ تىياتىرخانىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن لى خېڭشىن چاغچىلە ئۈمىكىنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ، بىر گۇرۇپپىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇشتى، يەنە بىر گۇرۇپپىغا دۇمباقچى شىن يۇگسەن يېتەكچىلىك قىلىپ چاغچىلىقخانىدا قېلىپ ئويۇن قويۇشنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىر راھىب تولا، ئوماچ ئاز، كىرىم ـ چىقىمنى قامدىيالماسلىقتەك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئالدى. نەتىجىدە سىرتقا چىققان بىر گۇرۇپپا سىرتقى ناھىيىدىكى كەڭ ئامىمىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ خېلى كۆپ پايدا ئاپقان. بۇنىڭ بىلەن تىياتىرخانىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىقتىسادىي ئاساس ھازىرلانغان.

بۇ چاغدا شىنجاڭ تىياتىرخانىسىنىڭ سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان گەنسۇلۇق پىششىقەدەم ئارتىس ياڭ سەنشىڭ (يەنە بىر ئىسمى ياگىمىڭ) ساقاللىقلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقاتتى، ئۇ كۆپلىگەن ئويۇنلارنى بىلەتتى. ئۇلار «خۇاگخي سېپى»، «سىمانىڭ مۇنبەرگە تازىم قىلىشى»، «شەپقەتسىز بالا»، «قارا ياغاچ خەنجەر»، «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش» قاتارلىقلار بولۇپ قويۇلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ھەم رول ئالاتتى، ھەم رېژىسسورلۇق قىلاتتى، ئۇ شىنجاڭ تىياتىرخانىسىنىڭ تايانچىسى ھېسابلىناتتى.

ئۇندىن باشقا يەنە جۇدېگيۈن ئىسىملىك گەنسۇلۇق بولۇپ ئۇمۇ ئويۇن ئويناشقا ۋە ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن بولۇپ چىنچياڭ ۋە چاغچىلە ئويۇنلىرىنىڭ يېڭى مايىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە تۆھپىسى بار ئىدى. مەسىلەن: كىچىك چامباشچى شېن دېچېڭ، ساقاللىقلارنىڭ رولىنى ئالىدىغان ۋاڭ باۋ-



شۈن قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى، يەنە بىر، بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال ئارتىس بولۇپ ئىسمى جىن شۈلەن ئىدى. ئۇ چاغچىلىدە شوخ قىزلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقاتتى. ئۇ ۋاڭ دېشۇنىڭ شاگىرتى بولۇپ، رەسمىي سەھنىگە چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئېيتىش، ئوقۇش، رول ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تولىمۇ ماھارەتلىك ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشى ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ھېسابلىناتتى.

1945 ـ يىلى ئەتراپىدا گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ساۋەنلىك ۋاڭ گۈيلەن ئىسىملىك ئايال سەنئەتچى بولۇپ، ئۇ چىنچياڭ تىياتىرىنىڭ داڭلىق ئارتىسى چىن يۈكۈينىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇمۇ ئۈرۈمچىنى بىر مەزگىل زىل ـ زىلىگە كەلتۈردى. ۋاڭ گۈيلەننىڭ كۆز ئاغرىقى بولۇپ، «سوغۇق گەمە» دېگەن ناخشىدىكى ۋاڭ باۋچۈەننىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ئوقۇغاندا بەزىلەر ئۇنى «قارغو باۋچۈەن» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ دەل شۇ كۆز ئەيىبى تىياتىرغا ئالاھىدە تۈس قوشۇپ بىر مەزگىل قىزىق پاراڭ بولۇپ تارقىلىپ يۈردى.

ئۈرۈمچىدىكى چىنچياڭ ئارتىسلىرى شىئەندىن كەلگەنلەر، گەنسۇدىن كەلگەنلەر، يەرلىكلەر دەپ 3 گۇرۇھقا ئايرىش مۇمكىن.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چىنچياڭ ئارتىسلىرى غەربىي شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن چىنچياڭ تىياتىرخانىسىغا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نومۇرلار ۋە

يېڭى ئارتىسلار قوشۇلۇپ، ئۈرۈمچى چىنچىياڭ تىياتىر سەھنىسىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتتى. دەسلەپ لىپىشىنلەن 1946 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ رەسمىي ئايال رولىنى ئېلىپ چىقىپ ناخشا ئېيتتى، كېيىن ئاۋازى پۈتۈپ قالغانلىقتىن كەسپىنى ئۆزگەرتىپ سازەندە بولۇۋالدى.

1947 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەردىن لىپىشىنلەنىڭ ئۇستازى چېن جىڭمىڭ، داڭ يۈتىڭ، ۋاڭ باۋخۇا ۋە «ئۈچ ۋاڭ» دەپ ئاتالغان ۋاڭ يىمىڭ، ۋاڭ جېنمىڭ، ۋاڭ بىيپىڭ قاتارلىقلار بار. «ئۈچ ۋاڭ» بىلەن لىپىشىنلەن قاتارلىق كىشىلەر چىنچىياڭ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ۋاڭ يىمىڭ خېلى ئۇزۇن مەزگىل شەھەرلىك چىنچىياڭ تىياتىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى. ۋاڭ جىڭمىڭنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق بولغاچقا ھەر خىل روللاردا ناخشا ئېيتىشنى تەتقىق قىلغان. ھەر قېتىم ئويۇن باشلىناي دېگەندە بىرەر ئارتىس مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەھنىگە چىقالماي قالسا، ئۇ كۆكرەك كېرىپ سەھنىگە چىقىپ، ئەھۋالنى ئوڭشىۋالاتتى ھەمدە ئالقىشقا ئېرىشەتتى. ۋاڭ بىيپىڭنىڭ سەنئەت بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، ئاھاڭ، سۆز، مەشىق قىلىش قاتارلىقلاردا ئاساسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بەختكە قارشى كېسەل تارتىپ ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە تەزىيە سۆزىدە ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق پىشقەدەم چىنچىياڭ سەنئەتكارى دەپ ئاتىدى.

1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىق



ئۈرۈمچىدىكى چىنچىياڭ تىياتىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن 49 - يىلغا كەلگەندىن كېيىن ئەھۋال جىددىي بۇرۇلۇش ياساپ، چوڭ بۆلۈنۈش، چوڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ھالىتى يۈز بېرىپ شىنجۇڭ تىياتىرخانىسى ئومۇميۈزلۈك ۋەيران بولۇشقا تاس قالدى. بۇ چاغدا چېن لىشىندىن باشقا ۋاڭ يىمىڭ باشچىلىقىدىكى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئارتىسلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى. ئۆمەكتە 20 نەچچىلا ئادەم قېپقالدى. ھېلىمۇ ياخشى دۇمباقچى ساڭجوڭ، سازەندە لىپىشىنلەنلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەپلەپ - سەپلەپ ئويۇن قويۇپ تۇردۇق.

ئۆمەكتىكى ئاساسلىق كىشىلەردىن ۋاڭ باۋشۇن باشلىق 20 نەچچە كىشى گوڭجۇڭ ئەتراپىغا بېرىپ ئۆمەك تەشكىللەپ ئويۇن قويۇپ باققان بولسىمۇ، تۇرمۇشىنى قامدىيالمىغانلىقتىن ئۆمەكنى تارقىتىۋېتىشتى. ۋاڭ باۋشۇن ئالتايغا كەتتى، قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكىگە كىردى.

ۋاڭ يىمىڭ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم كىشى چىفېڭ تىياتىر ئۆمىكىگە قاتناشتى (ھازىرقى ئالغا تىياتىرخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى). چىفېڭ تىياتىر ئۆمىكى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 5 - ئاتلىق جۈنى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماسىبۇ ئۆزى پۇل چىقىرىپ قۇرغان ئۆمەك ئىدى. 1949 - يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا ماسىبۇ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ بارلىق سەھنە جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن چىفېڭ تىياتىر ئۆمىكىمۇ ۋەيران بولدى. ۋاڭ يىمىڭ قاتارلىقلار خېبېي باگزىنىڭ تىياتىر سەھنە جابدۇقلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ شىبېي تىياتىر ئۆمىكىنى قايتىدىن قۇرۇپ

ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئويۇن قويۇپ كۈن ئۆتكۈزدى.

چىنچياڭ تىياتىرى مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا شىنجاڭ ئازاد بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۈگىشەي دەپ قالغان چىنچياڭ تىياتىرىغا يېڭىدىن ياشاش پۇرسىتى تۇغۇلدى.

1950 ـ يىلى شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ لى شىنلەن، ۋاڭ جاۋچىڭ قاتارلىق 8 كىشىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلىپ كوللېكتىپ ئىگىلىكى تۈزۈمىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىبېي تىياتىر ئۆمىكىدىكى ۋاڭ يىمىڭ قاتارلىقلارمۇ شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكىگە قايتىپ كەلدى.

قايتىدىن تەشكىللەنگەن شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكى سىرتقا چىقىپ يېڭى يول ئېچىشقا بەل باغلىدى. ئۇلار پۇل قەرز ئېلىپ ھارۋا ياللاپ سانجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويدى. سانجى، ماناس ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار ۋە خەنزۇلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا چىنچياڭ تىياتىرىغا ئالاھىدە ئىشتىياقى بار ئىدى. ئۇنى يەرلىك ئاھاڭ دەپ قارايتتى. يىراق ـ يېقىن ئەتراپتىكى كۆپلىگەن دېھقانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئويۇن كۆرەتتى. بىز بۇ قېتىم بۇ قەدەمنى توغرا بېسىپتىمىز. بۇنىڭ بىلەن قەرزلىرىمىزنى قايتۇرۇپلا قالماي يەنە جۇغلانمىمىزمۇ بار بولدى.

شىنجۇڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە زورىيىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. شەھەرلىك پارتكوم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ليۇ گۇيبۇ، جاڭ تەيلۇ ۋە ئوۋجىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى ئۆمەككە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن



تىياتىر ئۆمىكىمىز 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان ئۆمەككە تەرەققىي قىلدى. 1958 ـ يىلى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئۆمەككە ئايلاندى.

شەھەرلىك چىنچياڭ ئۆمىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى قويۇپلا قالماي، يەنە ئۈرۈمچىدە قويۇلغان زامانىۋى تىياتىرلار ئىچىدىمۇ خېلىلا ئالدىدا ماڭدى. 50 ـ يىللاردا ئۇلار «نامراتلارنىڭ نەپرىتى»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. 60 ـ يىللاردا «3 ئەۋلادنىڭ قىساسى» دېگەن تىياتىرنى ئوينىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسى تىياتىر ئۆمىكىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدى. تىياتىرخانا ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن 1959 ـ يىلى دۆلەت ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى چىنچياڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئورنىغا يېڭى تىياتىرخانا سېلىپ بەردى. سۈرلۈك، كونا چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانا تىياتىرخانىسى، چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسى بىلەن قوشۇپ ئۇزۇل ـ كېسىل بىكار قىلىنىپ چىرايلىق كەڭتاشا بولغان يېڭى تىپتىكى تىياتىرخانا قەد كۆتەردى. بۇ ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك چىنچياڭ تىياتىرخانىسىنىڭ ئورنى — شىنخۇا تىياتىرخانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چىنچياڭ تىياتىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلىگەن چاغدا مېنىڭچە چىنچياڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئوينىغان رولىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە تىياتىر ئۆمىكى — جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ بىڭتۇەنى شەنشىدىكى چاغدا ئۆتكۈزۈۋالغان ۋەيرانە بولغان

يەرلىك تىياتىر ئۆمىكى بولۇپ، بۇلاردا باللار كۆپ بولغاچقا «باللار ئۆمىكى» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن 17 ـ دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن ئارتىسلار سىياسەت، مەدەنىيەت، سەنئەت ئۆگىنىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقىي سەنئەت قوشۇنىغا ئايلاندى. ئىنجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە بولسۇن ياكى دېموكراتىك ئىنقىلابتا بولسۇن مېڭجىن تىياتىر ئۆمىكى ئەزەلدىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تەشۋىقىي ـ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە نومۇرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ۋاقتىدا تەييارلاپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك ماسلاشتى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئىستىلى مۇستەھكەم بولۇپ، ئويۇن قويۇشتا جىددىي پوزىتسىيە تۇتاتتى، ھەمىشە لىيەندۈيلەرگە چۆكۈپ، لىيەندۈيمۇ ـ لىيەندۈي بېرىپ ئويۇن قويۇپ كەڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

## خېبېي باڭزى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭ، تيەنجىن رايونلىرىدا ھەر يىلى ئاپەت بولۇپ تۇرغانلىقتىن كۆپلىگەن كىشىلەر يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئايلىنىپ يۆرۈپ شىنجاڭغا كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە بېيجىڭ، تيەنجىنلىك ئاھالىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ خېلىلا كۈچكە ئىگە «بېيجىڭ، تيەنجىن گورۇھى» شەكىللەندى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ ئويۇنى ـــ خېبېي باڭزىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. 1891 ـ يىلى خېبېيلىق سودىگەر ۋاڭ شىزېن ئۈرۈمچىدىكى خېبېي باڭزىنى ئېيتالاي-



دىغان سەنئەتچىلەرنى تەشكىللەپ تۇنجى خېبېي باڭزى تىياتىر ئۆمىكى ـــ «جىلىبەن» قۇرۇپ، قىزىل تاغ بۇتخانا سەيناسىدا ئويۇن قويدى. بۇ چاغدا «جىلىبەن»نىڭ ھېچقانداق سەھنە جابدۇقلىرى بولمىغاچقا، سەھنىدە ئولتۇرۇپلا گىرىمسىز ھالدا ھەرىكەتسىز ناخشا ئېيتاتتى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن «جىلىبەن» دىكىلەردىن موليەنجۇن، لى شۇچۈن قاتارلىقلار «تيەنلىبەن»نى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا 1924 ـ يىلى ئەتراپىدا تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى. بىر قىسمى يەنىلا «جىلىبەن»گە قاتناشتى. «جىلىبەن» بېيجىڭ، تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېرىشىپ تۇردى. 1917 ـ يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا چاڭچىلە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەييارلاپ، ئارتىسلار قوشۇنىنى كۆپەيتىپ سەھنىدە گىرىمسىز، ھەرىكەتسىز ناخشا ئېيتىشتىن گىرىم قىلىپ «نەن تيەنمېن» ، «قارىغايزارلىق» قاتارلىق ئارىيە ئويۇنلارنى قويالايدىغان بولدى.

20 ـ يىللاردا «جىلىبەن» تازا گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋر بولۇپ، ئىچكىرىدىن كەلگەن خېبېي باڭزى، بېيجىڭ تىياتىرى، شەرقىي شىماللىق ئارتىسلارنى قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلىپ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق تىياتىر ئۆمىكى بولۇپ شەكىللەندى، لېكىن خېبېي باڭزا يەنىلا ئاساس قىلىندى.

20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئەسلىدە خان ئوردىسىدا مەخسۇس خان جەمەتىگە ئويۇن قويغان ئوردا ئويۇنچىسى، داڭلىق خېبېي باڭزا ئارتىسى «لى خېبېيېر» (لەقىمى خېبېيلىق قاراۋاي دېگەن كىشى) ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاۋۋال «تيەنلىبەن» گە كىردى، كېيىن «جىلىبەن» گە كىردى. ئۇ «ئوردىغا ئۈچ قېتىم

كىردىش»، «جىن شىياڭلەن» قاتارلىق ئويۇنلارنى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىغان. بۇ ئادەمنىڭ يۈزى مىس ھەيكەلگە ئوخشايتتى، ئاۋازى جاراڭلىق بولغاچقا «دىڭشياڭۋاڭ بۇتخانىسى» (ھازىرقى تىيانشان دالۇنىڭ ئودۇلىدا) ناخشا ئېيتسا بۇتخانىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا ئۇمۇ بىر مەزگىل ئۆزىنى كۆرسەتتى.

بۇ مەزگىلدە شەرقىي شىمال، خېبېي قاتارلىق جايلاردىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن داڭلىق خېبېي باڭزا ئارتىسلىرىدىن يەنە ۋاڭ كۈيشېڭ، دۇ باۋلىن، جاڭ ۋېيجۇڭ ۋە ۋاڭ كۈيشېڭنىڭ شاگىرتى جاۋ دېفېڭ قاتارلىقلار بار.

ۋاڭ كۈيشېڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىر قىسىم يېڭى نومۇرلارنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ئالاھىدە ئېغىزغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئۇ «بەش پالۋان» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى تولۇق ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ شۇ چاغدا ئىچكىرىدە ئاستا-ئاستا يوقۇلۇپ كېتىشكە باشلىغان ئىدى. ھازىر بۇنى بىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاز.

دۇ باۋلىن ئالا يۈزلەر رولىنى ئالىدىغان ئارتىس بولۇپ، ئۇ جاڭ فېيىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىپ نام چىقارغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ چاڭچىلە ئويناشنى مەشىق قىلغان بولۇپ، سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتقان، قىشمۇ-ياز جاپاغا چىداپ مەشىق قىلغان. ئۇستازى ئۇنى ئوردا ئايىقىنى كىيىپ مۇز ئۈستىدە چۆگىلەشنى، موللاق ئېتىشنى، بىر پۇتى بىلەن تىك تۇرۇشنى ...... بۇيرۇغاندا جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ چامباشچىلىق ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. دۇ باۋلىن 1923-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ «جىلىبەن» گە



قاتناشتى، ئۇ كەلگەن ۋاقىت دەل 12-ئاينىڭ 16-كۈنىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا جىن شۇرېن «جىلىبەن»گە ئۆزى ئۈچۈن بەزمە تەييارلاشنى بۇيرۇق قىلغاندا كۆپچىلىك قانغىچە كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن دۇ باۋلىننى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرىنچى بولۇپ ئويۇن قويۇشقا قىزىقتۇردى. دۇباۋلىن خۇشاللىق بىلەن «گۇەن نىشىڭنى تۇتۇۋېلىش»نى ئوينىدى. ئۇ يەتتە يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىن ئىككى ئۈستەلنى قاتلاپ قويۇپ ئۈستىدىن موللاق ئېتىش بىلەن بىر موللاق ئېتىپلا يەرگە تىك تۇرالايتتى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نامىغا لايىق بىلگىسى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەپسۇسكى، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئەپيۇن چېكىدىغان يامان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغاچقا ئۆزىنىڭ سەنئەت باھارىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

جاڭ ۋېيجۇڭ ئۈرۈمچىنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە 20 يىلدەك ئۆزىنى كۆرسەتكەن ساقاللىقلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققۇچى ئاتاقلىق ئارتىس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى يۇرتى خېبېيدا تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ ئائىلىنىڭ يوقىدىن كۈيئوغلىنىڭ قېشىغا پانا ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ «جىلىبەن» گە كىرگەن.

20-يىللاردا خېبېي باڭزىدىكى ئارتىسلار ئىچىدە چامباشچىلىق ماھارىتى بىلەن تونۇلغانلاردىن يەنە شى چاڭشۇ، ۋۇ جىنچېڭ، خې جىنشيا قاتارلىقلار بار.

شى چاڭشۇ ھەزىلكەش موللاقچى بولۇپ، يۇرتى بېيجىڭلىق، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئويۇنلىرىدىن «توققۇز ئەجدىھا رومكىسىنى ئوغرىلاش»، «يولۋاس جىلغىسىدا يېتىش» قاتارلىقلار بار. جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە جەنۇبىي

شىنجاڭدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى پەيدا بولغانلىقتىن شى چاڭشۇ ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتى ئۈستۈن بولغاچقا قىلىچلىقلار دۈيىگە باشلىق قىلىنغان. شى ـ چاڭشۇ بىر قېتىملىق قىلىچۋازلىق ئۇرۇشىدا قاتمۇ ـ قات مۇ ـ ھاسىرىگە ئېچۈشۈپ قالغاندا قولىدىكى قىلىچنى پۇلاڭلىتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياقتا سەكرەپ يۈرۈپ سول تەرەپتىكىگە زەربە بېرىپ، ئوڭ تەرەپتىكىنى چېپىپ بوش كەلمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆزىدىن كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي ئۇر ـ چاپ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن، ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق بىر ياخشى ھەزىلكەش موللاقچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن توپ يېمى قىلىۋېتىلىپ، قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى.

«تۆت ئوغۇل» دەپ نام ئالغان ئەر چامباشچى خې جىنچىڭ ۋە «تۆت كىچىك ئوغۇل» دەپ نام ئالغان ئالا يۈز چامباشچى خې جىنشىيالارنىڭ ئالاھىدە ماھارىتى بار ئىدى.

خېبېي باڭزا تىياتىر ئۆمىكى 20 ـ يىللاردىن 30 ـ يىللارغىچە ئۈرۈمچىنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

1933 ـ يىلى «جىلىبەن»، «دىڭشىياڭۋاڭ بۇتخانىسى» دىكى سەھنە ئاساسىدىن پايدىلىنىپ گۇاڭمىڭ تىياتىرخانىسىنى قۇردى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي شەرقىي يولدىكى قازاق ئاقساقاللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇرھان شەھىدىنى باركۆل، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى، بۇرھان شەھىدى كۆپلىگەن مال ۋە «جىلىبەن» نى ئېلىپ سەككىز ماشىنىلىق كاتتا قوشۇن تەشكىللەپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. قەمەرىيە 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گۇچۇڭغا يېتىپ بېرىپ شەنشىلىك



يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا «قەدىمىي شەھەردە ئۇچرىشىش» «يەن لياڭ بىلەن ئېلىشىش» قاتارلىق گوەنگوك تىياتىرلىرىنى ئوينىدى ھەم ماشىنا ئەترىتى بىلەن بىللە باركۆلگە يېتىپ بېرىپ، قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ بېشى (كونىچە «ئەرۋاھ بايرىمى» ئىدى) دە، «جىلىبەن» باركۆلدىكى چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانا سەيلىسى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويدى ھەمدە باركۆلدىكى شەنشىلىك يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا قازاق ئاقساقاللىرى ۋە ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا مەخسۇس ئويۇن قويۇپ بەردى.

قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «جىلىبەن» بۇرھان شەھىدى بىلەن بىللە قۇمۇلغا كەلدى. قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس شۇ كۈنى كەچتە بۇرھان شەھىدى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. يولۋاس سۆھبەت مەزگىلىدە ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تىياتىر ئۆمىكى ئۇنىڭ مەھكىمىسىدە بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويۇپ بەردى. يولۋاسمۇ ئويۇننى بىللە كۆردى.

«جىلىبەن» قۇمۇلدىكى گەنسۇلۇق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا ئويۇن قويۇپ بەردى. ئويۇن يولۋاس ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشى ئاستىدا قويۇلدى. بۇرھان شەھىدى ۋەزىپىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. يولۋاس «جىلىبەن» نى ئېپقېلىپ قويۇپ بەرمىدى، شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسى يولۋاسقا تېلېگرامما بەرگەندىن كېيىن ماشىنا ئەۋەتىپ «تىياتىر ئۆمىكى» نى ئاپىرىپ قويدى.

«جىلىبەن» نىڭ شەرقىي يول سەپىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىش، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇ ـ

روش، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇندىن باشقا بۇ ئۆمەك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن سەييارە ئويۇن قويۇشقا كەلگەنلىكتىن جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ كىرىمىمۇ خېلى كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا داشىزخاڭ كوچىسىدىكى «جوڭجۇ ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئالدىدىكى قورۇسىدا «شىنشىن تىياتىرخانىسى» قۇرۇلدى.

«جىلىبەن» دە داۋۇت ئىسىملىك بىر نەپەر ئۇيغۇر ئارتىس بار ئىدى. داۋۇت ئۈرۈمچىلىك بولۇپ، ئۆيى شىياۋنەنمېن ئەتراپىدا ئىدى، دادىسى ناۋايلىق قىلاتتى، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قىيىن ئىدى. داۋۇت تۇغما ئەقىللىق بولۇپ ناھايىتى تىرىشچان ئىدى. بالا ۋاقتىدا ھەمىشە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ساتىراچ دۇكىنىغا بېرىپ، ساتىراچنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىپ يۈرۈپ ھەر ۋاقىت چاچ ئېلىش ھەرىكىتىنى، تۇرۇش ھالىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، چاچ ئېلىش ماھارىتى جەھەتتىكى مۇھىم قائىدىلەر ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگەن. ئاخىرىدا ئۇستام ئۆگەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزى ئۆگىنىپ 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ساتىراچلىق كەسپىنى ئىگىلىۋالغان.

«جىلىبەن»دىكى ئارتىسلارنىڭ ياتىقى داۋۇتنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئارتىسلار كۈندە ئەتىگەن، كەچ مەشق قىلغاندا ئۇ بىر تەرەپتە كۆرۈپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭدا چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولۇپ، بىر تەرەپتە تۇرۇپ دوراپ مەشق قىلغان، بەش - ئالتە يىللىق جاپالىق مەشق قىلىش



ئارقىلىق رەسمىي ئارتىس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشقا ئاساس ياراتقان.

داۋۇت ساتىراچلىقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، دەسلەپ «جىلىبەن» گە كېلىپ ئارتىسلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويۇپ يۈردى. ئۆمەك يېتەكچىسى ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، چامباشچىلىقتىمۇ ئاساسى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئادەم يېتىشمىگەن چاغلاردا ئۇنى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا سالدى، كېيىن خې جىنشيا ئۇنىڭ چىداملىق، تىرىشچان، تەن ساپاسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى رەسمىي شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر خېبېي باڭزا ئارتىسى بولۇپ قالدى.

داۋۇت 40 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۇچۇڭ، چاپچال قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆمەك تەشكىللەپ خېبېي باڭزا ئېيتتى. بىرقانچە يىل ئاۋۋال ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇستازى بۇرۇنقى ھەمراھلىرى ۋە ئاغىنىلىرىنى يوقلىدى. ئۇ ھازىرمۇ چاپچالدا تىياتىر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

1939 - يىلى «جىلىبەن» دە يەنە بىر قېتىم بۆلۈنۈش يۈز بەردى، بىر قىسمى قايتىدىن «گۇاڭمىڭ تىياتىرخانىسى» غا قايتىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى ئىلىغا كەتتى. 1941 - يىللىرى ئەتراپىدا ئىلىغا كەتكەنلەر يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ھازىرقى ئالغا تىياتىرخانىسىنىڭ ئورنىدا غەربىي شىمال تىياتىر ئۆمىكىنى قۇردى.

40 - يىللاردا خېبېي باڭزا تىياتىرى سەھنىسىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن داڭلىق ئايال ئارتىسلاردىن ئىككىسى بولۇپ بىرسىنىڭ ئىسمى ۋېي يەنفاڭ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ساۋشىنفىن

ئىدى. ئۇلار 1942 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدى.

ۋېيى يەنفاڭ شەرقىي شىمالىلىق بولۇپ، خېيبىي باغزا ئېيتىشنى ئاساس قىلاتتى ھەم شەرقىي - شىمال ناخشىلىرىنىمۇ ئېيتاتتى، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش، ئوقۇش، رول ئېلىش ماھارىتى خېلىلا ئۈستۈن ئىدى. كىشىلەر ئۇنى گۈزەل - نازىنىن دەپ ئاتىشاتتى، ئۇ بەزىدە نازاكەتلىك ۋە مۇلايىم ئوبرازلارنى ياخشى ئورۇنلىيالايتتى.

ساۋشىنفىن ئىچكىرىدە خېلىلا داڭقى چىققان خېيبىي باغزا ئارتىسى ھېسابلىناتتى. دەسلەپ «جىلىبەن» بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە ئالدۇردى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى تاماشىبىنلارغا «ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئەرز قىلىشى»، «تۆت جىنشى»، «قوش تىل تۇمار» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى.

40 - يىللىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى خېيبىي باغزىلار خارابلىشىشقا باشلىدى. 1946 - يىلى غەربىي شىمال تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈدىغان تاماشىبىنلار تېزدىن ئازىيىپ كەتتى، ئارتىسلارنىڭ تۇرمۇشى كۈنسايىن قىيىنلاشتى. بۇ چاغدا جاۋدېفېڭ قاتارلىقلار تاماشىبىنلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشتەك پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن داڭلىق چاڭچېڭلە - شىچۈي ھەۋەسكارى جاڭ چىڭشياڭنى «تۆت يىگىتنىڭ ئاپىسىنى يوقلىشى» دېگەن تىياتىرنى ئويناشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن دەرۋەقە تاماشىبىنلار كۆپىيىپ كەتتى، جاڭ چىڭشياڭ ئىككىنچى كۈنى لەنجۇغا كەتكەن بولسىمۇ غەربىي شىمال تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈدىغانلار يەنىلا كۆپىيىشكە باشلىدى ھەمدە



بۇ بىر مەزگىل داۋاملاشتى.

1948 - يىلدىن كېيىن غەربىي شىمال تىياتىر ئۆمىكىنىڭ كۈنى يەنىلا قىيىنلىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن «خېيبىي باغزا تىياتىر ئۆمىكى» ئازادلىق ھارپىسىدا ئۈن - تىنسىزلا يوقاپ كەتتى.

«جىلىبەن» قۇرۇلغاندىن تارتىپ تارقىلىپ كەتكىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە ياڭ، جىن، شېڭ ۋە گومىنداڭ قاتارلىق بىر قانچە تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇلار كونا جەمئىيەتتە ئويۇن قويۇپ پۇل تېپىپ جان بېقىشنىڭ نەقەدەر جاپالىق بولغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۆمەك تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارتىسلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشاش ئۈچۈن يىراق ياقىقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى، قېپقالغانلارمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك جەھەتلەردە بەكلا قىيىنلىشىپ ئېچىنىشلىق ھالدا قالدى. مەسىلەن: شەھەرلىك جىڭجۈ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەرھۇم جاۋدېفېڭ ئۆمەك تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، نامرات ئائىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىچىك تىجارەتچىلىك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا جان باقالماي ئامالسىز رىكشىچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى باقتى.

ھازىر ئۈرۈمچىدە خېيبىي باغزىنىڭ پىشقەدەم ئارتىسلىرىدىن ھېچقانچىلىك ئادەم قالمىدى، كۆپچىلىكى يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە.

## خوتەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرى

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانجۇ، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىقلارنىڭ ئارمىيە - ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىدە تىياتىر ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىمۇ تەدرىجى ھالدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، چىڭ دەۋرىدە شىنجاڭغا پالانغان ئەدىب جى شاۋفېڭنىڭ 1768 — 1770 - يىللىرى يازغان «ئۈرۈمچىدىكى پارچە خاتىرىلەر» دېگەن ماقالىسىدە: «ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىدە بىر قانچە يەردە مەيخانا بولۇپ، شۇ يەردە كۈندە ئويۇن قويۇلىدىكەن، ئازراق پۇل تۆلىسىلا ئويۇن كۆرگىلى بولىدىكەن. پايتەختتىكى ئەھۋالغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن»، «بىر قانچە يەردە تىياتىرخانا بار ئىكەن، كەلگەنلەر ئىچىدە كۈنچۈي تىياتىرىنى بىلىدىغانلار ئۆز ئالدىغا بىر گۇرۇھ بولۇپ، خاڭجۇدىن كەلگەن چىڭسىنى ئۆزىگە باشلىق قىلىۋاپتۇ، ناخشىچىلىرىدىن بىر قانچىسى بولۇپ دەسلەپتە پېيىۇ، پېيجىنلار ئۇلارغا باشلىق بوپتۇ، يېقىن ئەتراپتىكى سانجىغا كۆچۈپ بارغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ يېڭى بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن بۇ تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ مۇقىم بىر ئويۇن قويۇدىغان تىياتىرخانىسى يوق ئىدى، كىيىم - كېچەك، سەھنە جابدۇقلىرىمۇ يوق ئىدى. پەقەت كوچا ۋە مەيخانىلاردا ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى.

1875 - يىلى ليۇجىنتاڭ باشچىلىقىدىكى شياڭجۈن ئەسكەرلىرى (خۇنەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان) ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز يۇرتى خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرىنى ئېلىپ كەلدى. چىڭ خانلىقى جەمەتىدىن بول-



غان زەيلەن دېگەن ئاقسۆڭەك شۇ چاغلاردا خان ئوردىسى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە پالانغان بولۇپ، ئۇ، شياڭجۈن ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق ناخشىسىنى ئېيتالايدىغان ئەسكەرلىكتىن بوشانغان خادىملارنى تەشكىللەپ ئۇلارغا «چىڭخۇابەن» دەپ نام بېرىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئويۇن قويغۇزۇپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، «چىڭخۇابەن»، «زۇگۇڭسى» (ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست تۈزلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئارقىسىدا) دا تىياتىرخانا قۇرۇپ، بېلەت سېتىپ رەسمىي ئويۇن قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن تىياتىرخانا ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزىنىڭ تىياتىر كىيىم - كېچەكلىرى، سەھنە جابدۇقلىرى بولغان، گىرىم قىلىپ ئويۇن قويالايدىغان تىياتىر ئۆمىكى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ تىياتىر كىيىم - كېچەكلىرى بۇتخانىدىكى بۇتساتۋانىڭ ئۈستىدىن ئالماشتۇرغان كونا تون، كىشىلەردىن تىلىۋالغان ياكى سېتىۋالغان رەختلەردىن تىكىلگەن بولغاچقا ھەممىسى كونىراپ كەتكەن كىيىم ئىدى.

«چىڭخۇابەن» ئارتىسلار كەم بولۇش ۋە كىيىم - كېچەك، سەھنە جابدۇقلىرى قاتارلىقلار قىس بولۇش سەۋەبىدىن «پادىچى بالا»، «ليۇ خەينىڭ تومۇزغا ئوينىشى» قاتارلىق كىچىك تىياتىرلارنى قويۇش بىلەن چەكلەندى، بۇ تىياتىرلارنىڭ مەزمۇنى قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە ئىدى. ئاھاڭى، تەلەپپۇزى جەھەتتىمۇ مەلۇم بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. يەنە بەزىبىر ئىدىيىۋى مەزمۇنى شەھۋانىيپەرەس بولغان ناچار تىياتىرلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنى ئۇزۇندىن بۇيان قويۇش جەريانىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى.

شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، باشقا تىياتىر ئۆمەكلىرىمۇ تەدرىجى ھالدا گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن

سەھنە جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، كۈچلۈك رىقابەتلىشىشنى قانات يايدۇردى. 20 - يىللار ئەتراپىدا «چىڭخۇابەن» دە يەنە ياۋ فامىلىلىك بىر ئارتىس بار ئىدى. كېيىن شىياڭجۈن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىگە قايتىپ كەتكەنلىكتىن ئۇمۇ شۇلار بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىرتتا ئېقىپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە خۇنەنلىكلەر بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىشكە باشلىدى. تاماشىبىنلارمۇ ئازىيىپ كەتتى، ئاخىرى 20 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرى» ئۈرۈمچىنىڭ تىياتىر سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.

ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى سەنداۋبا بۇرۇن شىياڭجۈن ئەسكەرلىرىنىڭ بوز يەر ئاچىدىغان يېرى بولۇپ، خۇنەنلىكلەر بۇ يەرگە خېلىلا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرىنى خېلى ياخشى كۆرەتتى. 1943 - يىلى ئەتراپىدا «چىڭخۇابەن» دىن كېيىن خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرىدىن يەنە بىرسى مەيدانغا كەلدى. لى شاۋلىن، زىڭ فۇسەن قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىر تەرەپتىن خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرمۇشتا قىينالغانلىقتىن ئويۇن قويۇپ كىرىم قىلىپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ تىياتىر ئۆمىكىنى قۇرغان ئىدى. لى شاۋلىن باشچىلىقىدىكى 10 نەچچە ئادەم بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىنكى ھېرىش - چارچاشقا قارىماي كەچلىرى ئولتۇرۇشلاردا ئويۇن قوياتتى، بايلار كېچە - كېچىلەپ نەغمە ناۋا، ئويۇن - تاماشادىن لەززەتلىنەتتى، بۇلارنى ھايات ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ھېلىقى كىشىلەر بىلەن سېلىش-



تۇرغاندا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەھۋال ئىدى.

1936 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ چاغدا «زۇگۇڭ-سى» نىڭ ئالدىدىكى خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرخانىسى «يۇەنشىن تىياتىرخانىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ چۈيزى تىياتىر ئۆمىكى مۇشۇ يەردە ئويۇن قويۇدىغان بولدى. كېيىن كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى تىياتىر ئۆمىكى نۆۋەت بىلەن ئويۇن قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

لى شاۋلىننىڭ خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە بىر يىلدىن كۆپرەك ئويۇن قويغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئاز بولغانلىقتىن كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالماي ئۆزۈل-كېسىل ۋەيران بولدى.

## شىنجاڭ چۈيزى تىياتىرى

شىنجاڭنىڭ چۈيزى تىياتىرى — شەنشىنىڭ مېيخۇ تىياتىرى ۋە لەنجۇنىڭ چۈيزى تىياتىرى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەرلىك تىياتىر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ چۈيزى تىياتىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مۇستەقىل بىر تىياتىر شەكلىگە ئايلانغان ئىدى، لېكىن ئۇ خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرۈپ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندىلا يۇەنشىن تىياتىر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ چۈيزىسىنى ئورۇنلاشنى ئاساس قىلىدىغان تىياتىر ئۆمىكىنى قۇردى.

يۇەنشىن تىياتىر ئۆمىكىمۇ خېلى بۇرۇنلا قۇرۇلغان بولۇپ،

دەسلەپ «لاۋجۇن بۇتخانىسى» (ھازىرقى خۇگچۇڭنىيۈەن مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا) دا ۋاڭ فۇنىڭ مەسئۇللۇقىدا چىڭچىياڭ ۋە شىنجاڭ چۆيزى ناخشىسىنى ئېيتتى. ۋاڭ فۇ ئارتىس ئەمەس ئىدى. ئۇ چايخانا ئېچىپ ئوقەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىق قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىگە خېرىدار تارتىش ئىدى. 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ تىياتىر ئۆمىكى كېڭىيىشكە باشلاپ بۇنىڭغا ليۇ زۇچۈەن يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى ھەمدە ئۇلار «لاۋجۇن بۇتخانىسى» دىن «زۇگۇگسى» (ئەسلىدىكى خۇنەن گۇللۇك دۇمباق تىياتىرخانىسىنىڭ ئورنى) غا كۆچۈپ كەلدى.

## يۈەنشىن تىياتىر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ چۆيزى تىياتىرى

بۇ ليۇزۇچۈەندىن كېيىن جاڭ چۈەن باشلىق بولغان چاغلاردىن باشلاپ ھەقىقىي تۈردە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سىرتقى ناھىيىدىن خې لاۋليۇ ئىسىملىك داڭلىق ئارتىس كەلدى. خې لاۋليۇ يۈەنشىن تىياتىر ئۆمىكىگە كىرگەندىن كېيىن كۇرس ئېچىپ شاگىرتلارغا دەرس بېرىپ بىر تۈركۈم ياش چۆيجۇ تىياتىر ئارتىسلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە خېلىلا داڭقى چىققانلاردىن خۇ لىمىڭ (لەقىمى جان ئالىدىغان بالا)، ۋېي گۈيخۇڭ، ما شيۇجېن قاتارلىقلار بار.

يۈەنشىن تىياتىر ئۆمىكىدىكى شىنجاڭ چۆيزى تىياتىر ئۆمىكىنى باشقا خىلدىكى تىياتىر ئۆمەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇلارنىڭ كۆلىمى بەكلا كىچىك بولۇپ، بىرئاز قىسقاراق بولغان ئۈزۈندە ئويۇنلارنىلا مەسىلەن: «سۇ سېتىش»، «دۆيخۇا



(ئىككى كىشىلىك ناخشا)»، «جاڭ لياڭنىڭ رەخ سېتىشى»، «ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئەرز قىلىشى» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينىيالايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچىسى مىشچانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان پەس شەھۋانە ئويۇنلار ئىدى. بۇ ئۆمەكتىكى ئارتىسلار قوشۇنى بەكلا مۇرەككەپ بولۇپ، چاكچىلىكەشلەر ئىچىدە ھەقىقىي سەنئەتكارلار، سۇنغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ، ھەتتا پاھىشە ئاياللار، مەخپىي جالاپلار بار ئىدى. شۇڭلاشقا نامى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئوقۇغان ناخشا تېكىستلىرىمۇ بارغانسېرى شەھۋانىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مېڭىش - تۇرۇشىمۇ پەسكەش ئىدى، بۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، تىياتىرخانىنىڭ ئۇسكۈنىلىرىمۇ بەكلا ئاددىي، زالنىڭ ئىچى خىرە، سەھنە تار ئىدى. تاماشىبىنلار ئەگرى - بۈگرى بولۇپ قالغان، كونىراپ كەتكەن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. سەھنە بىر قانچە دانە كېرسىن لامپىسى بىلەن يورۇتىلاتتى.

1945 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، يۈەنشىن تىياتىرخانىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رېمونتسىز قالغانلىقتىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئۆمەكنىڭ ماغدۇرى يەتمىدى، ئۆمەكتىكى كۆپ ساندىكى ئارتىسلار گۇچۇڭغا كۆچۈپ كەتتى. شۇڭلاشقا گۇچۇڭدا شىنجاڭ چۆيزىسىنىڭ تارقىلىش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولدى.

ئۈرۈمچىدە يەنە تەخمىنەن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان بىر پىشقەدەم ئۇيغۇر خەلق سەنئەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئېنىق ئەمەس. ئۇ سۇناي بىلەن شىنجاڭ چۆيزىسىنى ئورۇنلايتتى ھەمدە ئالا يۈزلەرنىڭ چىڭچىياڭ ناخشىلىرىنى ئېيتالايتتى. شۇڭا ئۇ «چەن داجىڭ» دەپ

ئاتالغان. شىنجاڭ چۆيزى تىياتىر جەھەتتە ئۇ ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ساقاللىقلارنىڭ رولىنى، ئايالالارنىڭ رولىنى، چىمپار يۈز ھەزىلكەش روللارنى ئورۇنلىيالايتتى، ئۇ ھەقىتىكى ناخشىلارنى ئېيتالايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەلەپپۇزى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. تىياتىر ئۆمىكى بەزىدە ئوچۇقچىلىقتا ئويۇن قويسا ئۇ سەھنىنىڭ تۆۋىنىدە تۇرۇپ سۇناي بىلەن ئۈز لايىقىدا تەڭكەش قىلىپ بېرەتتى، ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار سەنئەتچىلەر سەھنىنىڭ تۆۋىنىدە تۇرۇپ تەڭكەش قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ بىلەتتى.

شىنجاڭ چۆيزى تىياتىرىنىڭ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلىگەنلىكىدىكى سەۋەب، بىرى، ئۇ يەرلىك تىياتىر تۈرى بولغانلىقى، ئىككىنچىسى، سازلارنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى ئاددىي، تەلەپپۇزى ئېنىق، ئاممىباب، ئۆگىنىشكە، ئوقۇشقا ئوڭاي، سەھنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىدى.

## ئەلنەغمە

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئالدىدا ئەلنەغمە ئۈرۈمچىدە مۇقىم بىر تەشكىللىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئەلنەغمە ئورۇنلايدىغانغا تىياتىرخانىمۇ يوق ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جاڭ ياچىن مەسئۇللۇقىدا «زۇگۇڭسى» دىكى سابىق خۇنەن گۈللۈك دۇمباق تىياتىرىدا شەرقىي شىمال ناخشىسىنى، دۇمباق بىلەن قوشاق ئېيتىش قاتارلىقلارنى خور قىلىپ ئېيتتى، بۇ ئۈرۈمچىدە شۇ چاغدىكى



تۇنجى ئەلنەغمە ئۆمىكى ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇ ئۇزۇن تۇرالمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «زۇگۇڭسى» نىڭ تىياتىر سەھنىسىنى يۆەنشىن تىياتىر ئۆمىكى ئىگەللىۋېلىپ، لىيۇ زۇچۈەن باشچىلىقىدا شىنجاڭ چۆيزى تىياتىرىنى قويۇشقا باشلىدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئەلنەغمە ئارتىسلىرى كوچىلاردا غەزەلخانلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئارتىسلار تولا يۆتكىلىپ يۈرۈشەتتى، بەزىلىرى ئۈرۈمچىدە قىسقا مۇددەت ئويۇن قويغاندىن كېيىن باشقا يۇرتقا كېتەتتى.

40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شياۋشىمىن ۋە داشىمىن ئەتراپى بارا - بارا ئەلنەغمە ئارتىسلىرى بىر قەدەر مۇقىم ھالدا يىغىلىپ ئويۇن قويىدىغان سورۇنغا ئايلاندى.

ۋاڭ جەنشىن، لىيۇ خۇيمىن، تۇڭ تيەنيۇڭ قاتارلىق پىنگشۇ (يۇقىرى ئاۋازدا ھېكايە ئېيتىش) ئارتىسلىرى شياۋشىمىندىكى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئويۇن قويدى، ئويۇندا ئۆلۈك ھالدا ئوقۇپلا بېرەتتى، ھېچقانداق ھەرىكەت ۋە ئىپادە بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇننىڭ نەتىجىسىمۇ دېگەندەك ياخشى بولمايتتى.

ياڭ شىشياڭ، ۋاڭ يۈيتەن، مېي يىسەن، گو شىيۇڭ قاتارلىق 3 كىشى داشىمىندىكى شەنشى بۇتخانا يولىنىڭ ئېغىزىدا ئويۇن قويدى، مېي يىسەن ۋە گوشىيۇڭلارنىڭ ئويۇن قويۇش ئەھۋالى شياۋشىمىندىكى ۋاڭ جەنشىڭلارنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ياڭ شىشياڭ، ۋاڭ يۈيتيەنلەرنىڭ ئورۇنلىشى سەل ياخشى ئىدى. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئويۇن قويدى. مەيداننى بورا بىلەن ئوراپ، ئورۇندۇق قويۇپ مەيداننى خېلىلا مۇقىملاشتۇرغان ئىدى. ئۇلار ئويۇن قويغاندا

تېكىستكە قارىماي ئورۇنلىيالايتتى. ۋاڭ يۈتيەن پىڭشۇ ئېيتاتتى. ياڭ شىشياڭ بامبۇكنى چېكىپ قوشاق ئېيتاتتى، ئۇنىڭ بۇ ئويۇنى پىڭشۇغا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ ئورۇنلىغان «ياڭ ئائىلىسىدىكى باتۇر» دېگەن ئويۇن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1950 - يىلى ئاتاقلىق پىڭشۇ ئارتىسى، ھازىرقى شەھەرلىك ئەلنەغمە ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش بەن سۇڭلىڭ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە شەنشى بۇتخانا يول ئېغىزىدا لاپاس تىكىپ ئويۇن قويۇپ، ئەلنەغمە قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۆچىنى يەنىمۇ كۆچەيتكەن ئىدى.

1953 - يىلى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن بۇ ئەلنەغمە ئارتىسلىرى بىرلىشىپ ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى، بۇ 20 - يىللاردا جاڭ ياچىنىڭ ئەلنەغمە ئۆمىكىدىن كېيىنكى مەيدانغا كەلگەن ئىككىنچى بىر ئەلنەغمە تەشكىلى ھېسابلىنىدۇ.

1953 - يىلدىن 1955 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دەنىدۇڭ، شىجياجۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئەلنەغمە ئارتىسلىرى كەلدى، مەسىلەن: لى گوجۈن، لى چىڭيۈەن، لى گۈيچىڭ قاتارلىقلار. بۇنىڭ بىلەن ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى تەدرىجى ھالدا كېڭىيىشكە باشلىدى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئاممىنىڭ ئەلنەغمىگە بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 1955 - يىلى دۆلەت 30 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىنىڭ غالىبىيەت تىياتىرخانىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تىياتىرخانا سېلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەلنەغمە جەمئىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، بەن سۇڭلىڭ ئۇنىڭغا مۇدىر بولدى.



1955 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە شەندۇڭنىڭ كويبەن قوشىقى ئېيتىدىغان، شياڭشېڭ ئېيتىدىغان، شې داگۇ (دومباق بىلەن قوشاق ئېيتىش) ئېيتىدىغان، تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالىدىغان ئارتىسلار ئارقا-ئارقىدىن كەلدى، مەسىلەن: لىيۇ ئەيخۇا، سۇن شىدا، جىڭ شاۋسەن، گاۋ شاۋلىڭ، خاۋ شيۇلەن، سۇن جېنشىن قاتارلىقلار. بۇ ئارتىسلارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈرۈمچىنىڭ ئەلنەغمە سەھنىسىنى تېخىمۇ بېيىتتى، بۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك ئەلنەغمە جەمئىيىتى 1955 - يىلدىن باشلاپ تەرەققىي قىلىپ ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئەلنەغمە تەشكىلاتىغا ئايلاندى.

**新疆文史资料选辑（19）**（维吾尔文）

中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆医学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 10.5印张
1986年8月第1版 1986年10月第1次印刷
印数：1—8,000

统一书号：M11098·185　定价：0.79元
（内部发行）

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (19)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 10.5
1986 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1986 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 11098.185
تىراژى: 1 — 8,000
باھاسى: 0.79 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

书号：M 11098·185
定价：　0.79元
（内部发行）